# خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش قوللانمىسى



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بۇ كىتابنى «فۇشىڭ» بىرىكمە ئوغۇتىنى ئىشلىتىپ
مول هوسۇل ئالغان خېرىدارلارغا بېغىشلايمەن!

هۆرمەت بىلەن: مۇختەر قارى

2010 - يىل 11- ئاينىڭ 8 - كۈنى

# خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش قوللانمىسى

تۈزگۈچى: دولقۇن ھېكىم چىنار




شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى






兵团农资
岳普湖县分中心











# كىرىش سۆز

ئوغۇت زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئوغۇت سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، دۆلەت مەيلى قايسى خىل ئوغۇت بولسۇن، ئۇنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇشنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ كەلدى. بۇ جەھەتتە دۆلەت ھەر يىلى مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجرىتىپ نازارەت قىلىشنى يولغا قويىدى ھەمدە ئايلاپ تەكشۈرۈشنى دائىملاشتۇردى. ئوغۇت سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش يالغۇز نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش بىلەن ھەل بولمايدۇ. بۇنىڭغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشتا، ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ساتقۇچىلار، ئىشلەتكۈچىلەر ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرگۈچى قاتارلىقلارنىڭ بىردەك ماسلىشىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ئوغۇت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن - قائىدە، نىزاملار، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە مەھسۇلات ئۆلچىمىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. نۆۋەتتە خىمىيەۋى ئوغۇت ساتقۇچىلار خىمىيەۋى ئوغۇت توغرىسىدىكى بىلىملەرنى چۈشەنمەسلىك، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار خىمىيەۋى ئوغۇت سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتكۈچىلەر خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىلمىي ئىشلىتىشنى بىلمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللار مەۋجۇت.

بۇ كىتاب توققۇز بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى بۆلەكتە خىمىيەۋى ئوغۇت توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەر، ئىككىنچى بۆلەكتىن يەتتىنچى بۆلەككىچە خىمىيەۋى ئوغۇت ساتقۇچىلار ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر، سەككىزىنچى بۆلەكتە خىمىيەۋى ئوغۇت توغرى-

سىدىكى قانۇن، قائىدە - نىزاملار، توققۇزىنچى بۆلىكىدە خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۈنۈملۈك ئۆلچىمى سۆزلىنىدۇ. كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ساتقۇچىلار، ئىشلەتكۈچىلەر، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرگۈچىلەرگە نىسبەتەن يېتەكچى بولۇش ۋە يول كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ.


**شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى**

**2010 - يىل 10 - ئاي**

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى  ئوغۇت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە**..............1
1. ئوغۇت دېگەن نېمە ....................................1
2. ئورگانىك ئوغۇت دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق ... 1
3. خىمىيەۋى ئوغۇت دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار .... 3
4. مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسى ... 4
5. يوپۇرماق ئوغۇتى دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار ......... 5
6. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار ... 6
7. چىرىندى كىسلاتالىق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار ... 7
8. كومپلېكس (بىرىكمە) ئوغۇت (BB ئوغۇتى) ................. 7
9. تەدرىجىي ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار .................................. 9
10. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار .................................. 9
11. ئاساسىي ئوغۇت، ئۇرۇق ئوغۇتى ۋە قوشۇمچە ئوغۇت دېگەن نېمە .................................. 10
12. بىرىكمە باكتېرىيەلىك ئوغۇت دېگەن نېمە، قانداق رولى بار ...... 11
13. ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرى قايسىلار .................. 12
14. تەڭ نىسبەتلىك ئوغۇتلاش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ..... 13
15. ئوغۇت ئۈنۈمى ۋە قوشۇمچە ئۈنۈمى دېگەن نېمە ........... 13
16. ئوغۇتنىڭ ماسلىشىشچانلىق قېلىپى دېگەن نېمە ........... 14
17. ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى دېگەن نېمە ............... 15

18. زىرائەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا قايسى خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ ........................ 15
19. ئوزۇقلۇق ماددىلار بىر - بىرىنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ - يوق ........................................ 16
20. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئوغۇتلارنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 16
21. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى قايسى ........................ 18
22. خىمىيەۋى ئوغۇت قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ ............ 19
23. قايسى خىل خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ........................ 20
24. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئانئورگانىك ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ پايدىلىق تەرىپى قايسىلار .................. 20
25. بىرىكمە ئوغۇت بىلەن يەككە ماددىلىق ئوغۇتنى سېلىشتۇرغاندا قانداق ياخشى ۋە ناچار تەرەپلىرى بار .................. 22
26. كومپلېكس ئوغۇت بىلەن باشقا ئوغۇتلار (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ قانداق پەرقى بار ........................ 24
27. ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت بىلەن بىرىكمە ئوغۇتنىڭ قانداق پەرقلىرى بار ........................................ 25
28. ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت، بىرىكمە ئوغۇت، قۇرۇق ئارىلاشتۇ- رۇلغان ئوغۇت، ئورگانىك - ئانئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئېنىقلىمىلىرى نېمە ........................................ 27
29. مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنىڭ پىرىنسىپلىرى قايسىلار ............ 27
30. كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نى قاچىلىغاندا نېمە ئۈچۈن ئوروسىغا «خىلور تەركىبلىك» بەلگىسى قويۇلمايدۇ ........................................ 29
31. فوسفورلۇق ئوغۇتتىكى تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد ۋە

تىرىخلوروئاتسېتىك كىسلاتاسىنىڭ زىرائەتلەرگە كەلتۈرىدىغان
زەھىرى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرى قايىسلار ............... 30

**ئىككىنچى ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار** ................................ 32

32. ئوغۇت بەلگىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە تەلەپلىرى
قايىسلار .................................... 32

33. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ بەلگىسىدىكى مەزمۇنلار نېمىلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ ...................................... 33

34. كومپلېكس (بىرىكمە) ئوغۇتتىكى ئومۇمىي ئوزۇقلۇق تەر-
كىبىنىڭ مىقدارى ئوغۇت ئورىسىدا قانداق قوللىنىلىشى
كېرەك ............................................ 36

35. ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار مەھسۇلات بەلگىسىنى ئۆلچەمسىز
قىلىپ قويسا قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ......... 38

36. تەركىبىدە ئازوتلۇق سېلىترا، لىمون كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان
(构溶性) فوسفور بار بولغان ئوغۇتنىڭ بەلگىسى ئورۇسىدا
قانداق ئىپادىلىنىدۇ ................................ 39

37. ئوغۇتنىڭ سۈپەت ئىسپاتنامىسىدىكى مەزمۇن ۋە تەلەپلەر
قانداق بولىدۇ ..................................... 39

38. لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولغان مەھسۇلاتقا بەلگە قويغاندا
ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇرىنى ئەسكەرتىش
كېرەكمۇ - يوق ........................................ 40

39. كېرەكسىز سۇلفات كىسلاتاسىدىن ئىشلەنگەن كالتسىي سۇپېر
فوسفاتنىڭ زىرائەتلەرگە زىيىنى بولامدۇ؟ كارخانىلار تىز-
گىنلەشتە قايسى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ ................... 41

40. ئورىيا تەركىبىدىكى بىئورېتنىڭ مىقدارى بەك يۇقىرى بولۇپ
كەتسە زىرائەتلەرگە قارىتا قانداق تەسىرى بولىدۇ ......... 43

41. كومپلېكس ئوغۇت (BB ئوغۇتى) بۆلۈنۈپ كېتىش ھا-
دىسىسىنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك ........ 44
42. ئورگانىك - ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنىڭ سۈ-
پىتىنى قانداق قىلغاندا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ ........ 44
43. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مونەك بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب نېمە،
ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك ........ 46
44. كومپلېكس ئوغۇتنىڭ لاياقەتسىز بولۇپ قالغانلىرىنى قانداق
بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ........ 47
45. زاۋۇتتىن چىقىرىشتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈش بىلەن نازارەت
قىلىپ تەكشۈرۈشنىڭ قانداق پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى بار ..... 48
46. قانداق ئەھۋالدا كارخانىلار مەھسۇلات ئۆلچىمىنى بېكىتىدۇ ..... 49
47. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى بېكىتىشكە قانداق تە-
لەپلەر قويۇلىدۇ ........ 50
48. قايسى خىل ئوغۇتقا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى كېرەك ..... 51
49. فوسفورلۇق ئوغۇت، كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش
ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىشنىڭ تەرتىپلىرى قانداق بولىدۇ ..... 52
50. «دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش
ئىجازەتنامىسى ئېلىش ئىلتىماسى»نى تولدۇرغاندا نېمىلەرگە
دىققەت قىلىش كېرەك ........ 54
51. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماسىنى يازىدىغان
كارخانىلارغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ ........ 56
52. كومپلېكس ئوغۇت (بىرىكمە ئوغۇت) ئىجازەتنامىسىنى
ئىلتىماس قىلغاندا كارخانىلار قانداق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈ-
نىلىرى، ھۈنەر - تېخنىكا ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈ-
نىلىرى ھازىرلىشى كېرەك ........ 58
53. كالتسىي سۇپېر فوسفات ئوغۇتىنى ئىشلەپچىقىرىش
ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار قانداق ئۈسكۈ-

نە، ھۈنەر ـ تېخنىكا قوراللىرى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى ھازىرلىشى كېرەك ........................ 61
54. كارخانىلار ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىش مەزگىلىدە ئوغۇتنى قانداق ئىشلەپچىقىرىپ ساتىدۇ ........ 65
55. قىسمەن ئوغۇتلارغا نېمە ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنا ـ مىسى بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ، مەقستى ۋە ئەھمىيىتى نېمە ........................ 65
56. ئوغۇتنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى نېمە ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلىدۇ ........................ 68
57. قايسى خىل ئوغۇتنى تىزىملىتىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ..... 69
58. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسى ........................ 69
59. باشقا ماتېرىيال قوشۇپ ياسىلىدىغان كومپلېكس ئوغۇتنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك .... 71
60. كارخانىلارنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .... 73
61. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى خام ئەشيانىڭ سۈپىتىگە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا موھتاج بولامدۇ ـ يوق ........ 74

ئۈچىنچى ئوغۇت ساتقۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ........................ 76
62. قانداق ئورۇن ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ ... 76
63. ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلارغا قويۇ ـ لىدىغان تەلەپلەر قايسى ........................ 77
64. ئوغۇت تىجارەتچىلىرى قايسى خىل ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى تاللاپ سېتىش كېرەك ........................ 78
65. ئوغۇت تىجارىتى قىلىدىغانلارغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ .... 80

66. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاشتا قانداق مەسئۇلىيەتلىرى بار ........................................ 82

67. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا قانداق تەلەپلەر ھازىرلىنىشى كېرەك .................... 83

68. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا مەھسۇلات كىرگۈزگۈچىلەر تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا دىققەت قىلىدىغان قانداق بەلگىلىمە بار ................................ 84

69. مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىكى مەقسەت نېمە، ئۇنىڭ رولى ۋە دائىرىسى قانداق بولىدۇ ................ 85

70. تىجارەتچىلەر ئوغۇتنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك .................... 86

71. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارەتچىلىرى بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسدا تاۋار ياكى مۇلازىمەت قىلىش سۈپىتى جەھەتتە تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ...................................... 87

72. تىجارەتچىلەر ساختا، ناچار خىمىيەۋى ئوغۇت ساتسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ................................ 88

73. كىم ساتسا شۇ مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ...................................... 88

74. مال ساتقۇچى كۆزىتىش ۋە ئۆلچەشتە لاياقەتسىز بولۇپ قالغان خىمىيەۋى ئوغۇتلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ..... 89

75. خىمىيەۋى ئوغۇتنى ساقلاشتا قانداق تەلەپلەر بار .......... 89

76. ئوغۇتلارنى قانداق ئەھۋالدا ئۈستى ئوچۇق ئورۇندا ساقلىغىلى بولىدۇ ........................................ 90

77. خىمىيەۋى ئوغۇتنى توشۇش جەريانىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ................................ 91

78. ئوغۇت ئامبىرىغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ ................ 92
79. خىمىيەۋى ئوغۇت ئامبارلىرىدىكى ئوغۇت دۆۋىسى نومۇرى
قانداق بولىدۇ ........................... 93
80. ئوغۇت ئامبىرىنىڭ مۆتىدىللىكى، نەملىكىنى قانداق تەڭشەش،
تىزگىنلەش كېرەك ....................... 94
81. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا مال ساتقۇچىلارنىڭ ۋاقتى
ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا
بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قانداق بەلگىلىمە بار ........... 96
82. ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلات ئۇقۇمى ۋە
ئۇنىڭ كونكرېت ئالامەتلىرى قايسى .................. 97
83. لاياقەتسىز مەھسۇلات ئۇقۇمى نېمىگە قارىتىلىدۇ ........... 98
84. ساختا مەھسۇلات ياساش ئۇقۇمى نېمىگە قارىتىلىدۇ ....... 98
85. ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى قوشۇشنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى
قانۇنغا خىلاپ باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن قانداق پەرقى بار ..... 99
86. لاياقەتسىز مەھسۇلاتنى لاياقەتلىك مەھسۇلات قىلىپ كۆر-
سىتىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى ئارىلاشتۇ-
رۇشنىڭ قانداق پەرقى بار ..................... 100
87. قانۇن، قائىدە - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم تەلىپى بو-
يىچە كاپالەت بېرىش شەرتى دېگەن نېمە، ئېنىق كاپالەت
بېرىش شەرتى دېگەن نېمە ...................... 100
88. ئىمپورت قىلىنغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى سېتىشتا قانداق بەلگە
تەلەپ قىلىنىدۇ ........................... 101

## تۆتىنچى ئوغۇتقا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ................ 103
89. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە
قانداق بەلگىلىمىلەر بار ...................... 103

90. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇ ـ
رۇش جەريانىدا نۇقتىلىق ھالدا قانداق ئەھۋاللارنى نازارەت
قىلىش ـ باشقۇرۇش كېرەك .............. 104
91. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىن نۇسخا ئېلىشتىن ئاۋۋال
نېمە ئۈچۈن نۇقتا بېكىتىلىدۇ .............. 105
92. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ
تەكشۈرۈشتە قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملارغا قويۇلىدىغان
تەلەپلەر قايسى .............. 106
93. نىشانلىق كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش دېگەن نېمە، نىشانسىز
كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش دېگەن نېمە .............. 107
94. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىن نۇسخا ئېلىشتا قايسى
نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك .............. 108
95. خىمىيەۋى ئوغۇت تاۋارلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ
تەكشۈرۈشتە نۇسخا ئېلىنغان قاپ سانى ۋە ئېلىنغان نۇسخا
مىقدارى قانداق ھېسابلىنىدۇ .............. 110
96. پارچە خىمىيەۋى ئوغۇتتىن قانداق نۇسخا ئېلىنىدۇ ........ 111
97. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ
تەكشۈرۈش جەريانىدا قېپى (ئورىمى) يىرتىلىپ كەتكەن،
ئېچىۋېتىلگەنلىرىدىن نۇسخا ئېلىشقا بولامدۇ .............. 113
98. قانداق ئەھۋالدا تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە بېرىلگەن جازاغا
نارازى بولۇش كېلىپ چىقىدۇ .............. 114
99. ئىش قوشۇلغان خىمىيەۋى ئوغۇت بەلگىسىنىڭ توغرا ـ
خاتالىقىنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك .............. 115
100. مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار قايسى شەرتلەر ـ
نى ھازىرلىشى كېرەك .............. 117
101. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار قايسى خىل
قىلمىشلارنى سادىر قىلسا جازالىنىدۇ .............. 118

102. مەمۇرىي جازا قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ ............ 118
103. مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى «بەشنى ئاشكارىلاش» تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى قايسى ............ 119
104. مەمۇرىي جازاغا چېتىلىدىغان مال ـ مۈلۈك سوممىسى قانداق ھېسابلىنىدۇ ............ 121
105. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان تارماقلار ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك ............ 122
106. كۆزىتىپ تەكشۈرۈشتە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىكى سۈپەت مەسىلىسى قانداق بىرتەرەپ قىلىنىدۇ ............ 122
107. ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتلارنى قايسى نۇقتىلاردىن تۈزەش كېرەك ............ 123

**بەشىنچى ئوغۇت ئىشلەتكۈچىلەر بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار** ............ 129

108. خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 129
109. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 131
110. خىمىيەۋى ئوغۇتنى قانچە كۆپ ئىشلەتسە شۇنچە ياخشىمۇ ... 133
111. مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمى نېمە ............ 134
112. ئاممونىي ھىدرو كاربونات ئوغۇتنى تۇپراققا چوڭقۇر بەرسە نېمە ئۈچۈن ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ ............ 136
113. بىرىكمە ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 137
114. كىسلاتالىق، ئىشقارلىق، نېيترال ئوغۇت دېگەن نېمە ..... 138
115. زىرائەتلەرنى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلىغاندا نېمىلەرگە

دىققەت قىلىش كېرەك ........................ 140
116. قانداق قىلغاندا ئاممونىي ھىدرو كاربونات ئوغۇتىنىڭ ئۈنۈ ـ
منى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ .................. 142
117. كالىي سۇلفات بىلەن كالىي خلورىدنىڭ قانداق پەرقى
بار ........................................ 143
118. ئوغۇت سۈپىتىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ قانداق ئاددىي ئۇ ـ
سۇللىرى بار ................................ 144
119. ئاگاھلاندۇرۇش چۈشەندۈرمىسى دېگەن نېمە ........... 147
120. زىرائەتلەردىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ كەملىكى قانداق
ئېنىقلىنىدۇ ................................ 147
121. ئوغۇتلارنىڭ مەھسۇلات بەلگىسى قايسى تەلەپلەرگە ماس
كېلىشى كېرەك ............................. 148
122. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ئىشلەتكەندە ۋە ساقلىغاندا ئۈنىڭدىن
زەھەرلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك .... 149
123. ئورىيا تەركىبىدىكى زىيانلىق ماددا زىرائەتلەرگە زىيان سالسا،
قايسى خىل قوشۇمچە تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ .... 152
124. ساختا، ناچار، يالغان ئوغۇت ئىشلىتىپ، مايسا زىيانغا ئۇچرىسا
قايسى تارماققا ئىنكاس قىلىش كېرەك ............... 152
125. سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان «12315» نىڭ مەنىسى نېمە، مەجبۇرىيىتىچۇ .... 153
126. دېھقان ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشتا
ئاساسلىنىدىغان قانۇن ـ نىزاملار قايسىلار ........... 154
127. ئۈنۈملۈك تالون دېگەن نېمە .................... 155

**ئالتىنچى خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار** ... 156

128. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى لابوراتورىيەلىك

تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى قايسىلار ............ 156
129. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى
لابوراتورىيە خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىگە قارىتا قانداق
تەلەپلەر بار ............ 157
130. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابو -
راتورىيە بۆلۈمىنى باشقۇرۇشنىڭ نىشانى نېمە ............ 158
131. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابو -
راتورىيە خادىملىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسىلار ...... 159
132. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لا -
بوراتورىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى جايلاشتۇرۇشقا قانداق
ئۆلچەم قويۇلىدۇ ............ 161
133. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابو -
راتورىيە ئىشلىرى قايسى خىل ئاپپارات - ئۈسكۈنىلەردە
تەكشۈرۈلىدۇ ............ 162
134. تەجرىبىخانىدا پاكىزلىقنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كۆر -
سىتىدىغان تەسىرى قانداق بولىدۇ ............ 163
135. تارازا ئىشلىتىشنىڭ پرىنسىپلىرى قايسى ............ 165
136. خىمىيەۋى رېئاگېنت ئۆلچىمى قانچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ ... 166
137. تەييارلانغان رېئاگېنت ئېرىتمىسىنىڭ سۈپىتى نېمە ئۈچۈن
ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ............ 168
138. ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنى تەييارلاشتا
نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 169
139. ئۆلچەملىك رېئاگېنت دېگەن نېمە، ئۇ قايسى شارائىتلارنى
ھازىرلىشى كېرەك ............ 171
140. لابوراتورىيەلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ بەلگىسى نەچچىگە
بۆلۈنىدۇ ............ 172
141. ئۇنۇملۇك سان دېگەن نېمە، ئۇ قانداق بېكىتىلىدۇ ....... 172

142. ئاساسي سانىنى توغرا قىلىشنىڭ پىرىنسىپلىرى قايسىلار ... 173
143. سىستېما خاتالىقى دېگەن نېمە، تاساددىپىي خاتالىق دېگەنچۇ ........................ 174
144. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ ........................................ 175
145. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرگەندىكى ئەسلىي خاتىرىسىگە قارىتا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ ..................... 176
146. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لا - بوراتورىيە بۆلۈملىرى قانداق ئەھۋال ئاستىدا خىلور ئىيونىنى تەكشۈرىدۇ ............................. 177
147. ئورگانىك - ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت تەر - كىبىدىكى قايسى كۆرسەتكۈچ فورما تەجرىبىسى قىلىنىدۇ، كارخانىلار تەكشۈرۈشكە بولمايدىغان تۈرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ ........................................ 178
148. ئورىيا ئوغۇتىدىكى بىئۇرېت (缩二尿) نىڭ مىقدارىنى بەلگىلەشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 178
149. دىستىلەنگەن سۇدا تېمىتىش ئۇسۇلى بىلەن بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئومۇمىي ئازوت مىقدارىنى ئېنىقلاشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 180
150. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلىشتا قايسى تەلەپلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك ................................................ 181
151. مەھسۇلات فورمال تەجرىبىسى دېگەن نېمە ............ 182

**يەتتىنچى ئوغۇتنىڭ سۇپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار** ............ 184
152. ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش دېگەن نېمە، تەكشۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىش دېگەن نېمە ............ 184
153. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۆلچەملىك ۋاكالەت نومۇرى ۋە ئا - دەتتىكى نومۇرى قانداق ئىپادىلىنىدۇ ............ 185
154. ئوغۇت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈشتە قايسى شەرت - شارائىت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشى كېرەك ............ 187
155. سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنىڭ رولى ۋە مەقستى نېمە ............ 189
156. نېمە ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت سۈپىتى بەك مۇھىم بولىدۇ ............ 190
157. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسىلار ............ 191
158. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسى ............ 193
159. خىمىيەۋى ئوغۇت سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈ - رۈشتىكى ئاساسلار قايسى ............ 194
160. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەر - يانىدا نۇسخا ئېلىشنىڭ تەلىپى قانداق بولىدۇ ............ 195
161. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلات سۈپىتىگە نازارەت قىلىش - ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە قانداق ئەھۋالدا نۇسخا ئېلىنمايدۇ ..... 197
162. مەھسۇلات سۈپىتىگە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىز - مىتىدە نۇسخا ساقلاشنىڭ تەلىپى نېمە ............ 197

163. «0» نىڭ ئۈنۈملۈك سان تەركىبىدە قانداق رولى بار ..... 200
164. تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى خاتالىقنىڭ تۈرى ۋە مەنبەسى قايسىلار ......................... 201
165. تەكشۈرۈشنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىنچىكىلىكىنىڭ مەنىسى نېمە ........................................ 203
166. سېلىشتۇرما تەجرىبە دېگەن نېمە، مەقسىتىچۇ ............ 203
167. لابوراتورىيە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئىشلەتكەندە نېملەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ................................ 204
168. ئۆلچەم ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش بېكىتىش دەۋرى دېگەن نېمە، مەنبە خاراكتېرلىك (性源溯) دېگەنچۇ .... 204
169. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ نۇسخىسىنى تەكشۈرۈشتە نېمە ئۈچۈن بوشلۇق تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ ........... 205
170. بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇتنى بەلگىلەش جەريانىدا 4 ـ نومۇرلۇق ئەينەكلىك تېگىلچە قانداق يۇيۇلىدۇ .......... 206
171. بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئازوتنىڭ ھالىتى قانداق بولىدۇ ................................... 206
172. ئېلېكترونلۇق تارازا ئورنىتىش مەيدانى ۋە ئۈنى ئىشلىتىشتە قانداق تەلەپلەر بار ...................................... 207
173. مەھسۇلات تەكشۈرتكۈچى تەرەپنىڭ نارازىلىق قىلىش ـ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نارازىلىق پىكرى بولسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ .................................... 209

**سەككىزىنچى خىمىيەۋى ئوغۇتقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن بىلىملىرىدىن سوئال ـ جاۋابلار** ................. 211
174. مەھسۇلات سۈپىتى مەسئۇلىيىتى دېگەن نېمە، قانۇني مەسئۇلىيىتىچۇ ................................... 211
175. مەمۇريي جاۋابكارلىق دېگەن نېمە ..................... 212

176. مەمۇري جاۋابكارلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار .......... 213
177. قانۇنىي جازا دېگەن نېمە .................... 213
178. جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى دېگەن نېمە .................... 214
179. مەمۇري جەھەتتىن جازالاش دېگەن نېمە .................... 215
180. مەمۇري جازا بېرىش دېگەن نېمە، جازا بېرىشنىڭ شەكلى نەچچە خىل .................... 215
181. مەھسۇلات جاۋابكارلىقى ئەرزىنىڭ ۋاقىت چېكى چۈشەنچىسى دېگەن نېمە .................... 216
182. مەھسۇلات سۈپىتى توغرىسىدىكى ھەق ـ تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى قايسىلار .................... 217
183. مەھسۇلات سۈپىتى توغرىسىدىكى ھەق ـ تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ تەرتىپلىرى قايسىلار .................... 217
184. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى كېسىم چىقىرىش پىرىنسىپى قايسى .................... 218
185. ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىككە زىيان سالىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلارغا قارىتا «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا قانداق جازا بېرىش بەلگىلىمىلىرى بار ........ 219
186. مەھسۇلاتقا ئارىلاشما، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرغان ۋە راست قىلىپ كىرگۈزۈۋەتكەن مەھسۇلاتنى جازالاشتا «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا قانداق بەلگىلىمە بار ... 220
187. ساختا مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغان ئورۇننى جازالاشتا «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا قانداق بەلگىلىمە بار .... 221
188. تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى بىكار قىلىش مەمۇري جازاغا قايسى ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ .................... 221
189. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا قانداق جازالىنىدۇ .................... 222

190. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قايسى قىلمىشلىرى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ ...... 223
191. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈش خادىملىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ............ 224
192. كارخانىلار ئىزچىللاشتۇرىدىغان ئۆلچەملىك پرىنسىپلار قايسى ........................ 225
193. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇر قويۇش بەلگىسى قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ .......... 226

**توققۇزىنچى ئوغۇت مەھسۇلاتىنىڭ هازىر يولغا قويۇ - لۇۋاتقان ئۆلچىمى** ........................ 227

194. ئاممونىي سۇلفات ........................ 227
195. ئورىيا ........................ 227
196. ئاممونىي نىترات ........................ 228
197. ئاممونىي خىلور ........................ 230
198. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاممونىي هىدرو كاربونات ........................ 231
199. دانچە هالەتتىكى كالتسىي دىفوسفات ............... 232
200. كالتسىي - ماگنىي - فوسفورلۇق ئوغۇت ............ 233
201. كالتسىي - ماگنىي - فوسفور - كالىيلىق ئوغۇت ...... 233
202. كالتسىي سۇپېر فوسفات ........................ 234
203. كالىي خىلور ........................ 235
204. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان كالىي سۇلفات .......... 235
205. ئەنئەنىۋىي ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دانچە هالەتتىكى، خۇرۇچنى قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دانچە هالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد ۋە ئاممونىي دىفوسفات، تالقان هالەتتىكى ئاممونىي

فوسفىد ........................ 236
206. فوسفور ئىترات ئوغۇتى ........................ 238
207. كالىي دىھىدرو فوسفات ........................ 239
208. كومپلېكس ئوغۇت (بىرىكمە ئوغۇت) ........................ 240
209. ئورگانىك ـ ئانىئورگانىك ئارىلاشما ئوغۇت ........................ 241
210. ئاممونىي كىسلاتالىق يوپۇرماق ئوغۇتى ........................ 243
211. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلىق يوپۇرماق ئوغۇتى ........................ 243
212. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سىنىك سۇلفات ........................ 244
213. ناترىيلىق چىرىندى كىسلاتاسى ........................ 246
214. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت ........................ 246
215. ئورگانىك ئوغۇت ........................ 248

# بىرىنچى ئوغۇت ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

## 1. ئوغۇت دېگەن نېمە

ئومۇمەن زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرگە ئىشلىتىلىدىغان ماددىلار ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. زىرائەت ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقلارنى بىۋاستە تەمىنلەيدىغان ئوغۇتلار بىۋاستە ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئازوتلۇق ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇت، مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت ۋە بىرىكمە ئوغۇت قاتارلىقلار مۇشۇ تۈردىكى ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. يەرنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك، بىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى ياخشىلاپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتىنى ياخشىلايدىغان ئوغۇتلار ۋاستىلىك ئوغۇت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ھاك، گەج ۋە باكتېرىيە ئوغۇتى قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى خىل ئوغۇتنى بەزىدە ئېنىق ئايرىغىلى بولمايمۇ قالىدۇ. مەسىلەن، ئورگانىك ئوغۇت ھەم بىۋاستە ئوغۇتقا، ھەم ۋاستىلىك ئوغۇتقا كىرىدۇ.

## 2. ئورگانىك ئوغۇت دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق

تەركىبىدە نۇرغۇن ئورگانىك ماددا بولغان ئوغۇت ئورگانىك ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئوغۇت كۆپىنچە ئۆسۈملۈك پاخاللىرى، قىغ،

گەندە، يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرى ۋە چىرىپ سېسىيدىغان نەرسىلەردىن ھاسىل بولىدىغان ئوغۇت بولۇپ، ھەممىلا جايدا تەييارلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ مەھەللىۋى ئوغۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن ئورگانىك ئوغۇتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئورگانىك ئوغۇتنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، ئوزۇقلۇق تەركىبى تولۇق؛ ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل زۆرۈر ئېلېمېنت، شۇنداقلا كۆپ مىقداردىكى مىكرو مىقدارلىق ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ماددا بار. شۇڭا، ئورگانىك ئوغۇت مۇكەممەل ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوغۇتلۇق ئۈنۈمى ئاستا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ؛ ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسى ئورگانىك ھالەتتە بولۇپ، مىكرو ئورگانىزملار پارچىلانغاندا، ئاندىن زىرائەتلەر قوبۇل قىلالايدۇ. ئۈچىنچى، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ؛ ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە زور مىقداردا ئورگانىك ماددا ۋە چىرىندى كىسلاتالىرى بولۇپ، تۇپراق قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلايدۇ، يەنى تۇپراقنىڭ نەملىك، ئوغۇت ساقلاش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ھالىتىنى تەڭشەيدۇ. تۆتىنچى، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ئوزۇقلۇقىنى ياخشىلايدۇ؛ ئورگانىك ئوغۇت چىرىپ سېسىش جەريانىدا ئانتىبىيوتىكلار، ۋىتامىنلار، ھۇمىك كىسلاتاسى، ئامىنو كىسلاتالىرى، فېرمېنتلارنى ھاسىل قىلىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى ياخشىلاپ، ماددا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇقلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتى ۋە كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بەشىنچى، ئورگانىك ئوغۇتنىڭ مەنبەسى كەڭ، تۈرى كۆپ، تەننەرخى تۆۋەن؛ ئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆپ بولسىمۇ، بىراق

يېتەرسىزلىكىمۇ بار. مەسىلەن، ئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى تۆۋەن، ئۈنۈمى ئاستا، ئىشلىتىلىش مىقدارى كۆپ، ئەمگەك ۋە ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، توشۇش قىيىن قاتارلىقلار.

## 3. خىمىيەۋى ئوغۇت دېگەن نېمە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار

خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن ياكى يەر بايلىقىنى قېزىش جەريانىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئوغۇت خىمىيەۋى ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆپ ساندىكى خىمىيەۋى ئوغۇت مىنېراللار ياكى ئانئورگانىك تۇز ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار مىنېرال ئوغۇت ياكى ئانئورگانىك ئوغۇت دېيىلىدۇ.

خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن ئورگانىك ئوغۇتنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى بىرقەدەر يۇقىرى، تەسىرى تېز، بىرقەدەر ساپ بولىدۇ. توشۇش، ساقلاشقا ئەپلىك، ئىشلىتىش ئاسان. پايدىسىز تەرىپى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئېلېمېنت مىقدارى يۇقىرى، دانچىلىرى كىچىك، ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش قىيىن بولۇپ، كۆپ ھاللاردا مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ قويۇشنى، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى بۇزۇش ھادىسىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ئۇزۇن بولغان زىرائەتلەرگە كۆپ قېتىم تولۇقلاپ بەرگەندە پايدىسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى زىرائەتلەرنى ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تولۇقلايدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسىي تەلەپ — زىرائەتلەرنىڭ ئوغۇتقا بولغان تەلىپىگە ئاساسەن توغرا ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، يەنى ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ نىسبىتى ۋە باشقا تەركىبلەرنى

ماسلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاشنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، ئۇنىڭ ئەكس تەسىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ئەگەر زىرائەتلەرگە خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەتمىگەندە، زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق، توغرا ئىشلىتىش، بولۇپمۇ ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىشلىتىش كېرەك.

## 4. مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسى

بۇ خىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلەر پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇلار بور (Br)، سىنك (Zn)، مولىبدېن (Mo)، مانگان (Mn)، مىس (Cu)، تۆمۈر (Fe)، كوبالت (Co) ۋە خلور (Cl) قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زۆرۈر لازىملىق بولغان ئېلېمېنتلار ئىچىدە ئازوت (N)، فوسفور (P)، كالىي (K)، كالتسىي (Ca)، ماگنىي (Mg) ۋە گۈڭگۈرت (S) قاتارلىقلار تۇراقلىق مىقدارغا ئىگە ئېلېمېنتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆلىدە 99% تىن يۇقىرى بولىدۇ. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئون مىڭدىن بىردىن يۈز مىڭدىن بىرگىچە بولسىمۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز، نەپەسلىنىش رولى، شۇنداقلا ماددا ئالماشتۇرۇش رولىنى ياخشىلايدۇ. تېرىلغۇ يەرلەردە مەلۇم بىر خىل مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنت كەمچىل بولسا، زىرائەت غولىدا ئېلېمېنت يېتىشمەسلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ ـ دە، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئېغىر بولغاندا دان تۇتۇشى ياخشى بولمايدۇ، ھەتتا دان تۇتمايدۇ. زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارغا ئاساسەن تۇپراق ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. ئادەتتە تېرىلغۇ يەرلەردە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار ئوخ-

شاش بولمىغان دەرىجە، ئوخشاش بولمىغان دائىرە، ئوخشاش بولمىغان مىقداردا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن زىرائەتلەرگە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەييارلانغان ئوغۇتلارنى ئىشلىتىپ تولۇقلاپ تۇرۇش زۆرۈر. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەييارلانغان ئوغۇتلارنى زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق ئىشلەتكەندە، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش ياكى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتەك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## 5. يوپۇرماق ئوغۇتى دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار

يوپۇرماق يۈزى ئارقىلىق سۈمۈرتۈشنى مەقسەت قىلىدىغان، يەنى يوپۇرماق يۈزىگە بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت يوپۇرماق ئوغۇتى دېيىلىدۇ. يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. سۈمۈرۈلۈشى تېز. يوپۇرماق ئوغۇتىنى زىرائەتلەرگە ئىشلەتكەندە ئۈنۈمدىكى تۈرلۈك ئوزۇقلۇق تەركىبلەر زىرائەت تېنىگە بىۋاستە قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇڭا، يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ ئۈنۈم بېرىشى باشقا تۈردىكى ئوغۇتلاشنىڭ رولىغا قارىغاندا تېز بولىدۇ. تەتقىق قىلىنىشىچە، يوپۇرماقنىڭ ئوغۇت سۈيۇقلۇقنى سۈمۈرۈش سۈرئىتى يىلتىز قىسمىدىن سۈمۈرگەنگە قارىغاندا بىر ھەسسە ئەتراپىدا تېز بولىدىكەن.

2. ئۈنۈمى زور بولىدۇ. زىرائەتلەرنى يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىغاندا ئوزۇقلۇق تەركىبلەر زىرائەت تېنىگە بىۋاستە قوبۇل قىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش ئارقىلىق زىرائەتلەرنىڭ غولىدىكى تۈرلۈك فىزىيولوگىيە باسقۇچىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، فوتوسىنتېز رولىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى روشەن ئۆستۈرگىلى ۋە ئېنزىمنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زىرائەت مەھسۇلاتىنى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

3. ئىشلىتىلىش مىقدارى ئاز. يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىغاندا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. بولۇپمۇ، بور (B)، مانگان (Mn)، مولىبدېن (Mo) ۋە تۆمۈر (Fe) قاتارلىق مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلارنى زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز قىسمىغا ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاندىن زىرائەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. يوپۇرماق ئوغۇتى زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا مەركەزلىك ھالدا پۈركۈلگەندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەرلەرگە ئىشلەتكەن باشقا تۇردىكى ئوغۇتقا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئاز بولىدۇ. شۇنداقلا قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 6. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار

مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت تۇپراق ئۈچۈن پايدىلىق مىكرو ئورگانىزملارنى ئايرىپ ئىشلەپچىقىرىلغان، يەنە شۇ ئورگانىزملارغا باشقا ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياساپ چىقىلغان ئوغۇت مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، پايدىلىق جانلىقلار تۇپراقنى مىنېرال ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ئىككىنچى، لاياقەتلىك مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ تۇپراقنى بۇلغىشى ئاز بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى ئاز بولۇپ، بىر مو يەرگە 500 ~1000 گىرام ئىشلىتىلىدۇ؛ تۆتىنچى، رولىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى مىكرو ئورگانىزم مەۋجۇت بولغان مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن بولىدۇ. مەسىلەن، نۇر چۈشۈش، تېمپېراتۇرا، نەملىك مىقدارى، كىسلاتالىق ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى ۋە ئورگانىك ماددا قاتارلىقلار؛ بەشىنچى، مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈم بېرىش مۇددىتى ئادەتتە يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە بولىدۇ.

## 7. چىرىندى كىسلاتالىق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار

تەركىبىدە چىرىندى كىسلاتاسى مول بولغان چىرىمدان، قوڭغۇر كۆمۈر ۋە يىمىرىلگەن كۆمۈر قاتارلىقلارنى خام ئەشيا قىلىپ ئاممىياكلاشتۇرۇش، نىتراتلاشتۇرۇش قاتارلىق خىمىيەۋى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، يەنى ئازوت، فوسفور، كالىي ۋە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئوغۇت چىرىندى كىسلاتالىق ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئورگانىك ۋە ئانئورگانىك بىرىكمە ئوغۇت بولۇپ، تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاش، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە زىرائەتلەرنىڭ ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇشچانلىقىنى كۈچەيتىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئەلالاشتۇرۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بار. چىرىندى كىسلاتاسى ئوغۇتىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى مۇنداق: بىرىنچى، چىرىندى كىسلاتاسى؛ ئىككىنچى، نىترو چىرىندى كىسلاتاسى؛ ئۈچىنچى، ساپلاشتۇرۇلغان چىرىندى كىسلاتاسىدىن ئىبارەت. چىرىندى كىسلاتاسى، نىترو چىرىندى كىسلاتاسى ئازوت، فوسفور، كالىي ۋە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ بىر مەنبەلىك ياكى كۆپ مەنبەلىك چىرىندى كىسلاتالىق بىرىكمە ھاسىل قىلغان ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ساپلاشتۇرۇلغان چىرىندى كىسلاتاسى ئاساسلىقى ئېرىتكۈچلەردە ئاسان ئېرىيدىغان كالىي، ناترىي، ئاممونىي تۇزى تەركىبلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، زىرائەتلەرگە پۈركۈلىدۇ.

## 8. كومپلېكس (بىرىكمە) ئوغۇت (BB ئوغۇتى) دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار

كومپلېكس (بىرىكمە) ئوغۇت (BB ئوغۇتى) تەڭ نىسبەتلىك ئو-

غۇتلاش نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئازوت، فوسفور، كالىيدىن ئوخشاش نىسبەتتە ئېلىپ، فىزىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئوغۇتنىڭ مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى. بۇ ئوغۇتنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئورىيا، ئاممونىي فوسفىت، ئاممونىي فوسفات، كالىي خلورىد ۋە كالىي سۇلفات بولۇپ، تەييارلىغاندىن كېيىنكى ئوزۇقلۇق مىقدارى 50% ئەتراپىدا بولىدۇ؛ ئىككىنچى، بۇ خىل ئوغۇتتىكى ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىقلارنىڭ نىسبىتىنى مەلۇم نىسبەتتە تىزگىنلىگەندىن باشقا، شۇ خىل ئوغۇت ئىشلىتىلگەن ئېتىزنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان تەلەپىگە ئاساسەن ئوتتۇرا ۋە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ماگنىي، بور، سىنك، مانگان، مىس قاتارلىقلارنى مۇناسىپ ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئاددىي، تەننەرخى تۆۋەن، تۇپراقنى بۇلغاش دەرىجىسى، يانجىش، دانچە ھاسىل قىلىش ۋە تاسقاپ ئايرىش ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىتىش ھاجەتسىز، پەقەت ئارىلاشتۇرۇش، توشۇش - قاچىلاش ئۇسكۇنىلىرىلا لازىم بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ئىشلىتىش ئوڭاي، ئىش ۋە كۈچنى تېجىگىلى بولىدۇ. كومپلېكس ئوغۇت ياساشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئوغۇت ئالاھىدىلىكى بولۇش، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق دەرىجىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىشلەتكەن دانچىلارنىڭ دەرىجىسى چوقۇم بىردەك بولۇشى، چوڭ - كىچىك بولۇپ قالماسلىق، قاتلام شەكىللەندۈرۈپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئوزۇقلۇق تەركىبىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ نەملىكنى سۈمۈرۈۋېلىش، نەمدە پارچىلىنىپ كېتىش ۋە پارلىنىپ پارچىلىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بولۇش لازىم.

## 9. تەدرىجىي ئۇنۇم بېرىدىغان ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار

بۇ خىل ئوغۇت كىچىكتۇرۇپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى تېز ئۇنۇم بېرىشى تىزگىنلەنگەن ئوغۇت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ سۈمۈرۈلىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۇنۇم بېرىش ئۇنۇمى تېز بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ پارغا ئايلىنىشى، ئېرىشى تېز بولۇپ، مۇۋاپىق ئىشلەتمىسە ئۇنىڭ زىيان كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقى چوڭ بولىدۇ، ھەتتا مۇھىتنى بۇلغايدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى مۇۋاپىق بولمىسا، ئۆسۈملۈكلەردە ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. تەدرىجىي ئۇنۇم بېرىدىغان ئوغۇت بولسا، بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچى، زىرائەتلەرنىڭ ئوغۇتنى سۈمۈرۈشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئوغۇت ئۇنۇمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، تېزدىن پارچىلىنىپ كېتىشىنى، ئۇنۇمىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ؛ ئىككىنچى، ئوغۇتلاش مىقدارى، ئوغۇتلاش قېتىم سانىنى ئازايتىپ، ئەمگەك كۈچىنى تېجەپ، تەننەرخنى ئازايتىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئوغۇتنىڭ پارچىلىنىشىدىن بۇلغىنىشنى ئازايتىدۇ. شۇڭا، تەدرىجىي ئۇنۇم بېرىدىغان ئوغۇت ئىشلەتكۈچىلەر ۋە تېخنىكلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنداقلا دۆلىتىمىز ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ قالدى.

## 10. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى قايسىلار

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز قىسمى ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرگەندىن باشقا، يوپۇرماق ۋە غول شاخلىرىمۇ ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدۇ. ئوزۇقلۇق

تەركىبى بار ئېرىتمىلەرنى ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىغا پۈركۈش، يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشنىڭ ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى، ئۆسۈملۈكلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇق-لۇقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ ياكى ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۈمۈرۈشچانلىقى ئاجىزلاپ كەتكەندە يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇت بەرسە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈشچانلى-قى ئاشىدۇ. مەسىلەن، شالىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا يوپۇرماق قىسمىغا ئورىيا ۋە ھىدرو كالىي، فوسفات كىسلاتاسى ئوغۇتىنى پۈركۈسە، دان تۇتۇشى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈشى يىلتىزغا قارىغاندا تېز بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا قان-دۇرىدۇ. مەسىلەن، ئورىيانى تۇپراقتىن ئىشلەتكەندە، ئادەتتە 4 ~5 كۈندىلا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، بىراق يىلتىز سىرتىدىن، يەنى يوپۇرماقتىن پۈركۈپ بەرگەندە، 1 ~2 كۈندىلا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ؛ تۆتىنچى، يىل-تىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش ماشىنىلاشتۇرۇشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ، يىل-تىز سىرتىدىن ئوغۇت بەرگەندە ئىشلىتىش مىقدارى ئوغۇتلاش مىقدا-رىنىڭ 10% ى ئەتراپىدا تېجەپ قېلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئورىيانى باشقا تۈردىكى ئوغۇتلارغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكىلى، زور مىقداردىكى ۋاقىت ۋە ئەمگەك كۈچىنى تېجىگىلى بولىدۇ. مۇبادا ئۇنى ماشىنا كۈچى ئار-قىلىق پۈركۈسە ئۇنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى، نەتىجىسى تېخىمۇ ياخشى بو-لىدۇ. مېۋىلىك باغ ۋە كۆكتاتلارغا يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش ئۇسۇ-لىنى قوللانغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## 11. ئاساسىي ئوغۇت، ئۇرۇق ئوغۇتى ۋە قوشۇمچە ئوغۇت دېگەن نېمە

ئاساسىي ئوغۇت — تېرىشتىن بۇرۇن ياكى زىرائەت مايسىلىرىنى

كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن تېرىلغۇ يەرگە بېرىلىدىغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي ئوغۇت زىرائەتلەرنى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنى تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئوغۇت ئادەتتە ئاساسىي ئوغۇت بولىدۇ، ئۇرۇق ئوغۇتى ئۇرۇق بىلەن بىرگە بېرىلگەن ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوغۇت بىخلارنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنى ئوزۇقلۇق بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەپ ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قوشۇمچە ئوغۇت زىرائەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تولۇقلاپ بېرىلىدىغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئاساسلىقى زىرائەتلەر ئۆسۈپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تولۇقلايدۇ ياكى ئاساسىي ئوغۇتلار تولۇقلاپ بولالمىغان ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۇرۇق ئوغۇتى ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇتلار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. تېخنىكا جەھەتتە ئاساسىي ئوغۇت ئاساس، قوشۇمچە ئوغۇت ياردەمچى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## 12. بىرىكمە باكتېرىيەلىك ئوغۇت دېگەن نېمە، قانداق رولى بار

بىرىكمە باكتېرىيەلىك ئوغۇت كۆپ خىل پايدىلىق مىكرو ئورگانىزملارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئۇنىۋېرسال باكتېرىيەلىك ئوغۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئوغۇت ئوخشاش بولمىغان رايون كىلىماتى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ئوغۇتنىڭ تەسىرى ئومۇميۈزلۈك بولىدۇ، ئۇ زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىشىنى ياخشىلاپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. تۇپراقتىكى جانلىقلارنىڭ

ئاكتىپچانلىقىنى قوزغايدۇ، بۇ خىل ئوغۇت تەركىبىدىكى سانسىزلىغان باكتېرىيەلەر ئۆزئارا بىرىكىپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ناچار شارائىتقا تاقابىل تۇرۇش كۈچى ۋە ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ، ئوغۇتلۇق نىسبىتىمۇ مۇقىم بولىدۇ.

## 13. ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇت دېگەن نېمە، ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرى قايسىلار

ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇت ئازوت ئېلېمېنتىنى قويۇپ بېرىشنى تىزگىنلەپ، زىرائەتلەرنىڭ سىجىل سۈمۈرۈشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى، بۇ خىل ئوغۇتنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى ئازوت ئېلېمېنتىنىڭ ئۈنۈم بېرىش مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ ھەم پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، تېرىلغۇ يەرلەرگە بېرىلگەن ئوغۇتلاردىن قويۇقلۇقى ئېشىپ كەتكەنلىرىنىڭ ناچار تەسىرىنى يوقىتىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئوغۇتلاش قېتىم سانىنى ئازايتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ؛ تۆتىنچى، بۇلغىنىشنى ئازايتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغدايدۇ. بۇ خىل ئوغۇتنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى بار:

1. خىمىيەۋى تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن، ئېرىشچانلىقى ئاستا بولغان، ئورگانىك ئازوتلۇق ئوغۇت. مەسىلەن، ئورىيا فورمالدىگىد، ئورىيا ئېتىل ئالدىگىد، ئىزوپوتىن ئورىياسى ۋە ئوكسالات ئامىن قاتارلىقلار؛

2. ئېرىشچانلىقى ئاستا بولىدىغان ئانئورگانىك ئازوتلۇق ئوغۇت. مەسىلەن، ئاممونىي، ماگنىي، فوسفات كىسلاتاسى قاتارلىقلار؛

3. ئوراپ قاچىلانغان ئازوتلۇق گۈگۈرت قوشۇلغان، كالتسىي، ماگنىي، فوسفورلۇق ئوغۇت ئاممونىي ھىدرو كاربونات بىلەن ئورالغان ئورىيا قاتارلىقلار؛

4. تەركىبىدە مول چىرىندى كىسلاتاسى بار، ئورگانىك ماددىلاردىن

ياسالغان، ئۇزۇن مۇددەت ئۇنۇم بېرىدىغان ئوغۇت. مەسىلەن، چىرىمدان، قوكۇر كۆمۈر ۋە يىمىرىلگەن كۆمۈرنى خام ئەشيا قىلىپ، ئامميياكلاشتۇرۇش بىلەن بىرتەرەپ قىلىنغان ئوغۇت قاتارلىقلار.

## 14. تەڭ نىسبەتلىك ئوغۇتلاش نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

تەڭ نىسبەتلىك ئوغۇتلاش هازىرقى زامان ئوغۇتلاش تېخنىكىسى بولۇپ، ئۇ زىرائەتلەرنى ئوغۇتلاش قانۇنىيىتى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئوغۇتقا بولغان ئېهتىياجىغا ئاساسەن ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلغان هالدا ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كاللىيلىق ۋە مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلارنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن هاسىل بولغان ئوغۇتلاش تەدبىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا هەرخىل ئوغۇتلارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە نىسبىتى بولىدۇ هەمدە ئۇنى ئىشلىتىشتىكى مۇناسىپ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىكى تۈپ نىشان زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي هالىتى، مەهسۇلات ئېلىش تەلىپى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇتنىڭ تۈرى ۋە مىقدارى بېكىتىلىپ، ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش نىسبىتى تەڭشىلىپ، ئۇنى ئىشلىتىش ۋاقتى، ئۇسۇلى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئوغۇتنىڭ مەهسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ ئارقىلىق قارىغۇلارچە ئوغۇتلاشقا چەك قويۇلۇپ، ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

## 15. ئوغۇت ئۈنۈمى ۋە قوشۇمچە ئۈنۈمى دېگەن نېمە

ئوغۇت ئۈنۈمى — ئوغۇت تەركىبىدىكى ماددىلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈشىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ يەنە ئۆسۈملۈكلەر قوبۇل قىلغان ئوزۇقلۇق ماددا ۋە ئېلېمېنتلار بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بۇ يەردىكى ئېلېمېنتلارنىڭ ئېغىرلىقى ئەمەلىي مىقدارى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئازوتلۇق ئوغۇت (N)، فوسفورلۇق ئوغۇت (P)، كالىيلىق ئوغۇت (K) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئوغۇتلاردىكى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلاردىن باشقا تەركىبلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە تەركىب بولىدۇ. مەسىلەن، ئاممونىي سۇلفاتتىكى ئازوت مىقدارى %21 ~ 20 بولىدۇ، ئازوت بىلەن ئوغۇتلاشنى مەقسەت قىلغان سۇلفات كىسلاتا رادىكالى قوشۇمچە تەركىب سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. كالتسىي فوسفاتىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى كالتسىي دىھىدرو فوسفاتتىكى كاربون - سۇ بىرىكمىلىرى بولىدۇ يەنى ئىئونلانغان فوسفات كىسلاتاسى ۋە ئاز مىقداردىكى ئەركىن ھالەتتىكى كالتسىي فوسفات، قوشۇمچە تەركىبى سۇسىزلاندۇرۇلغان ماگنىي سۇلفات بولىدۇ.

## 16. ئوغۇتنىڭ ماسلىششچانلىق قىلىپى دېگەن نېمە

ئوغۇتنىڭ ماسلىششچانلىق قېلىپى N–P–K (كالىي - فوسفور - ئازوت) دەك رەت تەرتىپى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بىرىكمە ئوغۇتتىكى تەركىبلەرنى ئايرىم - ئايرىم ئىپادىلەيدىغان بىر خىل ئۇسۇل. مەسىلەن، %25 لىك بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ماسلىشىش قېلىپى 9-8-8. بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتنىڭ مىقدارى 8، فوسفورنىڭ مىقدارى 8، كالىينىڭ مىقدارى 9 بولىدۇ. ماسلىششچان قېلىپتىكى N–P–K دېگەن سان - سىپېرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى خالىغانچە بولماستىن، بەلكى ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىغا بولغان تەلىپى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەلىپىگە ئاساسەن تەڭشىلىدۇ. بىر خىل ئوخشاش زىرائەت ئوخشاش بولمىغان رايونغا تېرىلسا، ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماسلىششچان قېلىپى ئوخشىمايدۇ. ئوغۇت ئىشلەتكۈچىلەر بۇ خىل ماسلىششچانلىق قېلىپىنى ئۆگىنىۋالسا، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئېلىپ بېرىشتا ياخشى ئوغۇتلارنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

## 17. ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى دېگەن نېمە

زىرائەتلەرگە بېرىلگەن ئوغۇتتىن سۈمۈرۈلگەن ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ ئومۇمىي مىقداردا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى دەپ ئاتىلىدۇ. تەكشۈرۈشتە ئېتىزدا سىناق قىلىش، خىمىيەۋى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنى ھېسابلاش مۇنداق بولىدۇ:

زىرائەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە پەرۋىش تېخنىكىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەندىكى دائىرىدە بولىدۇ: ئازوتلۇق ئوغۇت 35～50%، فوسفورلۇق ئوغۇت 10～15%، كالىيلىق ئوغۇت 40～70%.

## 18. زىرائەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا قايسى خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ

ئۇرۇق تېرىلىپ زىرائەتلەر پىشقانغا قەدەر كۈن نۇرى، ھاۋا، سۇ ۋە تېمپېراتۇرا قاتارلىقلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندىن باشقا، يەنە كۆپلىگەن ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئۇلار 1. كاربون؛ 2. ھىدروگېن؛ 3. ئوكسىگېن؛ 4. ئازوت؛ 5. فوسفور؛ 6. كالىي؛ 7. كالتسىي؛ 8. ماگنىي؛ 9. گۈڭگۈرت؛ 10. تۆمۈر؛ 11. مانگان؛ 12. سىنىك؛ 13. مىس؛ 14. مولىبدېن؛ 15. بور؛ 16. خىلور قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت، فوسفور، كالىي، كالتسىي، ماگنىي ۋە گۈڭگۈرت قاتارلىقلارنىڭ زىرائەتلەردىكى ئېغىرلىقى نەچچىدىن تارتىپ نەچچە مىڭغىچە بولىدۇ. بۇ چوڭ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق ماددا دەپ ئاتىلىدۇ، قىسقارتىلىپ چوڭ-ئوتتۇرا دەرىجىلىك ماددا ئېلېمېنتلار دېيىلىدۇ. تۆمۈر، مانگان، مىس، سىنىك، مولىبدېن، بور ۋە خىلور قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى زىرائەتلەرنىڭ قۇرۇق

ئىغىرلىقىنىڭ ئون مىڭدىن نەچچىدىن يۈز مىڭدىن نەچچىسىچىلىك بو-لىدۇ، بۇلار مىكرو مىقدارلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار، قىسقارتىلىپ مىك-رو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار دەپ ئاتىلىدۇ.

## 19. ئوزۇقلۇق ماددىلار بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ - يوق

ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى مىقدارى پەرقلىق بولۇپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى مىڭ، ھەتتا نەچچە مىل-يون ھەسسە بولىدۇ، مىقدارىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم بولىدۇ، ئۇلار ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، بۇ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئورنىنى ئۆز-گەرتكىلى بولماسلىق قانۇنىيىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، زىرائەتلەردە ئا-زوت ئېلېمېنتى يېتىشمىسە، ئاقسىلنىڭ يىغىندىلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپلا قالماستىن، يەنە خلوروفىل مىقدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. سىرتتىن كۆزەتكەندە ئازوت كەمچىل بولغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بىر قەدەر ئاستا بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىدۇ، ئېغىر بول-غاندا بارلىق يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ سولىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا باشقا تۆردىكى ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.

## 20. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئوغۇتلارنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

زىرائەتلەر نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تۈرلۈك مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارغا موھتاج بولىدۇ، بۇ خىل ماددىلار ئېغىر دەرى-جىدە يېتىشمىگەندە ئۆسۈملۈك ئۆسۈشتىن توختايدۇ، ھەتتا نابۇت بو-

لىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ يېتىلىشىدە ئېلېمېنتلارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم
بولىدۇ، ئاز مىقداردىكى مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار زىرائەتلەرنىڭ
نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالىشى مۇمكىن، بىراق تۇر-
لۇك مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ يېتىشمەسلىكى كەڭ دائىرىدە ئې-
لېمېنت يېتىشمەسلىكتىن كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرنىڭ دائىرىسىنى كې-
ڭەيتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب
تاپقان ئوغۇتلارنى ئىشلەتكەندە ئېھتىياجچان بولۇش، زىرائەتلەرنى مۇۋا-
پىق نىسبەتتە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش بىلەن يەرلەرنى ئورگانىك ئو-
غۇتقا مۇۋاپىق تويۇندۇرغاندا، مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ يېتىش-
مەسلىكى پەيدا قىلىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا، مىكرو مىقدار-
لىق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە قاراتمىلىق
ئىشلىتىش، زىرائەتلەرگە ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. كۆپ يىل
تەكرار تېرىلىدىغان(مېۋىلىك دەرەخ قاتارلىق)، ئۇدا بىر خىل زىرائەت
ئۆستۈرۈلىدىغان يەرلەردە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار كەمچىل بولۇش
بىلەن پەيدا بولىدىغان ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.
ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ مول ۋە كەمچىل بولۇشىنى ئانالىز قىلىپ
سىناش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، ئۇنى قاراتمىلىق ھالدا ئىشلەتكەندە،
مەھسۇلاتنىڭ پىششىق ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ مول ھوسۇل ئېلىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. كۆپ مىقداردىكى ئېلېمېنت
ئوغۇتنى ئىشلىتىپ ئازوت، فوسفور، كاليي قاتارلىقلارنىڭ ئېھتىياجىنى
قاندۇرغاندا، زىرائەتلەرنىڭ پىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەھسۇلاتنى
ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ بەر-
گەندە تېرىلغۇ يەرلەردە ئورگانىك كىسلاتالارنىڭ مىقدارى ئاشىدۇ ۋە
مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى
بولىدۇ. ئۇ يەنە يەرگە بېرىلگەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن مىكرو
مىقدارلىق ئوغۇتلارنىڭ زەھىرىنى ئازايتىدۇ. ئادەتتە ئورگانىك ئو-
غۇتلاردا مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ.

# 21. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇشتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى قايسى

مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈنۈمى روشەن بولىدۇ. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت تەمىنلەيدىغان ئېنېرگىيە مۇقىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئازوت، فوسفور، كالىينى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى ھەرىكەتچان بۇ مىكرو ئورگانىزملار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزىغا بىۋاستە سىڭىپ كىرىپ، يىلتىزنىڭ ئۆسۈشى، كۆپىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، پايدىلىق مىكرو ئورگانىزملار ھاۋادىكى ئازوت ئېلېمېنتىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتىدۇ، تېرىلغۇ يەرلەردە ساقلىنىپ قالغان ناچار بىرىكمە ئازوت، كالىينى پايدىلانسا بولىدىغان ئازوت، كالىيغا ئۆزگەرتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پايدىلىق مىكرو ئورگانىزملار ئاجرىتىپ چىقارغان ئۆستۈرگۈچى ماددا، ھۈجەيرە بۆلۈنۈش ماددىسى، زەمبۇرۇغلۇق ماددىلار ۋە ئورگانىك بىرىكمە كىسلاتاسى قاتارلىقلار زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى، ماددا ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ ھەمدە ئىرسىيەت خاراكتېرىنى چۆرىدىگەن ھالدا سۈپەتلىك مەھسۇلات ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، پايدىلىق مىكرو ئورگانىزملار ئۆسۈملۈك يىلتىزىدا كۆپىيىپ كۆپ مىقداردا قەنت ھاسىل قىلىدۇ. ئۆسۈملۈك چىقارغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىلەن مىنېرال كوللوئىدلار ئۆزئارا بىرلىشىپ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ دانچە قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۇپراقنىڭ ئوغۇت، نەملىك ساقلاش ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە كېسەللىككە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاشىدۇ.

## 22. خىمىيەۋى ئوغۇت قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ

ئوغۇتنىڭ تەركىبى ۋە ئۈنۈمىگە ئاساسەن دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلىغان خىمىيەۋى ئوغۇت ئالتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئازوتلۇق ئوغۇت: ئۇ ئازوتنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت قىلىغان ئوغۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاممونىي ھىدرو كاربونات، ئورىيا، ئاممونىي نىترات، ئاممىياكلىق سۇ، ئاممونىي خىلورىد ۋە ئاممونىي سۇلفات قاتارلىقلار بار.

2. فوسفورلۇق ئوغۇت: بۇ فوسفورنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت قىلغان ئوغۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا كالتسىي سۇپېر فوسفات، كالتسىي دىفوسفات، كالتسىي ـ ماگنىيلىق فوسفور ۋە كالتسىي ـ ماگنىي ـ كالىيلىق فوسفور قاتارلىقلار بار.

3. كالىيلىق ئوغۇت: بۇ كالىينى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتى قىلىغان ئوغۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا كالىي خىلورىد، كالىي سۇلفات ۋە كالىي نىترات قاتارلىقلار بار.

4. كومپلېكس ئوغۇت: بۇ خىل ئوغۇت تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئاساسلىق ئېلېمېنت بار. بەزىلىرىدە ئاز بولغانىمۇ ئىككى خىل ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت تەركىبى بولىدۇ، خىمىيەۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىنىدۇ.

5. ئوتتۇرا، مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەييارلانغان ئوغۇت: بۇ خىل ئوغۇت تەركىبىدە كالتسىي، ماگنىي، گۈڭگۈرت قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى ئوتتۇراھال مىقداردا بولىدۇ. مانگان، تۆمۈر، سىنك، مىس، مولىبدېن ياكى كوبالت قاتارلىقلار مىكرو مىقداردا بولىدۇ.

6. مەلۇم زىرائەتلەرگە پايدىلىق ئوغۇتلار، مەسىلەن، شال مايسىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پولات داشقاللىرىدىن ياسالغان سىلىتسىي ئوغۇتى، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان كوبالت ئوغۇتى، مېۋىلىك باغلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئوغۇت دېگەندەك.

## 23. قايسى خىل خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

تەركىبىدە سىلىترا ئازوتى بار ئوغۇتنى چىرىتىلمىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە شاخ-شۇمبىلاردىن ھاسىل بولغان ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ خىل ئوغۇتلارنىڭ ئادەتتە زىيانلىق تەرىپىمۇ بولۇپ، ئۇنى ئازوت تەركىبلىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئازوتنىڭ پايدىسىز ئاملىنىنى قوزغاپ قويىدۇ، مەسىلەن، شاخ-شۇمبا تۇرىدىكى ئوغۇتنى ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە، مىكرو ئورگانىزمنى زور مىقداردا كۆپەيتىپ ئازوتنى سۈمۈرگەندىن كېيىنكى ئازوتنىڭ تەمىنلىشىنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ.

## 24. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئانئورگانىك ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ پايدىلىق تەرىپى قايسىلار

ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئانئورگانىك ئوغۇتنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇش، پايدىلىق تەركىبلەرنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنى چەكلەيدۇ ۋە ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك پايدىسى بار:

1. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ مىقدارى يۇقىرى، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدۇ، بىراق ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىشچانلىقى تۆۋەن، ئوزۇقلۇق تەركىبى بىر خىل بولىدۇ. مەھەللىۋى ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى بىر قەدەر تۆۋەن، ئۈنۈمى ئاستا بولىدۇ، بىراق ئۇزۇن مۇددەت ئۈنۈم بېرىشچانلىقى يۇقىرى، ئوزۇقلۇق قىممىتى

بىر قەدەر تولۇق. بۇ ئىككى خىل ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، پايدىلىق تەركىبلەرنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ، پايدىسىز تەركىبلەر يوقىتىلىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇقلارنى تولۇقلايدۇ، شۇنداقلا زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق ۋە ئۇزاق مۇددەت كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

2. تۇپراقتىكى تۇراقلىق تەركىبنى ئازايتىپ، ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئوغۇت تېرىلغۇ يەرلەرگە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ئايرىم ئوزۇقلۇق ماددىلار، بولۇپمۇ فوسفور تۇپراقتا تېزلا چۆكمە ھالەتكە ئۆتۈۋالىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتنى مەھەللىۋى ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئوغۇت بىلەن تۇپراقنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

3. ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈنۈمسىز بولۇپ قېلىشىنى ئازايتىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئېرىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، يەرگە ئىشلەتكەندىن كېيىن تېزلا تەسىر پەيدا قىلىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىشىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئەگەر خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشىنى ياخشىلاپ، ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

4. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كىسلاتا - ئىشقارلىق دەرىجىسىنى ئۈنۈملۈك تەڭشىگىلى بولىدۇ، ئىشقارلىق تەركىبى بار يەرلەرگە يەككە ھالدا كىسلاتالىق ئوغۇت ئىشلەتكەندە، ئاممونىي سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن قالدۇرغان كىسلاتا قالدۇق ئىيونى تېرىلغۇ يەرلەردىكى ھىدروگېن ئىيونى بىلەن بىرىكىپ، كىسلاتا ھاسىل قىلىپ، يەرلەرنى قاتۇرۇپ، كىسلاتالىقنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىق قۇرۇلمىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ، خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ

ئىشلەتكەندە، بۇنداق زىددىيەتلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى ئورگا-
نىك ئوغۇت تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بۇفېرلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى
پەسەيتىپ، كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەپ، يەر-
لەرنىڭ كىسلاتالىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

5. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، مەھەللىۋى ئوغۇتنى
مىكرو ئورگانىزملىق ئېنېرگىيە مەنبەسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مىكرو
ئورگانىزملارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان ماددىلار بىلەن
تەمىنلەيدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ
ئىشلەتكەندە، تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ پائالىيىتىنى جانلان-
دۇرىدۇ ۋە ئورگانىك ئوغۇتنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، تې-
رىلغۇ يەرلەردىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ جانلىق پائالىيىتى، تۇپراقتى-
كى تۈرلۈك قوزغاتقۇچى ماددىلارنىڭ رولىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مە-
سىلەن، ۋىتامىن، بىيوتىن ۋە نىكوتىن كىسلاتاسى قاتارلىقلار تېرىلغۇ
يەرلەرنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئويناپ، زىرائەتلەر-
نىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 25. بىرىكمە ئوغۇت بىلەن يەككە ماددىلىق ئوغۇتنى سېلىشتۇرغاندا قانداق ياخشى ۋە ناچار تەرەپلىرى بار

بىرىكمە ئوغۇت بىلەن يەككە ماددىلىق ئوغۇتنى سېلىشتۇرغاندا ئا-
ساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ياخشى تەرەپلىرى بار: بىرىنچى، ئوزۇقلۇق
تەركىبلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، مىقدارى يۇقىرى. بىرىكمە ئوغۇت تەركى-
بىدە ئادەتتە ئىككى خىلدىن ئارتۇق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت بار. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئادەتتە باشقا ئو-
غۇتلارنىڭكىدىن 20% يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا زىرائەتلەرنى
كۆپ خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئېلېمېنتلار ئارىسىدى-
كى تەڭپۇڭلۇقنى ماسلاشتۇرىدۇ، ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلىرى ئوتتۇرىسى-

دىكى رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، زىرائەت مەھسۇلاتىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئىككىنچى، قوشۇمچە تەركىبلەر ئاز بولۇپ، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى نىسبەتەن ياخشى. مەسىلەن، ئامىنو فوسفاتتا ھېچقانداق قوشۇمچە تەركىب بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى (ئامونىي ئىيونى) ۋە (فوسفات كىسلاتا ئىيونى) نى ئۆسۈملۈكلەر ئاسانلا سۈمۈرىدۇ، تۇپراققا كۆرسىتىدىغان ناچار تەسىرى ئاساسەن يوق. مەسىلەن، فوسفورنىڭ نىترات ئوغۇتى بىلەن بەلگە ماددىلىق ئامونىي نىتراتنىڭ نەملىكىنى سۈمۈرۈشچانلىقى ئاجىز بولۇپ، ساقلاش ۋە ئىشلىتىش ئاسان. ئۈچىنچى، ساقلاش، توشۇش، ئىشلىتىشتىكى خىراجەتنى تېجەيدۇ. بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى، يەككە ماددىلىق ئوغۇتنىڭكىدىن يۇقىرى. ئۇ توشۇش خىراجىتىنى ئازايتىدۇ، ساقلاش مەيدانلىرىنى تېجەيدۇ، ئوغۇتلاش قېتىم سانىنى كېمەيتىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

بىرىكمە ئوغۇتنىڭ تۆۋەندىكىدەك يېتەرسىزلىكى بار: بىرىنچى، ئوزۇقلۇق نىسبىتى مۇقىم. چۈنكى ھەر خىل ئوغۇتتىن ھاسىل قىلىنغان بىرىكمە ئوغۇتنىڭ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەر ئاساسەن مۇقىم بولىدۇ. ئادەتتە ئوخشاشمىغان تۇپراق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يەر بىلەن ئوخشاشمىغان زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجى، تۈرى، مىقدارى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق ماسلاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن يەككە ماددىلىق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىشكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئوغۇتلاش تەلىپىنى ياخشى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئادەتتە بىرىكمە ئوغۇت تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ تۈرى ئوخشاش بولمايدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى، ھوسۇل بېرىش مەزگىلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاشمىغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ تۇپراق تەركىبىدە يۆتكىلىش دائىرىسمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مۇبادا بىرىكمە ئوغۇتنى ئوخشاش مەزگىل، ئوخشاش چوڭقۇرلۇقتا

بەرسە ئۇنىڭدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىكمە ئوغۇت ئوغۇتلاش تېخنىكىسىدىكى تەلەپلەرنى قاندۇرالمايدۇ.

## 26. كومپلېكس ئوغۇت بىلەن باشقا ئوغۇتلار (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ قانداق پەرقى بار

دېھقانلار كومپلېكس ئوغۇت بىلەن باشقا ئوغۇتلار (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ پەرقىنى ئىگىلىۋالسا، ئوغۇت تۈرىنى تاللاپ سېتىۋېلىش ۋە مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ. كومپلېكس ئوغۇت بىلەن باشقا ئوغۇتلار (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ تەركىبىدە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئېلېمېنت بار. دېھقانلارنىڭ ئۇنى ئىشلىتىش مىقدارى نىسبەتەن كۆپ. شۇڭا، بۇ ئىككى خىل ئوغۇتنىڭ تۆۋەندىكىدەك پەرقى بار:

1. ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشيالىرى ئوخشىمايدۇ. باشقا ئوغۇتلاردا ئوغۇت كالىي خلورىد ۋە ئاممونىي خلورىدنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىدۇ، تەركىبىدە خلور ئىيونى بار. كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) كالىي فوسفاتنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىدۇ، ئادەتتە بۇنىڭ تەركىبىدە خلور ئىيونى بولمايدۇ.

2. ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ۋە سېتىش باھاسى ئوخشىمايدۇ. كالىي فوسفات بىلەن كالىي خلورىدنىڭ خام ئەشيا باھاسى ئوخشىمايدۇ. كالىي فوسفاتنىڭ بازار باھاسى كالىي خلورىددىن يۇقىرى بولىدۇ، خام ئەشيا باھا پەرقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش باھا پەرقى بولىدۇ. ئوغۇت بازارلىرىدا كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ سېتىلىش باھاسى كومپلېكس ئوغۇتنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

3. مەھسۇلات بەلگىسى ئوخشمايدۇ. GB15063-2001 كومپلېكس ئوغۇت دۆلەت ئۆلچىمىدە مۇنداق بەلگىلەندى: باشقا ئوغۇت مەھسۇلاتىدا خلور ئىيونىنىڭ مقدارى %3 تىن يۇقىرى بولسا، ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار ئوغۇت ئوروسىغا «خلور تەركىبلىك» بەلگە قويۇشى، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى «خلور ئىيونى» مقدارىنى تەكشۈرمەسلىكى كېرەك. كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نى ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار ئوغۇت ئوروسىغا «خلور ئىيونى» بەلگىسى قويماسلىقى، ئۇنىڭ مقدارىنى %3 ئىچىدە كونترول قىلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى «خلور ئىيونى»غا قارىتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

4. ئوغۇتلايدىغان زىرائەتلەر ئوخشاش بولمايدۇ. ئىككى خىل ئوغۇتتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «خلور تەركىبلىك» ۋە «خلور تەركىبسىز» پەرق بولغانلىقتىن، ئوغۇت سېتىۋالغاندا ئوخشاشمىغان زىرائەتلەرگە ماس كېلىدىغان ئوغۇت تۈرىنى سېتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) ئاساسەن خلور ئىيونىنى سۈمۈرسە بولمايدىغان ياڭيۇ، تاماكا ۋە چاي دەرىخى قاتارلىقلارغا ماس كېلىدۇ.

## 27. ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت بىلەن بىرىكمە ئوغۇتنىڭ قانداق پەرقلىرى بار

بۇ ئىككى مەھسۇلاتنىڭ نۇرغۇن پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى بار. سېتىۋالغۇچىلار پەرقىنى بىلىۋالسا، ئوغۇت سېتىۋالغاندا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. كومپلېكس ئوغۇت بىلەن بىرىكمە ئوغۇت تەركىبىدە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئېلېمېنت كۆپ بولۇپ، ئۇ دېھقانلار ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەھسۇلاتنىڭ پەرقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مەھسۇلات ئېنىقلىمىسى ئوخشىمايدۇ. كومپلېكس ئوغۇت بولسا تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئوزۇقلۇق تەركىب ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ بەلگە سېلىنغان ئىككى خىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارىنى خىمىيەۋى ئۇسۇل ياكى ئىلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ياسالغان بولىدۇ. بىرىكمە ئوغۇت بولسا ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئوزۇقلۇق تەركىب ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ بەلگە سېلىنغان ئىككى خىلىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى خىمىيەۋى ئۇسۇل ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان.

2. ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ئوخشىمايدۇ. بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ئېنىقلىمىسىغا خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ياسالغان دەپ ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاممونىي فوسفات، نىترات كىسلاتالىق فوسفور ئوغۇت ۋە كالىي دىھىدرو فوسفات قاتارلىقلار. كومپلېكس ئوغۇت ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل خام ئەشيانى ماشىنىدا ئارىلاشتۇرۇپ، دانچە قىلىپ ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاددىي بولىدۇ.

3. ئوغۇتنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. بىرىكمە ئوغۇتنىڭ خىمىيەلىك خاراكتېرى نىسبەتەن مۇقىم، ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى تەكشى، ئوغۇتلاش ئۈنۈمى ياخشى، ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇقىم بولىدۇ. بىراق، يەرنىڭ ئوغۇتلاش رېتسېپىنى تەكشۈرۈشتىكى جانلىقلىقى بىر قەدەر ناچار بولىدۇ. كومپلېكس ئوغۇت خىمىيەۋى ئوغۇت ماشىنىدا ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنى تەڭشەش جەھەتتىكى خاسلىقى ياخشى بولىدۇ. نۇرغۇن تۈرلەرنىڭ رېتسېپى قۇلايلىق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ، بىراق، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ تەكپۇڭلۇق دەرىجىسى بىرىكمە ئوغۇتنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

4. كومپلېكس ئوغۇت بىلەن بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكىدا پەرق بولىدۇ. خام ئەشيا پەرقى بولغانلىقتىن سېتىش باھاسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوغۇت تۈرىنى تاللاپ سېتىۋالغاندا ئىككى خىل ئوغۇتنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ، چۈشىنىپ سېتىۋېلىش كېرەك.

## 28. ئاربلاشتۇرۇلغان ئوغۇت، بىرىكمە ئوغۇت، قۇرۇق ئاربلاشتۇرۇلغان ئوغۇت، ئورگانىك ـ ئانئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئېنىقلىمىلىرى نېمە

1. ئاربلاشتۇرۇلغان ئوغۇت. ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئوزۇقلۇق تەركىبى ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ بەلگە سېلىنغان ئىككى خىل ئوزۇقلۇق تەركىبى بار بولغان، خىمىيەۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ.

2. بىرىكمە ئوغۇت. ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئوزۇقلۇق تەركىب ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى خىل ئوزۇقلۇقنى تەركىب تاپقان، خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ.

3. قۇرۇق ئاربلاشتۇرۇلغان ئوغۇت. ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئوزۇقلۇق تەركىب ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ بەلگە سېلىنغان ئىككى خىل تەركىب بار بولغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئورگانىك ـ ئانئورگانىك ئوغۇت. تەركىبىدە ئورگانىزملار ئاربلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنى كۆرسىتىدۇ.

## 29. مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنىڭ پرىنسىپلىرى قايسىلار

مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى ئەگىلەش كېرەك:

1. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئۈچۈن زىرائەتلەرنىڭ ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج ئالاھىدىلىكى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەڭ ئاز دەسمايە سېلىپ، ئەڭ چوڭ مەھسۇلاتنى يارىتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ياخشى بولغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش لازىم دېگەن ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مانا مۇشۇنداق ئوغۇتلاش مۇۋاپىق ئو-

غۇتلاش بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزىلەر كۆپ مىقداردا ئوغۇتلاپ، يۇقىرى مەهسۇلاتنى كۆزلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەننەرخ ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە كىرىمنىڭ كۆپىيىشى ناتايىن، شۇڭا، بۇ خىل قارىغۇلارچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2. ئوغۇتنىڭ مەهسۇلات ئاشۇرۇشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ. ئالاقىدار ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، زىرائەت مەهسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئىچىدە، ئوغۇتنىڭ ئوينايدىغان رولى 30~50% نى ئىگىلىگەن، شۇڭا مۇۋاپىق ئوغۇتلاش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، زىرائەتلەرنىڭ مەهسۇلات مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەهسۇلاتنىڭ ئېشىشىنى نەزەرگە ئالغاندا مەهسۇلات سۈپىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. مۇۋاپىق ئوغۇتلاش جەريانىدا مەهسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەهسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاشنى تەڭ تۇتۇش كېرەك.

3. يەردىن پايدىلىنىش ۋە تۇپراقنى مۇنبەتلەندۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تۇپراققا قارىتا زىرائەتلەرنى ئېهتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق تەركىبلەر بىلەن تەمىنلەش، نەملىك تەركىبى، تېمپېراتۇرا، هاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئېلىش، ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش، ئوزۇقلۇق ساقلاش ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يەنە تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئارقىلىق تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، زىرائەتلەردىن يۇقىرى، مۇقىم مەهسۇلات ئالىدىغان تېرىلغۇ يەر شارائىتىنى هازىرلاش كېرەك. يەردىن پايدىلىنىش بىلەن تۇپراقتىن پايدىلىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

4. مۇهىتنى، دېهقانچىلىق ئېتىزلىرىنى بۇلغاشتىن ساقلىنىش كېرەك. مۇۋاپىق بولمىغان ئوغۇتلاش ياكى كۆپ مىقداردا ئوغۇت ئىشلىتىش تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. زىرائەتلەردە ئېغىر بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئازوتلۇق ئوغۇتنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتسە، زىرائەت تەرىپىدىن سۈمۈرۈلمەي

قالغان ئازوت ئېلېمېنتى سېلىترا ھالەتتىكى ئازوتقا ئايلىنىپ، يەر ئاستى سۈيىگە سىڭىپ كىرىپ بۇلغاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارغا زىيان سالىدۇ. مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلارنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتسمۇ، تۇپراق ۋە زىرائەتلەردە بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، مۇھىتنى قەدىرلەش، زىرائەتلەرنى بۇلغاشتىن ساقلىنىش كېرەك.

## 30. كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نى قاچىلىغاندا نېمە ئۈچۈن ئوروسىغا «خىلور تەركىبلىك» بەلگىسى قويۇلمايدۇ

كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) بورغا كالىي سۇلفاتنى ئاربلاشتۇرۇپ ياساش ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە كالىي خىلورىد خام ئەشيا قىلىنغان ماددا يوق. ئادەتتە ئۇنىڭ تەركىبىدە «خىلور ئىيونى» بولمايدۇ، بولغاندىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇ خىل ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نى ئاساسلىقى گۈڭگۈرتنى سۈمۈرسە پايدىلىق، خىلور ئېلېمېنتىنى سۈمۈرسە پايدىسىز بولغان مېۋىلىك دەرەخ، تاماكا، مايلىق دان خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىرائەتلەرگە ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ. مۇبادا، خىلور ئىيونى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئېشىپ كەتسە، زىرائەتلەرگە ئەكس تەسىر، مەھسۇلاتقا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل ئوغۇتنى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرگە ئىشلەتسە ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. 2005 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دۆلەت ئۆلچەم كومىتېتى د ئۆ ن چ [2005] 41 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە GBI5063 كومپلېكس ئوغۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى قايتا بېكىتتى. ئۇنىڭدا كالىي سۇلفاتلىق (تىپى)، كالىي نىتراتلىق (تىپى)، گۈڭگۈرت ئاساسلىق بىرىكمە قىلىنغان ئوغۇت مەھسۇلاتى قاچىلانغان ئورۇنغا «خىلور تەركىبلىك» دېگەن بەلگىنى قويۇشقا بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇ خىل ئوغۇتنى ئىشلەپچىقارغان

كارخانىلارنىڭ نام بەلگىسىنى قويۇشى، بولۇپمۇ ئادەتتىكى كومپلېكس ئو-غۇت (كالىي سۇلفاتلىق تىپى) نىڭ بەلگىسىنى قويۇشقا چەك قويۇلدى.

## 31. فوسفورلۇق ئوغۇتتىكى تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد ۋە تىرىخىلوروئاتسېتىك كىسلاتاسىنىڭ زىرائەتلەرگە كەلتۈرىدىغان زەھىرى ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرى قايسىلار

تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد زىرائەت فىزىيولوگىيەسىدە ئۆستۈ-رۈش تەرتىپسىزلىك ماددىسى دېيىلدى. بۇ ماددا زىرائەتلەرنىڭ ھۈ-جەيرە پىروتوپلازمىسىنىڭ قۇتۇپچانلىق قۇرۇلمىسى ۋە پارچىلىنىش رو-لىنى بۇزىدۇ. تىرىخىلوروئاتسېتىك كىسلاتاسى قۇتۇپچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك مايلىق كىسلاتا بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پارچىلاش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلدى. ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئېنزىم سىستېمىسىنى قالايمىقان قىلىدۇ، ئاكتىپچانلىقىنى ئازايتىپ ئامىنو كىسلاتاسى، ئاقسىل، يادرو كىسلاتاسىنىڭ بىرىكىشىنى تورمۇزلايدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئەڭ ئا-خىردا ئۆسۈملۈك شەكلىنىڭ ئۆزگۈرىشى ۋە قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقىرىدۇ. ئالاقىدار تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد تۇپراققا كىرگەندىن كېيىن مىكرو ئورگانىزملارنىڭ رو-لىدا تىرىخىلوروئاتسېتىك كىسلاتاسىغا ئۆزگىرىدىكەن. تىرىخىلوروئات-سېتىك كىسلاتاسىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزۇن بولغاچقا، زىرائەتلەرگە داۋاملىق زىيان يەتكۈزىدۇ. يەنە تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنى-شىچە، زىرائەتلەر تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىدنى سۈمۈرگەندىن كې-يىن، تېنىدە مەلۇم قويۇقلۇق ھاسىل بولۇپ، كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىكەن.

تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد ۋە تىرىخىلوروئاتسېتىك كىسلاتاسى ئېرىشچانلىقى تېز بىرىكمە بولۇپ، تۇپراققا كىرگەندىن كېيىن، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ئارقىلىق، ھەر قايسى قىسىملىرىغا بارىدۇ، ئادەتتە زىرائەت مايسىلىرى ئۈنۈپ بىر ھەپتە بولغاندا، زىيان يەتكۈزگەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە تېرىلغۇ يەرلەردىكى تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد (تىرىخىلوروئاتسېتىك كىسلاتاسى) نىڭ زىرائەتلەرگە يەتكۈزىدىغان زىيانلىق ئالامەتلىرى 1.1 ـ جەدۋەلدە بېرىلدى:

**1.1 ـ جەدۋەل**

| تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىدنىڭ زىيان يەتكۈزۈش قويۇقلۇقى (ppm) | زىرائەت نامى | | تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىدنىڭ زىيان يەتكۈزۈش قويۇقلۇقى (ppm) | زىرائەت نامى |
|---|---|---|---|---|
| 200 | كېۋەز | | 1.0 | بۇغداي |
| 5.0 | ئۇچقۇلاق | | 0.5 | قوناق |
| 100 | قىچا | | 0.5 | چۈجگۈن قوناق |
| 100 | سەۋزە | | 5.0 (كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى) | شال |
| 5.0 | تەرخەمەك | | 0.5 | سېرىق پۇرچاق |
| 100 (كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىدى) | پەمىدۇر | | 5.0 | كانىماش |

# ئىككىنچى ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## 32. ئوغۇت بەلگىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە تەلەپلىرى قايسىلار

« GB18382 - 2001 » ئوغۇت بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا دۆلەت ئۆلچىمىدىكى ئوغۇت بەلگىسىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە تەلەپلىرى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

1. ئوغۇت بەلگىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى: بىرىنچى، بەلگىدە ئىپادىلەنگەن بارلىق مەزمۇن دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە قائىدە-نىزاملىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى، مۇناسىپ ھالدىكى ئۆلچەم بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، بەلگىدە بارلىق مەزمۇن توغرا، ئىلمىي، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ئىپادىلىنىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، بەلگىدە ئوغۇت كۆپتۈرۈلۈپ بايان قىلىنماسلىقى، ئاشۇرمىچىلىقتا يول قويۇلماسلىقى كېرەك؛ تۆتىنچى، بەلگىدە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدىكى شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوغۇتنىڭ مەلۇم بىر خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق باشقا خىلدىكى ئوغۇتتىن پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

2. ئوغۇت بەلگىسىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر: بەلگە ئارقىلىق بارلىق مەزمۇن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولۇشى، ئۇ ھەم ئېنىق، ھەم ئۇزۇن مۇددەت قوللىنىلىشى كېرەك. ئىشلەتكەن يېزىق ئۆلچەملىك خەنزۇ يېزىقى بولۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ۋە چەت ئەل يېزىقىنى ئىشلەتكەندە، بىرىنچى، ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ نامى بو-

يىچە خىمىيەۋى ئېلېمېنتلار بەلگىسى ياكى مولېكۇلا فورمۇلىسى قوللىنىلىشى كېرەك. قايسى خىل يېزىقنى قوللىنىش ئۆلچەمنى قانۇندا بېكىتكەن بويىچە قوللىنىش، ئۆلچەم بىرلىكىنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، قوللانغان يېزىقلارنىڭ شەكلى GBI90 ۋە GBI91 نىڭ ئۆلچىمى بويىچە بولۇشى كېرەك. ئىشلەتكەن بوياق ياكى رەڭ روشەن بولۇشى، ئېنىق بولۇشى، كۆرگەن ئادەم ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ھەمدە تېزدىن قوبۇل قىلىپ ئەستە ساقلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، ئۇنىۋمدارلىقنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك. مەھسۇلاتنى قاچىلاشقا يول قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈم بېرىش مەزگىلىدىكى چىدامچانلىقىنى تەكىتلىمىگەندە، ئۇ ھەقتىكى ئۇقۇملارنى ئېنىق كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى يوچۇقلارنى ياخشى ئېتىپ، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. تاشقى قاچىلىنىش بەلگىسى لاياقەتلىك كىنىشكىسى، سۈپەت گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارغا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

## 33. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ بەلگىسىدىكى مەزمۇنلار نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

GBI8382 - 2001 ئوغۇت بەلگىسى — دۆلەت ئۆلچىمىدىكى ئوغۇت مەھسۇلاتىنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئوغۇتنىڭ نامى ۋە ماركىسى: ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسىپ ئۆلچىمىنى، بېكىتىلگەن ئوغۇت نامىنى يېزىش كېرەك. ماركىنىڭ نامى ياكى خاس نامىنى مەھسۇلات نامىنىڭ ئاستىغا كىچىك 1 - نومۇرلۇق خەت بىلەن ئىپادىلەپ قويۇش كېرەك. دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسىپ ئۆلچىمىدىكى تەلەپلەردە نامغا ماس كېلىدىغان بەلگە بولمىسا، ساتقۇچى، ئىستېمالچىلار خاتا چۈشىنىپ، ئارىلاشتۇرۇپ قويمايدىغان، ئومۇملاشقان نامىنى قوللىنىش كېرەك. مەھسۇلات نامغا بىر خىل ئوغۇتنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيىتى بىلەن يەنە

بىر خىل ئوغۇت تۈرىدىكى مەھسۇلاتنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە يوق، كۆپتۈرۈلگەن سۆز-ئىبارىلەرنى قوشۇپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. كارخانىلار قايسى ماركىنى رويخەتكە ئالدۇرغان بولسا، شۇنى ئەينەن ئىپادىلىشى كېرەك.

2. ئوغۇت مەھسۇلاتىنىڭ ئۆلچىمى، دەرىجىسى، تەركىبى: بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچەم، دەرىجە، تۈرىنى ئېنىق يېزىشى كېرەك. ئوزۇقلۇق تەركىبىنى يېزىپ قويسا، مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكا كۆرسەتكۈچى تەركىبى ماس كەلگەن مەھسۇلات دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئوغۇت ئايرىم قاچىلانغاندا خالتىسىغا ساپلىق مىقدارىنى ئىپادىلەپ قويۇش كېرەك. ساپلىق مىقدارىنىڭ «مىقدارلىق تاۋارلارنىڭ ئۆلچىمىگە نازارەت قىلىش بەلگىلىمىسى» گە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك.

3. ئوزۇقلۇق تەركىبى: ئادەتتىكى ئوغۇتقا قارىتا بىرلا خىل ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. ئوتتۇرا، مىكرو مىقداردىكى ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان بولسا، ئۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. ئوتتۇرا، مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى، نىسبىتى ۋە ماس كېلىدىغان ئومۇمىي مىقدارىنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. ئوتتۇرا، مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارىنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق مىقدارىغا قوشۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارى 0.2% ياكى ئوتتۇرا مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارى 2% بولسا ئۇنى ئەسكەرتىپ قويمىسىمۇ بولىدۇ. كومپلېكس ئوغۇتنىڭ ئازوت، فوسفور، كالىي مىقدارىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى، ئومۇمىي ئوزۇقلۇق تەركىبى ماسلاشتۇرۇلغان يەككە ئوزۇقلۇق تەركىبى بەلگىسىنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. باشقا ئېلېمېنتلار ياكى بىرىكتۈرۈلگەن ماددىلار بولسا، ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارىغا كىرگۈزۈپ مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. بىرىكتۈرۈلگەن ماددىلارنىڭ تەركىبىدىكى

خىلور، فوسفور بەش ئوكسىد، كالىي خىلورىدنىڭ مىقدارىنى ئايرىم - ئايرىم ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك. مەسىلەن، خىلور، ناترىي ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنىڭ 15-15-15 بولىدۇ. ئىككى مەنبەلىك تەركىبىدە يەككە ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتى بولمىغان ئوغۇت بەلگىسى «O» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئازوت، كالىي ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت 15-10-10 قىلىپ يېزىلىدۇ. مۇبادا ئوتتۇرا، مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار قوشۇلغان ئوغۇت بولسا، خالتىسىغا ۋە سۈپەت گۇۋاھنامىسىگە ئەسكەرتىپ بەلگە قويۇشى كېرەك (دۆلەت ياكى كەسىپي ساھە ئۆلچەم بەلگىسىدىن باشقا). ئوتتۇرا مىقدارلىق ئېلېمېنتلاردىن ئىشلەنگەن ئوغۇتلارغا قارىتا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ۋە ئوتتۇرا مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارى بويىچە بىردەك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مىقدارى 2% تىن تۆۋەن بولغان ئوتتۇرا مىقدارلىق يەككە ئېلېمېنتلارنىڭ زىرائەتلەرگە بولغان تەسىرىنى تولۇق ئەسكەرتىپ بەلگە قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار قوشۇلغان ئوغۇت بولسا، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر مىكرو ئېلېمېنتنىڭ مىقدارى ۋە ئومۇمىي مىقدارىنى ئايرىم-ئايرىم ئەسكەرتىپ بەلگە قويۇشى كېرەك. مىكرو مىقداردىكى ئېلېمېنتنىڭ مىقدارىنى ئوتتۇرا مىقداردىكى ئېلېمېنتلارغا قوشۇۋەتمەسلىك كېرەك.

4. قوشۇلغان باشقا ماددىلارنىڭ مىقدارى بولىدۇ. ئىشلەپچىقارغان ئوغۇتقا باشقا تۈردىكى ماددىلار قوشۇلغان بولسا، بەلگىگە ئۇلارنىڭ تەركىبى ۋە ئومۇمىي مىقدارى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. قوشۇلغان ئۇ ماددىلارنىڭ مىقدارى ئاساسىي ئوزۇقلۇق تەركىبى بىلەن تەڭ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئۆلچەم بەلگىسىدە چەكلەنگەن ھەم ئەسكەرتىلگەن ماددا، ئېلېمېنتنى چەتكە ئىپادىلەش شەكلى بىلەن ئىزاھلاپ قويۇش كېرەك.

5. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ۋە تىزىملاش نومۇرى بولىدۇ. دۆلەت يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامە نومۇرى، تىزىملاش كىنىشكا نومۇ-

رىنى مەھسۇلات بەلگىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

6. ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن ساتقۇچىلارنىڭ نامى، ئادرېسى بولىدۇ. قانۇن بويىچە تىزىملىغان ھەم مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى زىممىسىگە ئالغان ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچىلار نامىنى مەھسۇلات بەلگىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

7. ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، تەستىق نومۇرى بولىدۇ. مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك كىنىشكىسى، سۈپەت ئىسپاتنامىسى، قاچىلانغان، ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، تەستىق نومۇرى قاتارلىقلارنى مەھسۇلات بەلگىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

8. ئوغۇتنىڭ ئۆلچىمى بولىدۇ. ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا تەتبىقلانغان ئۆلچەم نومۇرىنى مەھسۇلات بەلگىسىگە كىرگۈزۈپ قويۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ ياكى كەسپىي ساھەنىڭ ئوغۇت مەھسۇلاتىغا قارىتا بېكىتىلگەن ئۆلچىمىگە يەتمىگەن باشقا تۈردىكى ئېلېمېنتلار ياكى قوشۇلغان ماددا بولسا، ئۇ ھالدا چوقۇم كارخانىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىشى زۆرۈر. ئۇ چاغدا شىركەت ئۆلچىمى بويىچە قوشۇلغان ئېلېمېنتلار ياكى قوشۇلغان ماددىلارنى ئانالىز قىلىپ، تەتبىقلاپ، شۇ ئاساستا دۆلەت ئۆلچىمى ياكى كەسپىي ساھەنىڭ ئۆلچىمى بويىچە كارخانا ئۆلچىمىنى مەھسۇلات بەلگىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك.

9. دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار بولىدۇ. ئوغۇتنى توشۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش جەريانىدا بىخەتەرلىك، ساغلاملىققا زىيان سېلىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى مەھسۇلات بەلگىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

## 34. كومپلېكس (بىرىكمە) ئوغۇتتىكى ئومۇمىي ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ مىقدارى ئوغۇت ئورنىدا قانداق قوللىنىلىشى كېرەك

ھازىر ئوغۇت بازارلىرىدا كومپلېكس (بىرىكمە) ئوغۇت مەھسۇلاتىنىڭ

ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى كۆرسىتىشتە مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

بىرى، ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدا كەسىر سان ئېلىنىدۇ، مەسىلەن، 40.0%، 36.0%، 30.0%، 28.0%، 25.0% قاتارلىقلار. يەنە بىرسى، ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدا كەسىر سان ئېلىنمايدۇ، مەسىلەن، 40%، 36%، 30%، 28%، 25% قاتارلىقلار. ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى توغرا؟ GBI5063 - 2001 كومپلېكس ئوغۇتنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىدىكى تەلەپتە ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدار كۆرسەتمىسى چوقۇم بىرلا ساندا ئىپادىلىنىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، بۇنىڭدىكى توغرا كۆرسەتمە 40.0%، 32.0%، 31.0%، 30.0%، 25.0% بولىدۇ. ئەگەر يۇقىرى قويۇقلۇقى 40.0%، ئوتتۇراھال قويۇقلۇقى 30.0%، تۆۋەن قويۇقلۇقى 25.0% بولسا، ئۇ چاغدا كىچىك ساندا قالدۇرۇشقا تېگىشلىك. باشقا ئۆلچەملىك ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ مىقدارى، مەسىلەن، 36.0%، 31.0% بولسا، ئۇنى كىچىك ساندا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوغۇت ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار ئوغۇت قاچىلىنىدىغان ئورىغا 36%، 31% قىلىپ ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۆلچەملىك كۆرسىتىش ئەمەس ھەم GBI5063 - 2001 كومپلېكس ئوغۇتنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىنى خاتا چۈشىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كومپلېكس ئوغۇتتىكى ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ قانداق ئۆلچەمدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلەت ئۆلچىمىدە بېكىتىلگەن ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدار كۆرسەتمە ئۆلچىمى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. ھازىر ئوغۇت بازارلىرىدا كومپلېكس ئوغۇت مەھسۇلاتىدىكى ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدار بەلگىسى ئۆلچەملىك بولمايۋاتىدۇ، نۇرغۇن كارخانىلار ئۇزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئومۇمىي مىقدار بەلگىسىدە پۈتۈن سانىنى ساقلاپ كىچىك بىرلىك سانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ توغرا بولمىغان ئەھۋال. نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىك تاۋارلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى زورىيىۋاتىدۇ. شۇڭا،

كومپلېكس ئوغۇت سۈپىتىگە بولغان نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىچ-
كى قىسمىدا بولۇپلا قالماستىن، مەھسۇلات بەلگىسىدە ساقلانغان مەسى-
لىلەرنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، تەرتىپكە سېلىشتىمۇ گەۋدىلەن-
دۈرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى
ئۆلچەملىك بولمىغان مەھسۇلات بەلگىسىنى تۈزىتىشى كېرەك.

## 35. ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلار مەھسۇلات بەلگىسىنى ئۆلچەمسىز قىلىپ قويسا قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ

ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ دىققەت ئېتىبارى ۋە ئەھمىيەت بې-
رىشىنى قوزغايدىغان ئىش، مەھسۇلات بەلگىسىنى قانۇن بويىچە قوي-
غان-قويمىغانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا يېتەرسىزلىك كۆرۈلسە، ئادەتتە ئۇنى
كۆرسەتمىدىكى خاتالىق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل خاتالىق ئادەم ۋە
مال-مۈلۈكنى زىيانغا ئۇچراتسا، مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانا
قانۇن بويىچە تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەھسۇلات
بەلگىسى ئەمەلىيەتتە ئىشلەپچىقارغان كارخانىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ
ئىشلەپچىقارغان كارخانا ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتنىڭ ئالاھىدىلى-
كى، خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇبادا
مەھسۇلات بەلگىسىگە مەھسۇلاتنىڭ ئەمەلىي سۈپىتى ماس كەلمىسە، ئۇ
ھالدا ئاشۇ خىل مەھسۇلات ئىستېمالچىلارغا ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلى-
دۇ. ئاۋارىچىلىك ئېغىر بولغاندا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەھ-
سۇلاتقا زور زىيانلارنى سالىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەھ-
سۇلات بەلگىسى ساختا بولسا ياكى مەھسۇلات بەلگىسىنى سۈيىئىستېمال
قىلىپ ئالدايدىغان ھەرىكەتلەر يۈز بەرسە، ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان خې-
يىم - خەتىرى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، ئوغۇت ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن
مەھسۇلات بەلگىسىنى ئۆلچەملىك، جانلىق، ئېنىق قويۇشى كېرەك.

مەھسۇلات بەلگىسى قانۇن - نىزاملارغا ئۇيغۇن قويۇلماي باشقىچە ئا-
قىۋەت كەلتۈرسە، سۈرۈشتە قىلىش، تۈزىتىش كېرەك.

## 36. تەركىبىدە ئازوتلۇق سېلىترا، لىمون كىسلاتا - سىدا ئېرىيدىغان (构溶性) فوسفور بار بولغان ئوغۇتنىڭ بەلگىسى ئوروسىدا قانداق ئىپادىلىنىدۇ

GBI5063 - 2001 ئارىلاشتۇرۇلغان (بىرىكمە) ئوغۇت دۆلەت ئۆلچە-
مىدە مۇنداق بېكىتىلىدۇ: مەھسۇلات تەركىبىدە ئازوتلۇق سېلىترا بولسا
قاچىلانغان ئوروغا «ئازوتلۇق سېلىترا تەركىبلىك» بەلگىسى يېزىلىدۇ.
لىمون كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان فوسفورلۇق ئوغۇتتا فوسفور ئاساسىي
ئوغۇت بولسا، قاچىلانغان ئورودا «لىمون كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان
فوسفور تەركىبلىك» دېگەن بەلگە سېلىنىدۇ. باشقا تۈردىكى ئارىلاشما
ئوغۇتلارغىمۇ تەركىبگە قاراپ بەلگە سېلىنىدۇ.

## 37. ئوغۇتنىڭ سۈپەت ئىسپاتنامىسىدىكى مەزمۇن ۋە تەلەپلەر قانداق بولىدۇ

ھەر قانداق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىشلەپچىقارغان ھەر
بىر مەھسۇلاتىغا سۈپەت ئىسپاتنامىسى ئېلىشى كېرەك. بۇ ئارقىلىق
ھەر بىر سېتىۋالغۇچىغا، دېھقان-چارۋىچىغا مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى،
ئىشلىتىلىشى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.
ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىستېمالچىلارغا بەرگەن سۈپەت
ھەققىدىكى ۋەدىسىنىڭ مۇھىم ئىسپاتى بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا،
ھەر قانداق ئەھۋالدا مەھسۇلات ئوروسىغا سۈپەت ئىسپاتنامىسى چاپلى-
نىشى، قوشۇمچە قىلىپ قويۇشنى دائىملاشتۇرۇشى كېرەك.

1. ئىسپاتنامىنىڭ مەزمۇنى: سۈپەت ئىسپاتنامىسىغا مەھسۇلات ئىش-
لەپچىقارغان كارخانىنىڭ نامى، ئادرېسى، مەھسۇلات نامى، تەستىق نو-

مۇرى ۋە ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، مەھسۇلات دەرىجىسى، مەھسۇلات ئې-غىرلىقى، ئوزۇقلۇق تەركىبلىرىنىڭ مىقدارى، شۇنداقلا ئازوت، خلور ئىيونى، فوسفور، كالىي قاتارلىقلارنىڭ مىقدارى، ئىشلەپچىقىرىش ئىجا-زەتنامە نومۇرى، ئوغۇت تىزىملاش كىنىشكا نومۇرى، مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچەملىك نومۇرىنى يېزىش كېرەك. كالتسىي، ماگنىي، لىمون كىسلا-تاسىدا ئېرىيدىغان فوسفور ئوغۇتى قاتارلىقلارنى «لىمون كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان فوسفورلۇق ئوغۇت» دەپ ئىزاھلاپ قويۇشى كېرەك.

2. ئىسپاتنامىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر: بىرىنچى، سېلىپ قويۇش ئورنى: كۆپ ھاللاردا ئوغۇت ئىشلەپچىقارغان كارخانىلار سۇپەت ئىس-پاتنامىسىنى ئوغۇت قاچىلانغان ئورونىڭ ئىچىگە سېلىپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا ۋاقىت ئۇزارسا قەغەزدىكى مەزمۇننى ئوچۇق ئوقۇغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئورو (خالتا) نىڭ ئېغىز تەرىپىگە تىكىپ قويۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، قەغەز ئۆلچىمى: سۇپەت ئىسپاتنامىسى بېسىلىدىغان قەغەز ناھايىتى ياخشى بولۇشى كېرەك، يېزىلىدىغان خەت ئۆلچىمى ۋە نامى ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا بولسا بولىدۇ. بەك كىچىك بولۇپ قالسا، ئىستېمالچىلار ئوقۇيالمايدۇ. قەغەزنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، ئوبرازلىق ۋە روشەن بولىدۇ.

## 38. لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولغان مەھسۇلاتقا بەلگە قويغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇرىنى ئەسكەرتىش كېرەكمۇ - يوق

لاياقەت گۇۋاھنامىسگە ئېرىشكەن مەھسۇلاتنى نازارەت قىلىپ باش-قۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ لاياقەتلىك مەھسۇلات بىلەن لايا-قەتسىز مەھسۇلاتنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. لاياقەتسىز مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا قارىتا ئۈنۈملۈك زەر-بە بېرىش ئۈچۈن دۆلەت مۇنداق تەدبىرنى بېكىتتى: لاياقەت گۇۋاھنا-مىسگە ئېرىشكەن مەھسۇلاتقا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامە نومۇرىنى

ئەينەن يېزىپ بەلگە قىلىپ قويۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەھسۇلات تەكشۈرۈلۈپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. لاياقەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن كارخانىلار لاياقەتلىك مۇددىتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بەلگىسىنى توغرا قوللىنىشى، كەلسە - كەلمەس ئىشلەتمەسلىكى، ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكى شەرت. گۇۋاھنامىنىڭ مۇددىتى توشقاندا قايتا رەسمىيەت ئۆتەپ بەلگىنى ۋاقتىدا يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇشى كېرەك. ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بۇ خىل گۇۋاھنامە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بەلگىسىنى توغرا ئىشلىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بەلگىسىنى يالغاندىن ياساش، قارىسىغا ئىشلىتىشتەك ھەرىكەتلەر قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## 39. كېرەكسىز سۇلفات كىسلاتاسىدىن ئىشلەنگەن كالتسىي سۇپېر فوسفاتنىڭ زىرائەتلەرگە زىيىنى بولامدۇ؟ كارخانىلار تىزگىنلەشتە قايسى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ

فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئاز ساندىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تېجەش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئايرىم ۋاستىلەرنى قوللىنىپ پايدا ئالىدۇ. مۇبادا كېرەكسىز سۇلفات كىسلاتاسىنى ئىشلىتىپ كالتسىي سۇپېر فوسفات ئىشلەپچىقارسا، ئۇنىڭ تەركىبىدە تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد ياكى تىرىخلوروئاتسېتىك كىسلاتا بار بولىدۇ. بىر قانچە يىللىق تەجرىبىدىن قارىغاندا، تەركىبىدە تىرى خىلورلۇق ئېتىل ئالدېھىد ياكى تىرىخلوروئاتسېتىك كىسلاتا بولغان ئوغۇتنى ئىشلەتسە، ئايرىم زىرائەتلەردە ئوخشاش بولمىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، زىرائەت غولىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، يەنى يىلتىز سىستېمىسى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ قالىدۇ. يېڭى ھاسىل بولىدىغان يىلتىزلارنىڭ سانىمۇ ئازىيىپ كې-

تىدۇ. بۇ، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ،
ھەتتا ئايرىم ئەھۋالدا مايسىلار نابۇت بولىدۇ. بولۇپمۇ تىرى خىلورلۇق
ئېتىل ئالدېھىدنىڭ بۇغدايغا سالىدىغان زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر بولىدۇ،
ئايرىم ئەھۋالدا بۇغداي تۈپلىرى دان تۇتمايدۇ. فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ
سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقى-
رىدىغان كارخانىلار چوقۇم كېرەكسىز سۇلفات كىسلاتاسىنى ئوغۇتقا
قوشۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى
بىر نەچچە ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك: بىرىنچى، سۇلفات كىسلاتا-
سىنىڭ خام ماتېرىيالنى كىرگۈزۈش ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەش كې-
رەك. دۆلەت بېكىتكەن فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنا-
مىسىنى تەكشۈرۈش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، خام ماتېرىيال كىرگۈ-
زۈش تەلىپىنى تولۇق ئادا قىلىش، مال كىرگۈزۈش ئىقتىدارى، ئىش-
لەپچىقىرىش شەرت-شارائىتى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى نەزەرگە ئېلىش
كېرەك؛ ئىككىنچى، خام ماتېرىيالنىڭ سۈپەت - دەرىجىسىنى ئالدىنقى
ئورۇنغا قويۇپ، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك. خام ماتېرىيال
زاۋۇتقا كىرگەندىن كېيىن ئانالىز قىلىپ تەكشۈرۈش، ئۆلچەمنى ئالدىن-
قى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. سۈپەتسىز خام ماتېرىيالنى ئىشلىتىشكە
ھەرگىز يول قويۇلماسلىق كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا خام ما-
تېرىيالنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى، فوس-
فورلۇق ئوغۇتنى زاۋۇتتىن چىقىرىشتا ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلەش كې-
رەك. سۈپەتسىز مەھسۇلات كۆرۈلسە نازارەتچى خادىملارغا ۋاقتىدا
دوكلات قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ زىيان سېلىش ئېھتىماللىقى بار مەھ-
سۇلاتقا قارىتا تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئەينەن دوكلات قىلىش كې-
رەك. دېمەك، فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار فوس-
فورلۇق ئوغۇتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى،
كېرەكسىز سۇلفات كىسلاتاسىنى ئىشلىتىپ، فوسفورلۇق ئوغۇت ئىش-
لەپچىقىرىش ھادىسىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك.

## 40. ئورىيا تەركىبىدىكى بىئورېتنىڭ مىقدارى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە زىرائەتلەرگە قارىتا قاندىاق تەسىرى بولىدۇ

ئورىيا ئاساسلىق ئازوتلۇق خىمىيەۋى ئوغۇت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسىي مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئورىيا ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا تېمپېراتۇرا 33℃ تىن يۇقىرى بولسا دانچە ھاسىل قىلىپ، قىسمەن ئورىيا بىئورېتقا ئۆزگىرىدۇ. رېئاكسىيە جەريانى مۇنداق:

$$2CO(NH_2)_2 \quad NH_3COHCONH_3+NH_3$$

ئورىيا　　　بىئورېت　ئاممىياك

ئورىيا تەركىبىدىكى بىئورېتنىڭ مىقدارى دۆلەتنىڭ ئۆلچەم بەلگىلىمىسىدىكى كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتسە، مەھسۇلات لاياقەتسىز بولىدۇ. بىئورېت مىقدارى ئۆلچەمدىن بەك ئېشىپ كەتسە، زىرائەتلەرنى زەھەرلەيدۇ. زىيان سېلىش تۈپەيلىدىن كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. تاۋۇز زەھەرلەنسە، تاۋۇزنىڭ پىلىكى ئىنچىكە ۋە قىسقا، يوپۇرماقلىرى كىچىك، بىنورمال ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى سۇس سېرىق بولۇپ، ئۆسۈشى ئاستا، يوپۇرماق ئەتراپىدا قوڭۇر رەڭلىك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ، تەستە چېچەكلىسىمۇ سويما سالمايدۇ، ئېغىر بولغاندا تاۋۇز تۈپلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ.

2. كۆزگى بۇغداي (%8.3 ~ 5.7) غا بىئورېت تەركىبى بار ئورىيانى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكەندە، ئۇرۇقنىڭ بىخ سۈرۈش نىسبىتى پەقەت %50 ~ 30 بولىدۇ. يەككە تۈپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ سانى ئومۇمىي يوپۇرماق سانىنىڭ %60 نى ئىگىلەيدۇ. يىگى يىلتىز سانى ئومۇمىي يىلتىز سانىنىڭ %40 نى ئىگىلەيدۇ.

3. كېۋەز زەھەرلەنسە، يوپۇرماقنىڭ ئەتراپىدا قوڭۇر رەڭلىك ياكى

جىگەر رەڭلىك دانچىلار پەيدا بولىدۇ. بەزىدە يوپۇرماقلىرى تەدرىجىي قۇرۇپ كېتىدۇ. ئېغىر بولغانلىرى قۇرۇپ، چۇشۇپ كېتىدۇ.

4. شال زەھەرلەنسە، تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىكى مايسىلارنىڭ ئىككىنچى يوپۇرمىقى ئاقىرىپ كېتىدۇ، ئۇچىنچى يوپۇرمىقى ۋە يوپۇر-ماق غىلىپى ياكى يوپۇرماقنىڭ قىسمەن تەرىپى ئاقىرىدۇ، ئاخىردا يو-پۇرماق نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. يوپۇرمىقى ئاقىرىپ كەتكەن شاللىقلاردا شال تۇپلىرى ئاندا - ساندا ئالىچىپار بولۇپ قالىدۇ.

## 41. كومپلېكس ئوغۇت (BB ئوغۇتى) بۆلۈنۈپ كېتىش ھادىسىسىنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك

كومپلېكس ئوغۇت (BB ئوغۇتى) بۆلۈنۈپ كېتىش ھادىسىسى، يەنى ئۇششاقلاپ ئۇرالغان ئوغۇتنى زاپاس ساقلاش، توشۇش جەريانىدا دۆ-ۋىلەپ قاچىلانغان ئوغۇتنىڭ گورۇپپىلارغا ئايرىلىشى بىردەك بولمايدۇ. ئۇ توشۇش جەريانىدا سىلكىنىپ بۆلۈنۈپ كېتىش، دۆۋىلەپ قويۇش جەريانىدا بۆلۈنۈپ كېتىش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا باللىستىك بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۆلۈنۈش ھادىسىسى ئاساسەن ئوغۇتنىڭ ئارىلاشتۇرۇلغان ماددا دانچىلىرى ئوخشاش بولمى-غاندا يۈز بېرىدۇ.

## 42. ئورگانىك - ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنىڭ سۈپىتىنى قانداق قىلغاندا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ

دۆلىتىمىزدە ئورگانىك-ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت ئىش-لەپچىقىرىدىغان كارخانىلار كۆپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، بىرىنچىدىن، بۇ خىل كارخانىلار ئاز، ئىككىنچىدىن، مەھسۇلا-تى ئاز، ئۇچىنچىدىن، مەھسۇلات سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتمەيدۇ. بۇ يەر-

دىكى توپ مەسىلە ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا
سەۋىيەسى تۆۋەن، ئوغۇتنى سېتىش يولى كەڭ ئەمەس. ئورگانىك -
ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنىڭ باھاسى باشقا ئوغۇتلارغا قارى-
غاندا بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. بۇ سېتىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشى-
نى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ يەنە سۈپەت مەسىلىسى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك بولىدۇ. ئورگانىك-ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇتنى
ئومۇملاشتۇرۇش بىر قەدەر قىيىن بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەسىلىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇنداق بىر قانچە خىل ئىشنى قىلىش كېرەك:

1. خام ئەشيا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۇرغۇن كارخا-
نىلار ئورگانىك-ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش
داۋامىدا خام ئەشيانىڭ تاشقى سۈپىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلغانلىقى سە-
ۋەبىدىن، كىرگۈزگەن خام ئەشيالارنىڭ ماھىيەتلىك سۈپىتى تەلەپكە
يەتمەيدۇ. بۇنى ھەل قىلىشتا كارخانىلار خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى
تەرەپنىڭ شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار ھەققىدە
كونكرېت ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىشى، بولۇپمۇ خام ئەشيانىڭ سۈپىتى
جەھەتتىكى يېتەرسىزلىك تۈپەيلىدىن چىرىش، بۇزۇلۇش ئەھۋالى
ھەققىدىكى تېخنىكا ۋە ئاساسلارنى ئىسپاتلاش، خام ئەشيا سۈپىتىنى
تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىشى كېرەك.

2. كارخانىلار خام ماتېرىيالنى ئۆزى تەييارلاشقا سەل قارىماسلىقى
كېرەك. يەنى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىدىغان خام ئەشيانى
باشقىلارنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىۋالماستىن، ئۆزى تەييارلاشقىمۇ ئەھمى-
يەت بېرىشى كېرەك. خام ئەشيالارغا نىسبەتەن سۈپەت ئۆتكىلىنى
ياخشى تۇتۇش كېرەك. سۈپەتنى ئورگانىك ئوغۇتنىڭ ئۆلچەم-تەلىپى-
گە ئاساسەن ماس كەلتۈرۈش كېرەك. ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەپچىقى-
رىدىغان كارخانىلار خام ئەشيانى ئۆزى تەييارلىسا، چوقۇم زىيانسىز بىر
تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسىنى ھازىرلىشى كېرەك. بۇنداق ئۈسكۈنە بول-
مىسا مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ئوخشاش بول-

مغان خام ئەشيانى بىر تەرەپ قىلىش ئۇنۇمى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدىغان تېخنىكا ۋە ئۇسكۇنە ئوخشاش بولمايدۇ.

3. تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇشى كېرەك. مەسۇلات ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى بويىچە تەكشۈرۈش شارائىتى ھازىرلىمىغان كارخانىلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، لاياقىتى ئېتىراپ قىلىنغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا بىر تەرەپ قىلىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ھاۋالە قىلغاندا ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالايدۇ. كېلىشىمنامىدە قايسى تۈرلەرنى تەكشۈرۈش بىلەن ئىككى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدىغان مەجبۇرىيەتلەر ئېنىق بېكىتىلگەن بولۇشى كېرەك. ئۆزۈقلۇق تەركىبى بىلەن ئورگانىك ماددا قاتلىمىنى كارخانىلار ئۆزى تەكشۈرسىمۇ بولىدۇ.

## 43. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مونەك بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب نېمە، ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مونەك بولۇپ قېلىشى ئوغۇتقا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال ۋە ئۇنى ساقلاش، توشۇش ئىشلىرىغا باغلىق بولىدۇ. ماتېرىيال ۋە ئوغۇتتا كرىستال دانچىلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق فىزىكىلىق ھادىسە پەيدا قىلىپ، بىر جايغا يىغىلىۋالىدۇ. مونەك بولۇپ قالغان ئوغۇتنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولغاچقا، سىرتقى شەكلى باشقىچە تۇسكە كىرىپ قالىدۇ. قاچىلاش بىئەپ، ئىشلىتىش ئۇنۇمى تۆۋەن بولىدۇ. يەنە مونەك بولۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى بىر قەدەر مۇرەككەپ. ئادەتتە ئوغۇتنى قاچىلاشتىن بۇرۇن تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىپ قۇرۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا مەلۇم مىقداردا نەملىك ساقلىنىدۇ، ئۇ كرىستاللاشقان سۇ ۋە سۈمۈرۈلگەن نەملىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زاپاس ساقلاش جەريانىدا ئوغۇت ئىسسىقتا باشلايدۇ ۋە كرىستال دانچىلار ئارا سۈمۈرۈلگەن نەملىك

كىرىستال دانچىلارنىڭ كاۋاكلىرىدىن تاشقى قىسمغا قاراپ كېڭىيىدۇ. سۇمۇرۇلگەن بۇنداق نەملىكتىن دانچىلار تېزدىن ئېرىپ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىرىستال دانچىسىنى تۇتاشتۇرىدۇ، مۇبادا هاۋا قۇرغاق، تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا، كىرىستال ئارا نەملىكنى يوقىتىپ، ئاخىردا كىرىستال دانچىلار ئارا «كىرىستال كۆۋرۈكى» ياكى كاپىليارلىق يېپىشىپ قېلىش ئارقىلىق مونەك پەيدا قىلىدۇ.

مونەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوغۇتنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، دانچىلارنىڭ قاتتىقلىق بىردەكلىكى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشىنىڭ پارقىراق ۋە پاكىزلىقىنى ساقلاش، چاك-توزان مىقدارىنى ئازايتىش، زاپاس ساقلاش، توشۇش جەريانىدىكى زىيانلىق ئامىللاردىن ساقلىنىش كېرەك. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا مونەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش دورىسى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

## 44. كومپلېكس ئوغۇتنىڭ لاياقەتسىز بولۇپ قالغانلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

كومپلېكس ئوغۇت ئازوت، فوسفور، كالىيدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوزۇقلۇق تەركىبىنى ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلىدىن بۇ خىل ئوغۇتتىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەر تەكشى بولمايدۇ. بۇ لاياقەتسىز مەھسۇلات كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەب. دۆلەت ئۆلچىمىدە ئوغۇت زاۋۇتتىن چىقىرىلىشتىن ئىلگىرى لاياقەتلىك مەھسۇلات بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش بېكىتىلگەن. بۇنى نەزەردە تۇتقاندا، كارخانىلار مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-تېخنىكىسىنىڭ پارامېتىرىنى قاتتىق تىزگىنلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوچۇق-ئاشكارا بەلگىلىمە چىقىرىپ، لاياقەتسىز مەھسۇلاتنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش كېرەك. ياخشىلاش تەدبىرلىرى مۇنداق ئىككى

تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، لاياقەتسىز مەھسۇلات كېلىپ چىقىش نىسبىتىنى تىزگىنلەش كېرەك. كارخانا رېتسىپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشىگەندە، ئاسانلا مەھسۇلات سۈپىتىدە داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ. خام ئەشيانىڭ سۈپىتى، رېتسىپى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىدە داۋالغۇش پەيدا بولماسلىقى مۇمكىن. لاياقەتسىز مەھسۇلات كۆرۈلسە سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ تېزدىن ھەل قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، قايتا ئىشلەش تېخنىكىسىنى ياخشى ئىشلەش، ئايرىلاشتۇرۇش، دانچە ياساش مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. لاياقەتسىز مەھسۇلات بىلەن لاياقەتلىك مەھسۇلاتنى ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئوغۇتنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى تەكشى بولمايدۇ. قايتا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتقا قارىتا سۈپەت تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، لاياقەتلىك بولغاندا ئاندىن زاۋۇتتىن چىقىرىش كېرەك.

## 45. زاۋۇتتىن چىقىرىشتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈش بىلەن نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنىڭ قانداق پەرقى ۋە ئوخشاشلىقى بار

بىرىنچى، ئىككى خىل تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولۇپ، تۈپ مەقسەت ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش. ئۇ كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ؛ ئىككىنچى، تەكشۈرۈش مەزمۇنى ۋە تەلەپلىرى ئوخشاش بولۇپ، تەكشۈرۈشتە بىر خىل ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىدۇ.

ئوغۇتنى زاۋۇتتىن چىقىرىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش بىلەن نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنىڭ ئەڭ زور پەرقى، تەكشۈرۈش خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئوغۇتنى زاۋۇتتىن چىقىرىشتىن بۇرۇنقى تەكشۈرۈش بولسا، كارخانىلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «مەھسۇلات سۈپەت قانۇنى» دېيىلىدۇ) ۋە مەھسۇلات ئۆلچىمى ئارقىلىق مەھسۇلات سۈپىتىنى كارخانا ئۆزى تەكشۈرۈپ، دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشنى نەزەردە تۇتىدۇ. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش بولسا، قانۇنىي مەسئۇلىيەت بولۇپ، دۆلەتكە ۋاكالەتەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشتە ئېھتىياجغا ئاساسەن مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. كارخانىلار ۋە ئىستېمالچىلار پائال ماسلىشىپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى قوللىشى كېرەك.

## 46. قانداق ئەھۋالدا كارخانىلار مەھسۇلات ئۆلچىمىنى بېكىتىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆلچەملەشتۈرۈش قانۇنى»نىڭ 2 - باب 6 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسىپ ئۆلچىمى بولمىسا، كارخانا ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك. كارخانىلار بۇنداق ئۆلچەمنى قوللانغاندا شۇ جايدىكى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تارمىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماققا مەلۇم قىلىشى كېرەك. دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسىپ ئۆلچىمى بولغان بولسا، كارخانىلار دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسىپ ئۆلچىمىدىن قاتتىق بولغان ئۆلچەمنى بېكىتىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قوللىنىشنى يولغا قويسا بولىدۇ. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ 3 - باب 15 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: كارخانىنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمى ئېلان قىلغاندىن كېيىنكى 30 كۈن ئىچىدە بەلگىلىمە بويىچە شۇ يەردىكى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ئالاقىدار مەمۇرىي تارماققا يوللاپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى، «كارخانا مەھسۇلاتىدا ئۆلچەمنى ئىجرا قى-

لىش كىنىشكىسى»گە تىزىملىتىشى كېرەك. تىزىملىتىپ ئەنگە ئالدۇر-
غان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمى ئۇنۇملۇك ئۆلچەم بولىدۇ.
ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش تارمىقى تىزىملات-
قان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە قارىتا بىر تۇتاش ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ
باشقۇرىدۇ. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش
ئۇسۇلىنىڭ 2 ـ باب 13 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: مەھسۇلات
ئۆلچىمىنى چوقۇم تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە يەتكۈزۈش كېرەك: بىرىنچى،
ئۆلچەمنىڭ مەزمۇنى مۇكەممەل، تولۇق بولۇشى، مەھسۇلاتنىڭ ئالاھى-
دىلىكى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، تېخنىكا كۆرسەتكۈچى بولۇشى
كېرەك؛ ئىككىنچى، سىناق، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈش پى-
رىنسىپى، تېخنىكا ئۆلچىمى مۇۋاپىق بولۇشى، يولغا قويغىلى بولۇشى
كېرەك. جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش
ئۇسۇلىنىڭ 2 ـ باب 14 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: كارخانا
مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرى-
دىغان كارخانا، پەن-تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتە-
خەسسىسلەردىن ۋەكىللەر ئۇيۇشتۇرۇپ تەشكىللەپ باھالاش ۋە تەكشۈرۈش
كومىتېتى تەشكىل قىلىش كېرەك. كارخانىلار باھالاش ۋە تەكشۈرۈش
كومىتېتىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن رەتلەپ، كارخانا ۋەكىلى تەستىقلاپ
تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

## 47. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى بېكىتىشكە قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ

بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كارخانىلار تەتقىق قىلىپ يا-
سىغان يېڭى مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكا تەلەپلىرىنى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى،
كەسىپ ئۆلچىمىگە تولۇق ماس كەلتۈرۈش تەس بولغان ئەھۋالدا،
كارخانىلار ئۆز ئالدىغا مەھسۇلات ئۆلچىمىنى بېكىتسە بولىدۇ. دۆلەت
كارخانا ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە قاتتىق بولغان ئۆلچەمنى تەتبىقلاپ، ئىلـ-

ھەم بېرىشنى يولغا قويىدۇ. بىراق نۇرغۇن كارخانىلار تۈزگەن مەھسۇلات ئۆلچىمى دۆلەت ۋە كەسىپ ئۆلچىمىگە يەتمەي، دۆلەت ئۆلچىمىدىكى بەلگىلىمىلەردىن بەك يىراقلاپ كەتكەن. بەزى مەھسۇلاتلارغا قارىتا دۆلەت ئۆلچىمىدە ئاساسىي ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ تېخنىكا تەلەپلىرىگە نىسبەتەن ئۆلچەم بولسىمۇ، لېكىن كارخانىلار ئۆزىگە پايدىلىق بولۇشىنى كۆزلەپ، باشقا كارخانىلار قوللانغان مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تەتبىقلاپ ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. كارخانا ئۆلچەم بەلگىلىمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە كارخانىلار بەلگىلىمىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆلچەمنى ئەتراپلىق بېكىتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچى، ئېتىز - ئېرىقلاردا سىناش تەلىپى: كارخانىلار تەتقىق قىلىپ ياسىغان يېڭى مەھسۇلاتنى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تارماقلىرى ئېتىز - ئېرىقلاردا سىناپ تەجرىبە قىلىشى ھەمدە سىناقتىن كېيىن ئىشلىتىشكە يوللىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، تەلەپ بويىچە باھالاپ تەكشۈرۈش تەلىپى: كارخانىلار تۈزگەن مەھسۇلات ئۆلچىمىنى دېھقانچىلىق تېخنىكا سېپىدىكى مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۆلچەملىك تىزىمغا ئالدۇرۇش تەلىپى: كارخانىلار تۈزگەن كارخانا مەھسۇلات ئۆلچىمىنى شۇ جايدىكى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. تىزىملاتمىغانلىرىنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. كارخانىلار ئىجرا قىلىۋاتقان ئۆلچەملىك مەھسۇلاتىغا قارىتا ئوروسىغا كارخانىنىڭ ئۆلچەم نومۇرىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى، باشقا مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچەم نومۇرىنى ۋاكالىتەن ئىشلىتىپ قويماسلىقى كېرەك.

## 48. قايسى خىل ئوغۇتقا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى كېرەك

دۆلىتىمىز 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ كومپلېكس

ئوغۇت، كالتسىي سۇپېر فوسفات قوشۇلغان ئوغۇتلارغا سانائەت مەھ-سۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدا دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسى «كومپلېكس ئوغۇت ئىش-لەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپلىرى»نى ئېلان قىلدى. بۇ پىرىنسىپلاردا كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرگەندىن سىرت، كومپلېكس ئو-غۇت، ئورگانىك ـ ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت قاتارلىقلارغى-مۇ كىنىشكا ئېلىشنىڭ تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئوغۇت مەھسۇلا-تىنى تەييارلاشقا ئىشلىتىدىغان ئەسلىھەلەر، ئۈسكۈنە ـ تېخنىكا، تەك-شۈرۈپ بېكىتىش سايمانلىرى قاتارلىقلارمۇ كونكرېت كۆرسىتىلدى (مەزمۇنىنى 2. 2 ـ جەدۋەلدىن كۆرۈڭ).

## 49. فوسفورلۇق ئوغۇت، كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىشنىڭ تەرتىپلىرى قانداق بولىدۇ

2003 ـ يىلى دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، كومپلېكس ئو-غۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى يولغا قو-يۇشنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپلىرىنى يېڭىدىن ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا كومپلېكس ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇتقا كىنىشكا بېجىرىشنىڭ تەرتىپ-لىرى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. ئالدى بىلەن كارخانا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى (ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىش-

خانىسى) غا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس سۇنۇپ، كومپلېكس ئو-غۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەپسىلىي پىرىن-سىپلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىلتىماس ماتېرىيالى تەييارلايدۇ.

2. كارخانىلار سۇنغان ئىلتىماسنى ئۆلكە دەرىجىلىك سۇپەت-تېخ-نىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى (ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانى-سى) قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەن-گەن مۆھلەتتە بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقىرىدۇ ۋە يازمىچە ئۇقتۇ-رۇش قىلىدۇ.

3. دۆلەتلىك سۇپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئوغۇت تەكشۈرۈش باشقارمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئوغۇت تەكشۈرۈش باشقارمىسى دېيىلىدۇ) ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك سۇپەت-تېخنىكا نازا-رەتچىلىكى ئىدارىسى (ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسى) ئو-مۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئەۋرىشكە ئېلىپ باھالايدۇ. ئوغۇت تەكشۈرۈش باشقارمىسى ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك سۇپەت-تېخنىكا نازا-رەتچىلىكى ئىدارىسى (ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسى) دىن تەشكىل تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كومپلېكس ئوغۇت، فوسفور-لۇق ئوغۇت قاتارلىقلارغا تەتبىقلانغان تەپسىلىي پىرىنسىپلارنىڭ تەلىپى بويىچە، كارخانىنى نەق مەيداندا سىنلىشتۇرۇپ باھالايدۇ ۋە ئەۋرىشكە ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممە-سىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. تەكشۈرۈپ يەت-كۈزىدىغان ئورۇننى كارخانا ئۆزى تاللايدۇ.

4. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىدۇ. ئۇلار كومپلېكس ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا تەت-بىقلانغان تەپسىلىي پىرىنسىپلارنىڭ تەلىپى بويىچە، بەلگىلەنگەن مۆھ-لەت ئىچىدە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تاماملايدۇ.

5. ئوغۇتنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى ماتېرىيال ئەۋەتىدۇ. ئۇلار مۇ-

ناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە، كارخانا ئەۋەتكەن ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ ئومۇملاشتۇرىدۇ ھەمدە دۆلەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسىغا يوللايدۇ.

6. دۆلەتلىك سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى باش ئىدارىسى تەستىقلايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى باھالاش بىلەن سۈپەت تەكشۈرۈشى لاياقەتلىك بولسا، دۆلەت سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى باش ئىدارىسى ئىجازەتنامە بەرگەنلىك ھەققىدىكى بەلگىلىمە چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىدۇ. شەرتكە توشمىسا ئىجازەت بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ھەمدە كارخانىغا قارىتا «مەمۇرىي جەھەتتىن يول قويۇشقا بولماسلىق» ئۇقتۇرۇشى چىقىرىدۇ.

## 50. «دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ئىلتىماسى»نى تولدۇرغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

نۇرغۇن كارخانىلاردا «دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى»نى تولدۇرغاندا ئالاقىدار مەھسۇلاتقا تەتبىقلانغان تەپسىلىي پرىنسىپلارنى تولۇق چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن، ئىلتىماس قىلغاندا ماتېرىيالنى تەييارلاش تەلىپى تولۇق ئادا بولماي، خاتالىق كېلىپ چىقىپ ئىجازەتنامىگە ۋاقتىدا ئېرىشەلمەسلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. شۇڭا، كارخانىلار ئىلتىماسنى يازغاندا دەل توغرا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، جەدۋەلنى ئېنىق، توغرا تولدۇرۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. مەزمۇنى ساغلام، راست بولۇشى كېرەك. ئايرىم كارخانىلار كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئىلتىماسنى كۆپتۈرۈپ يالغاندىن يازىدۇ.

بولۇپمۇ تېخنىكلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە يۇقىرى مەلۇماتلىق ئىخ-
تىساس ئىگىلىرى يېتەرلىك دەپ يېزىپ، ئەمەلىيەتتە يوق يۇقىرى مەلۇ-
ماتلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش
ساھەسىدە يۇقىرى مەلۇماتلىق باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىسى بەك
ئاز. جەدۋەلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى كاتەكچىسىنى تەپسىلىي
پىرىنسىپلارنىڭ تەلىپى بويىچە تولدۇرمايدۇ. ئۇلار، تولدۇرغان مەزمۇن
قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ قارايدۇ. تەپسىلىي پىرىنسىپلاردا
بولسا، ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئاز بو-
لۇپ قېلىشى بىر خىل يېتەرسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بول-
سا، راستىنى يېزىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ.

2. جەدۋەلنى تولدۇرغۇچى خادىم مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى
ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى تەپسىلىي پىرىنسىپلارنى كۆرەلى-
گەندىلا ئاندىن ئىلتىماسنى ياخشى يېزىپ، جەدۋەلنى ئەتراپلىق تول-
دۇرالايدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەن،
ئۈسكۈنىلەر كىچىك دەپ يېزىلىدۇ. بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنى-
لىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى، ئىقتىدارىنى قاندۇرالماسلىقى مۇم-
كىن. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن كارخانىلار ماتېرىيال يازغاندا خاتا قىلىدۇ.
بۇ خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ كىنىشكىنى ۋاقتىدا ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزى-
دۇ. دېمەك، ئىلتىماستىكى مەزمۇنلارنى توغرا ۋە تەلەپكە لايىق يېزىش
ناھايىتى مۇھىم.

3. مەزمۇنى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. كارخانا نامىنى يازغاندا تى-
جارەت كىنىشكىسىگە ئەنگە ئېلىنغان كارخانا نامىنى يېزىش كېرەك.
ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ۋە باشقا ئۇچۇرلار توغرا، مۇكەممەل يېزىلىشى
كېرەك. كىنىشكا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا يەككە تۈرلەر تەپسىلىي
پىرىنسىپلاردىكى تەلەپ بويىچە بولۇشى كېرەك. ھەر بىر كىنىشكا ئې-
لىشقا يېزىلغان ئىلتىماس ئايرىم-ئايرىم ئۈچ پارچە يېزىلىدۇ. مەھسۇلات
نامىنى تولدۇرغاندا مەھسۇلات بەلگىسى، مەھسۇلات ئۆلچىمى قاتار-
لىقلارنى خالىغانچە يېزىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

# 51. ئۇغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماسىنى يازىدىغان كارخانىلارغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ

كومپلېكس ئۇغۇت، فوسفورلۇق ئۇغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار ئاشۇ خىل ئۇغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش (تارقىتىش) نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپلىرى ۋە تەكشۈرۈش چارىسىنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تەكشۈرۈش تەييارلىقىنى ئەستايىدىل ئىشلىشى كېرەك.

ئۇ مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، تىجارەت گۇۋاھنامىسىنىڭ تەلىپى: كارخانىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشتا، قانۇنىي ئىگىسىنىڭ گۇۋاھنامىسى ۋە سودا - سانائەت تىجارەت گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى ئىلتىماس قىلىدۇ. كارخانىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسىگە ئىلتىماس قىلىشى تىجارەت دائىرىسى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى ھەمدە مەھسۇلاتنىڭ ئۈنۈملۈك مۇددىتى قاتارلىقلار بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۆلچەملىرى: كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتقا ماس كېلىدىغان بولۇش گەۋدىلىنىشى، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۆلچەملىرى بىردەك بولۇشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان لاياقەتلىك مەھسۇلاتنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇ خىل ئىقتىدارغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. كارخانىلار ئىلتىماس قىلغان مەھسۇلاتقا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىشى، ھۈنەر-تېخنىكا قوللىنىشى، تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىلىرىنىڭ سانىنى مۇۋاپىق قىلىشى، ئىقتىدارى ۋە ئۆلچەملىرىنى لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە يەتكۈزۈشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، خا-

دىملارنى سەپلەشتىكى تەلەپ: كارخانا خادىملىرىنىڭ ساپاسى شۇ كارخانىنىڭ لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان مۇھىم شەرت. ئادەتتە كارخانىدا باشقۇرغۇچىلار، تېخنىك خادىملار ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىشچىلارنىڭ مۇناسىپ، ماس ھالدىكى ئۆلچىمى بولىدۇ. باشقۇرغۇچىلاردا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە ـ نىزاملارنى بىلىدىغان ساپا ۋە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى، ئاساسي ئالاھىدىلىكىنى، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ تېخنىكىسىنى بىلىدىغان قابىلىيەت بولۇشى كېرەك. تېخنىكلار، كەسپىي خادىملار ۋە سۈپەت باشقۇرغۇچى خادىملار ئاشۇ ئىشلارنى بىلىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر خادىم ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە تېخنىكا تەلەپلىرىنى كۆرۈپ بىلەلەيدىغان، رېتسېپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ تۆتىنچى، تېخنىكىلىق ھۆججەت ۋە ھۈنەر ـ تېخنىكا ھۆججىتىنىڭ تەلەپلىرى ئىلتىماس قىلغان كارخانىدا ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتقا ماس كېلىدىغان ھۈنەر ـ تېخنىكا ھۆججىتى بولۇشى كېرەك. ھۈنەر ـ تېخنىكا ھۆججىتى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈنۈملۈك تەشكىللەش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ يەنە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى. ئىلتىماس قىلغان كارخانىنىڭ ھۈنەر ـ تېخنىكا ھۆججىتى يەنە بىر نۇقتىدىن ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتنىڭ قىيىن ياكى ئاسانلىق دەرىجىسى، خادىملارنىڭ ساپاسىغا ئاساسەن بېكىتىلىشى كېرەك. ئۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتقا ماس كېلىشى، شۇنداقلا ئۇ ھۆججەت تولۇق، مۇكەممەل، بىر تۇتاش بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاكتىپ تەشكىللەپ يېتەكچىلىك قىلىشى، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ بەشىنچى، سۈپەت باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ تەلىپى: ئۇنى ئورنىتىش كارخانىلارنىڭ لاياقەتلىك مەھسۇلاتنى ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم ئىشلەشكە ئاساس سالىدۇ. خادىملارنىڭ بىخەتەرلىكى، تەن

ساغلاملىقى، ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتـ لىك بولغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار، ئۈنۈملۈك سۈپەت باشقۇرۇش تـۈزۈمى ۋە مەسـئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، قائىدە ـ تۈزۈملەردىن پايدىلىنىپ ھەر قايسى باشقۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشى، يامان تەسىرلەرنى ئازايتىشى كېرەك. ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار سۈپەت باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈـ رۈش ئۈچۈن، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئىجازەتنامە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تېخنىكا ئىشـ لىرىنى باشقۇرۇش تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، سۈپەت باشقۇرۇش سىستېـ مىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ مېڭىشى، مۇناسىۋەتلىك باشقۇرۇش تۈزۈـ مى ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى جانلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ تۈزۈم ـ ھۆججەتلەردە سۈپەت مەجبۇرىيىتى ۋە پائالىيەت تەرتىپىنى ئېنىق بېكىتىشى، ئىش ئورنىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك.

## 52. كومپلېكس ئوغۇت (بىرىكمە ئوغۇت) ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغاندا كارخانىلار قانداق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكا ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى ھازىرلىشى كېرەك

2003 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشـ لەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسى ئېلان قىلغان «كومپلېكس ئوـ غۇت ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش (تارقىتىش) نى يولغا قويۇش تەپـ سىلىي پىرىنسىپلىرى»دا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار ھاـ زىرلاشقا تېگىشلىك ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر ـ تېخنىكا ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى 1.2 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

## 1.2 ـ جەدۋەل. كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار هازىرلاشقا تېگىشلىك ئىشلەپچىقىرىش، هۈنەر ـ تېخنىكا ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى

| № | ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، هۈنەر ـ سەنئەت ئەسلىھەلىرى | تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى |
|---|---|---|
| 1 | خام ئەشيا ئۇۋۇتىش ئۈسكۈنىسى | ئانالىز تارازىسى (ئون مىڭدا بىر) |
| 2 | تەكشەلگەن ماتېرىيالنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى | تەخسىلىك تارازا (ئېنىقلىقى 0.5 گىراملىق) |
| 3 | ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى | توك بىلەن قىزىتىلىدىغان قۇرۇتۇش ساندۇقى |
| 4 | دانچىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى | دىستىلەش قۇرۇلمىسى |
| 5 | قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىسى | مۇقىم تېمپېراتۇرىلىق تەۋرىتىپ يۇيۇش قازىنى |
| 6 | سوۋۇتۇش ئۈسكۈنىسى (قاچىلاشتىن بۇرۇنقى مەهسۇلات تېمپېراتۇرىسى 50℃ تىن تۆۋەن) | كارتۇشكا شەكىلدىكى نەملىك ئۆلچىگۈچ ياكى ۋاكۇئۇملۇق قۇرۇتۇش ساندۇقى |
| 7 | قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىسىنىڭ شامال كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى | ۋاكۇئۇملۇق پومپا |
| 8 | تەييار مەهسۇلاتنى تاسقاپ ئايرىش ئۈسكۈنىسى | تەجرىبە غەلۋىرى (لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك) |

| | | |
|---|---|---|
| 9 | تەييار مەھسۇلاتنى ئوراپ قاچىلاش ئۈسكۈنىسى | ئەينەكلىك قۇرۇتقۇچ |
| 10 | ئوراپ قاچىلانغان تەييار مەھسۇلاتنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى | 50ml لىق تېمىتىش نەيچىسى (لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك) |
| 11 | خام ئەشيانى ئارىلاشتۇرۇشتىن تارتىپ مەھسۇلاتنى قاچىلاشقىچە بولغان ئۈزلۈكسىز كېلىدىغان ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى | بۇس تارتىش مورىسى |
| 12 | چاڭ - توزانلىق گازنى تازىلاپ يىغىۋېلىش ئۈسكۈنىسى | ئەۋرىشكە تەكشۈرگۈچ |
| 13 | شامال ئۆتۈشتۈرۈش ئۈسكۈنىسى | ئەۋرىشكە ئېلىش ئۈسكۈنىسى |
| 14 | شاۋقۇندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈسكۈنىسى | ئەۋرىشكە ئۇۋۇتىش ئۈسكۈنىسى |
| 15 | خام ئەشيا ئامبىرى ($300m^2$ دىن يۇقىرى بولىدۇ، خام ئەشيا ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلسا، يېرىمى قىسقارتىلىدۇ) | باشقا تۈرلۈك ئەينەك ئۈسكۈنىلەر |
| 16 | تەييار مەھسۇلات ئامبىرى ($300m^2$ دىن يۇقىرى) | ئالاھىدە خۇرۇچلارغا كېرەكلىك بولغان تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى |

ئەسكەرتىش: 1) قۇرۇتۇش ھۈنەر تېخنولوگىيەسى، ئىشلەپچىقىرىش

ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكا قوراللىرى بولمىسا 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ تۈرلەرنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

2) ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكا قوراللىرىنىڭ 12 ـ، 13 ـ، 14 ـ تۈرلىرىنى ئىشلەتكەندە تەكشۈرۈش تۈرى قىلىنىدۇ.

3) زاۋۇتتىن چىقىرىشتىن ئاۋۋالقى تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ياخشى ئىشلىگەندىن باشقا، قالغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ھاۋالە قىلىپ تەكشۈرتسە بولىدۇ. ھاۋالە قىلمايدىغان بولسا كارخانىلار سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى ۋە ئىسپېكتىر ئۈسكۈنىسى ئورنىتىشى كېرەك.

1.2 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ئىجازەتنامە ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىش شەرتىگە ئاساسەن، چوقۇم ھازىرلايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكا قوراللىرى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلاش كېرەك. ئۇلار بىردەك ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. كارخانىلار ئۈسكۈنىلەرنى ھازىرلاپلا قالماي، يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قانائەتلىنەرلىك ھازىرلىشى كېرەك. كارخانىلار ئۈسكۈنە كىرگۈزگەندە ھەم ئىلتىماسنامىگە يېزىشى، ھەم يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىشى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.

## 53. كالتسىي سۇپېر فوسفات ئوغۇتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار قانداق ئۈسكۈنە، ھۈنەر ـ تېخنىكا قوراللىرى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى ھازىرلىشى كېرەك

2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دۆلەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىش ـ

لەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسى ئېلان قىلغان «كالتسىيلىق ئو-غۇتنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇش (تارقىتىش) نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپلىرى» دا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: كالتسىي سۇپېر فوسفات ئوغۇتنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار ھازىرلىمىسا بولمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە، ھۈنەر - سەنئەت ئەسلىھەلىرى، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئۈس-كۈنىلىرىنى 2.2 - جەدۋەلدىكىدەك ھازىرلىشى كېرەك.

**2.2 - جەدۋەل. ئوغۇت مەھسۇلاتىنى تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسلىھە، ئۈسكۈنە - تېخنىكا تەكشۈرۈپ بېكىتىش سايمانلىرى**

| № | ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر - سەنئەت ئەسلىھەلىرى | تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى |
|---|---|---|
| 1 | خام ئەشيا ئۆۋىتىش، ئېزىش ئۈسكۈنىسى | ئانالىز تارازىسى (ئون مىڭدە بىر) |
| 2 | سۇلفات كىسلاتا، كان تالقىنى (پاتقىقى) نى ئۆلچەش ئۈسكۈنە-سى | توك بىلەن قىزىتىلىدىغان قۇرۇ-تۇش ساندۇقى (180℃ ± 2℃) |
| 3 | ئارىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى (كىسلاتا قوشۇش ئۈسكۈنىسى، كىسلاتالىق مىنېراللارنى ئارىلاش-تۇرغۇچ) | تەۋرەتكۈچ (تەخمىنەن 40r/min) |
| 4 | مېخانىكىلىق شەكىلگە كەلتۈرۈش ئۈسكۈنىسى | مۇقىم تېمپېراتۇرىلىق سۇدا يۇيۇش ئۈسكۈنىسى (60℃ ± 1℃) |

| | | |
|---|---|---|
| 5 | پىشۇرۇش ئامبىرى (مېخانىكىلىق ئۆرۈش ئۈسكۈنىلىرى بولۇشى كېرەك) | ۋاكۇئۇملۇق سۇمۇرۇش قۇرۇلمىسى |
| 6 | سۇلفات كىسلاتا ساقلاش ئوقۇرى | 10ml لىق ئىشقار تېمىتقۇچ (لايىقەتلىك بولۇشى كېرەك) |
| 7 | تەييار مەھسۇلاتنى ئوراپ قاچىلاش ئۈسكۈنىسى | ئەينەكلىك قۇرۇتقۇچ |
| 8 | ئوراپ قاچىلانغان تەييار مەھسۇلاتنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى | 4 - نومۇرلۇق ئەينەك تېگىللىك سىزغۇچ |
| 9 | تەييار مەھسۇلات ئامبىرى | بۇس تارتىش مورىسى |
| 10 | دانچىلاشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى | ئەۋرىشكە ئېلىش ئۈسكۈنىسى |
| 11 | قۇرۇتۇش ئۈسكۈنىسى | تەجرىبە غەلۋىرى |
| 12 | تەييار مەھسۇلاتنى تاسقاپ ئايرىش ئۈسكۈنىسى | ئەۋرىشكە ئۇۋۇتىش، ئېزىش ئۈسكۈنىسى |
| 13 | فىتورنى يىغىۋېلىش ياكى بىرتەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى | باشقا تۈرلۈك ئەينەك ئۈسكۈنىلەر |
| 14 | كان پاتقىقى پومپىسى | |

ئەسكەرتىش: 1) ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر - تېخنىكا قوراللىرىنىڭ 14 - تۈرى ھۈنەر تېخنولوگىيە تەلىپىدە چەكلىنىدۇ، قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ھۈنەر - تېخنىكىسى كارخانىلاردىن چاڭ - توزاننى ئۆزى چىقارغان بولسا، قاقلاپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى بولۇشى، سىرتتىن چاڭ - توزان كىرگۈزگەن بولسا، خام ئەشيا ئامبىرى بولۇشى كېرەك. قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ھۈنەر - تېخنولوگىيەسى يەنە بىرىكمە كىسلاتا ئۈسكۈنىسىگە موھتاج.

2) ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكا قۇراللىرىنىڭ 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ تۈرى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 12 ـ، 13 ـ تۈرىنى دانچە كالتسىي سۇپېر فوسفات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ھازىرلىشى كېرەك. ئەگەر دانچە ھالىتىدىكى كالتسىي سۇپېر فوسفات ئىشلەپچىقارغان كارخانىلارنىڭ خام ئەشياسىنى توزان ھالىتىدىكى كالتسىي سۇپېر فوسفات ئىگىلىسە، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھۈنەر ـ تېخنىكا قۇراللىرىدىن پەقەت 7 ~ 12 بولغان تۈرنىلا ھازىرلىسا بولىدۇ.

3) كارخانىلار فوسفورلۇق مەدەن پاراشوكىنى خام ئەشيا قىلغان بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 1 ـ تۈرىنى تەكشۈرۈش تۈرى قىلىش كېرەك. شۇنداقلا يېرىم يىل ئىچىدىكى مال كىرگۈزۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

4) كارخانىلار ئۆزى مەلۇم قىلغان كارخانا ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلسا، مەزكۇر ئۆلچەمدە تەكشۈرۈشكە لازىم بولىدىغان ئەسۋاب ياكى ھاۋالە قىلىپ تەكشۈرۈش بويىچە تۈزۈلگەن توختامنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

5) تەييارلانغان ئوغۇت ئامبىرىنىڭ كۆلىمى: مەھسۇلات مىقدارى 5 تونىدىن ئاشسا، ئامبارنىڭ كۆلىمى $1000m^2$ تىن چوڭ بولۇشى، مەھسۇلات مىقدارى 3 ~5 توننا بولسا $700m^2$ تىن چوڭ بولۇشى، مەھسۇلات مىقدارى 3 تونىنا ئەتراپىدا بولسا $500m^2$ تىن چوڭ بولۇشى كېرەك.

2.2 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن تەلەپ بويىچە ئىجازەتنامە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلار چوقۇم ھازىرلايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ھۈنەر ـ تېخنىكا قۇراللىرى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرىنى ھازىرلىشى كېرەك. بىراق بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك ئۆلچەم قوللىنىشقا بولمايدۇ.

## 54. كارخانىلار ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىش مەزگىلىدە ئوغۇتنى قانداق ئىشلەپچىقىرىپ ساتىدۇ

قۇرۇلغان كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ مۇددىتىدە سىگە كىرگۈزۈلگەن ئوغۇتقا قارىتا، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تارقاتقان تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆلكە دەرىجىلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامە ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەن مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقارسا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىدىكى مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتى مەھسۇلاتنى تەپسىلىي پرىنسىپلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تۈركۈملەر بويىچە تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك بولسا، مەھسۇلات ئوروسى، چۈشەندۈرۈشنامىگە «سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات» دەپ بەلگە قويۇپ ساتسا بولىدۇ. دۆلەتلىك سۈپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى باش ئىدارىسى ئىجازەت بەرمىگەن بولسا، بۇنداق مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا بولمايدۇ.

## 55. قىسمەن ئوغۇتلارغا نېمە ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ، مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى نېمە

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا دۆلىتىمىزدە سۈپىتى نىسبەتەن ياخشى، مۇقىم بولغان ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا، ئىجازەتنامە ئارقى-

لىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ باقمىغان. مەسىلەن، ئورىيا، ئاممونىي فوسفات، ئاممونىي خىلورىد قاتارلىق پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ھۆنەر-تېخنىكا سەۋىيەسى تۆۋەن، سۈپىتى مۇقىم بولمىغان كومپلېكس ئوغۇت، كالتسىي سۇپېر فوسفاتلىق ئوغۇتلارغا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى مۇنداق:

1. پۇقرالارنىڭ ساغلاملىقى، مال-مۈلۈكنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. سۈپىتى تۆۋەن، ناچار مەھسۇلات ئوبوروت قىلىنسا، ئىشلىتىلسە ئادەم ۋە مال-مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپ مىقداردىكى ناچار ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى ئېتىز-ئېرىقلار ئارقىلىق زىيان سالىدۇ. ئۇ دېھقانلار ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنى زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى سۈپىتى ناچار ئوغۇتنىڭ تارقىلىشىنى توسمىسا، خەلقنىڭ تەن-سالامەتلىكى، بىخەتەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ مال-مۈلكى تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندا، تۈرلۈك ناچار ئوغۇتلارنىڭ تارقىلىشى، ئىشلىتىلىشىنى مەنبەدىن توسۇپ قالغىلى، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسە سادىر بولۇشنى ئازايتقىلى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نورماللىقى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. ئادىل رىقابەتلىشىشتەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش. ئەنئەنىۋى پىلان ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى دۆلەت بىر تۇتاش ئېلىپ باراتتى. قانچىلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، تەڭشەش، سېتىش قاتارلىقلارنى دۆلەت پىلان بويىچە ئېلىپ باراتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قۇرۇلمىسى تەدرىجىي تۇرغۇزۇ-

لۇش داۋامىدا كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا - زىد-
يانىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا
ماڭدى. بازار ئىگىلىكى سانائەت كارخانىلىرىغا ئەركىن رىقابەتلىشىش
سورۇنى هازىرلاپ بەردى. لېكىن بازاردىكى ناتوغرا رىقابەت سەۋەبى-
دىن، قالايمىقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ناتوغرا ۋاستە بىلەن سېتىش ئىش-
لىرى مەۋجۇت. بۇ كۆپ مىقداردىكى ناچار مەهسۇلاتنىڭ بازارغا كى-
رىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە زىيىنى بولغانلىقى
ئۈچۈن لاياقەتلىك مەهسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش، سېتىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلدى. ياخشى كارخانىلارنىڭ
مەنپەئەتىگە زىيان سالدى. شۇڭا، دۆلەتنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش
تارماقلىرى سانائەت مەهسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى
بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. بۇ بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنىڭ ئورنى-
تىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇ-
غۇللىنىدىغان كارخانىلار ۋە دۆلەت، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە
پايدا يەتكۈزدى.

3. خام ئەشيا، ئېنېرگىيە ئىسراپچىلىقى ۋە مۇهىت بۇلغىنىشىنى ئازاي-
تىش. كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان ئوغۇت لاياقەتلىك بولسا، ئۇنىڭ
ئىشلىتىش قىممىتى ئېشىپ جەمئىيەتنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە
بولسا، ئىشلىتىش قىممىتى بولمايدۇ. جەمئىيەتكە ماددىي بايلىق يارىتىپ
بېرەلمەيدۇ. نۇرغۇن خام ئەشيا، ئېنېرگىيە، ئادەم كۈچى، پۇل ئىسراپ
بولىدۇ. بۇ مەهسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەريانىدا يەنە مۇ-
هىت ۋە ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناچار
مەهسۇلات دۆلەتنىڭ چەكلىك بايلىقى ۋە ئېنېرگىيەسىنى ئىسراپ قى-
لىدۇ. دۆلەت مال-مۈلكى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلكى-
نىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇهىتنىڭ
ئېغىر بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيەنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ،
خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە بايلىق كەمچىل، ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىق-

تسادىي بېسمىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، بايلىق كەمچىل بولۇش گەۋ-دىلىك زىددىيەت بولۇپ شەكىللىنىۋاتىدۇ. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويسا، ئۆلۈملۈك تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، ئۆلۈمسىز ئىسراپ بولۇشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

## 56. ئوغۇتنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى نېمە ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلىدۇ

ئوغۇتنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوغۇت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە ساختا، ناچار، سۈپەتسىز ئوغۇتنى تۈگىتىشنىڭ ئېھتىياجى. خىمىيەۋى ئوغۇت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماتېرىيالى، ئۇنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلىپ، ئوغۇت تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بەزى كارخانىلار ۋە شەخسلەر لاياقەتلىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئۇسكۈنىلىرى ۋە ھۈنەر-تېخنىكىسى بولمىسىمۇ ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزدى.

ئوغۇتنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئوغۇت بازارلىرىنى ئىخچاملاپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى تىجارىتىنى راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. قانۇنسىز ئوغۇت تىجارىتى قىلىش، سۈپەتسىز ئوغۇتلارنى بازارغا كىرگۈزۈش، ساختا، يالغان ئوغۇت ئارقىلىق دېھقانلارنى ئالداش قىلمىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، ئوغۇتنى تىزىملاپ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈر. بۇ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل،

ماس تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر بەزى ئوغۇتلارنى ھەر تەرەپلىمە باھالاشتىن ئۆتكۈزمەي، ئۇنى دېھقانچىلىق ئىپتىزلىرىغا ئىشلەتكەندە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزىدۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ساغلاملىقىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

## 57. قايسى خىل ئوغۇتنى تىزىملىتىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان 32 ـ نومۇرلۇق «ئوغۇتنى تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى»نىڭ 14 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: ئاممونىي سۇلفات، ئورىيا، ئاممونىي نىترات، سىئانىد ئاممونىي ماگنىي، كالتسىي سياناميد (氢氨化钙)، مونو ئاممونىي فوسفات، ئاممونىي دى فوسفات، كالتسىي سۇپېر فوسفات، كالىي خىلورىد، كالىي سۇلفات، كالىي نىترات، ئاممونىي خىلورىد، ئاممونىي ھېدرو كاربونات، كالتسىي ـ ماگنىيلىق فوسفور ئوغۇتى، كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، يەككە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان ئوغۇت ۋە يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى كومپلېكس ئوغۇت قاتارلىقلارغا تىزىملاشنى كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويسا بولىدۇ.

## 58. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسى

چوڭ تىپتىكى ياكى كىچىك تىپتىكى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار بولسۇن، ئۇ يەردىكى خادىملارغا قارىتا ساپا تەلىپى بىردەك بولۇشى كېرەك. مەھسۇلات سۈپىتى ۋە نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇ-

ىدىغان خادىملار، تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىشى مەشغۇلاتى قىلىدىغان خادىملار ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىر كارخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىقتىدار بىلەن مەھسۇلات سۈپىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئىختىساس ئىگىلىرىگە باغلىق بولىدۇ. كارخانىدىكى خادىملارنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى شۇ كارخانىنىڭ كەسكىن بازار رىقابىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ھالقا. بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى، كىرگۈزگەن تېخنىكا كۈچلىرىمۇ مۇقىم ئەمەس. كارخانىلار مەۋقەنى مۇقىم بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە قارىتىپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال كىرگۈزۈشى ۋە يېتىشتۈرۈشى كېرەك. تەلەپلەر مۇنداق:

كارخانا باشقۇرغۇچىغا قويۇلىدىغان تەلەپ: بىرىنچى، باشقۇرغۇچىلار مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۆلچەمنى ھېسابلاشنى بىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، كارخانىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئايلىنىشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى باھالاش ئۇسۇلىنى بىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، كارخانىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشتىكى فاڭجېنى ۋە سۈپەت نىشانىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىنى ئىگىلىشى كېرەك؛ تۆتىنچى، مەھسۇلاتقا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە مەھسۇلات ئۆلچىمىنى بىلىشى كېرەك.

كارخانىدىكى تېخنىكا خادىملىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ: بىرىنچى، كارخانىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇشتىكى فاڭجېنىنى ۋە سۈپەت نىشانىنى، سۈپەت باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەنى بىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ھازىرلاش، ئىشلەپچىقىرىشتا كۆرۈلىدىغان تېخنىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، مەھسۇلات سۈپىتىنى پىششىق بىلىشى ۋە ھۈنەر تېخنولوگىيەسىنى پۇختا ئىگىلىگەن ھەمدە تېخنىكىنى ياخشىلاش

ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

كارخانا مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغا قويۇلىدىغان تەلەپ: بىرىنچى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى ۋە ئاساسلىنىدىغان سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە باشقا ئىخچاملاشتۇرۇلغان ھۆججەتلەرنى پىششىق بىلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىش قوشۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجلىق بولغان ئاساسىي بىلىم ۋە تېخنىكا ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولۇشى، لايىھە چېرتيوژى، ھۈنەر - تېخنىكا تەرتىپى، مەشغۇلات يېتەكچىلىكى كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئۈسكۈنىلەرنى توغرا، پىششىق باشقۇرالايدىغان بولۇشى ھەمدە مەھسۇلات سۈپىتىگە قارىتا ئۆزى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## 59. باشقا ماتېرىيال قوشۇپ ياسىلىدىغان كومپلېكس ئوغۇتنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان كومپلېكس ئوغۇت ساھەسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى، مەھسۇلات تۈرى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە ياراتقان پايدىسى بىردەك ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-تېخنىكىسى جەھەتتىمۇ ياخشىلىنىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولدى. باشقا ماتېرىيال قوشۇپ ياسىلىدىغان كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات تەرتىپى بۈگۈنگە قەدەر ئىنتايىن پاسسىپ بولۇپ كەلگەنلىكتىن، كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-تېخنىكىسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈش مەھسۇلات سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، كارخانىلار باشقا ماتېرىيال قوشۇپ ياسىلىدىغان كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە ياخشىلاش زۆرۈر.

1. باشقا ماتېرىيال، خام ئەشيانىڭ ئۆلچەم مەسىلىسى. دۆلىتىمىزدىكى كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نۇرغۇن كارخانىلار خام ئەشيا قوشۇشتا توغرا ئۆلچەم قوللانماي، كونىچە پاسسىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. مەشغۇلات تەرتىپىدە مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچىلار ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل خام ئەشيانى ئۆلچىمەستىن، بىۋاستە ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسىغا سالىدۇ. ھەتتاكى كېيىنكى باسقۇچتىكى مەشغۇلات تەرتىپىگە كىرىپ ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. كارخانا باشقۇرغۇچىلار لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا «يەنە كارخانىلارنىڭ ياخشى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى بولۇشى كېرەك، خام ئەشيانى ئۆلچىمىگەندە مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش تەس بولىدۇ» دېگەننى ئويلىششى كېرەك. ئۇنىڭدا سۈپەت كاپالىتى بولمايلا قالماي، يەنە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلار خام ئەشيانىڭ ئۆلچىمىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، خام ئەشيا، باشقا مەھسۇلات قوشۇش تەرتىپىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ۋە توغرىلاشنى داۋاملىق تەكشۈرۈشى، مۇھاكىمە قىلىشى ۋە ئۆستۈرۈشى كېرەك.

2. خام ئەشيانى خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرۈش مەسىلىسى. خام ئەشيانى خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرمەي بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش، كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشتا ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە. بۇ كومپلېكس ئوغۇت سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئاساسى سەۋەب. خام ئەشيانىڭ سۈپىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، كومپلېكس ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم تەرتىپى، شۇنداقلا خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى تەرەپنىڭ مەھسۇلات سۈپەت ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خام ئەشيانى خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرمىگەندە، كارخانىلار ئىلمىي ئۇسۇلدا رېتسىپلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئوغۇتنى زاۋۇتتىن چى-

قىرىشتىن ئاۋۋالقى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى خام ئەشيا ۋە تەييار مەھسۇلاتنى زاۋۇتتىن چىقىرىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈشى، خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان خادىملارنى تېخىمۇ جەھەتتىن تەربىيەلەشكە ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، كارخانا مەھسۇلات سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## 60. كارخانىلارنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىتا باشقىچە پىكرى بولسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

كارخانىلارنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىتا باشقىچە پىكىردە بولۇشىدا ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت: بىر خىلى، تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ خىزمەت سۈپىتى مەسىلىسى. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى لاياقەتلىك بولسا، ئەكسىچە تەكشۈرۈش تارماقلىرى بىپەرۋالىق قىلىپ لاياقەتلىك مەھسۇلاتنى لاياقەتسىز مەھسۇلات قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا كارخانىلار تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك: ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ چىقارغان نەتىجىسىگە باشقىچە پىكرى بولسا، نەتىجىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈش ئىلتىماسى سۇنۇشى كېرەك. بۇ كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەنگەن تارماقلار قايتا تەكشۈرۈش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قايتا تەكشۈرۈش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارىسا، تەكشۈرۈشنى زىممىسىگە ئالىدىغان ئورۇن قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا ئۇقتۇرىدۇ. يەنە بىر خىلى، تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ خىزمەت سۈپىتىدە ساقلانغان مەسىلە ئەمەس، بۇنىڭغىمۇ كارخانىلارنىڭ باشقىچە پىكرى بولىدۇ. كارخانىلار

لاياقەتسىز دەپ قارالغان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆپ قىسمى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كارخانىلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ ھەقىقىي سۈپىتىنى تولۇق بىلىپ كېتىشى ناتايىن. سۈپەت مەسىلىسىنى ئىگىلىمىگەنلىكتىن لاياقەتسىز بولۇپ تەكشۈرۈلگەن دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن كارخانىلارنىڭ سۈپىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆزلىرى تەكشۈرمەي، ئەكسىچە تەكشۈرۈش ئاپپاراتى كۆرسەتكەن تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن مەسىلە، سەۋەب ئىزدەپ، ئارىغا ئادەم قويۇپ نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ خىزمەت تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى لاياقەتسىز بولۇپ تەكشۈرۈلگەن دوكلاتقا قارىتا ئۆزلىرى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى كېرەك. قايتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش — ئاساسلىقى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرگەن سانلىق مەلۇماتىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئادىللىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشتۇر. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، لاياقەتسىز بولۇپ تەكشۈرۈلگەن دوكلاتقا باشقىچە پىكىردە بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىشى، قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارىغۇلارچە ئىلتىماس قىلماسلىقى كېرەك.

## 61. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى خام ئەشيانىڭ سۈپىتىگە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا موھتاج بولامدۇ - يوق

ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى كىرگۈزمەكچى بولغان خام ئەشيالارغا قارىتا، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى تەرەپ ماتېرىيال چىقىرىشتىن ئاۋۋال كېلىشكەن توختام تەلىپى بويىچە تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان مەھسۇلات ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قارشى تەرەپكە يوللىشى

كېرەك. ئۇنداقتا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى سۇپىتىگە قارىتا تەك-شۈرۈش ئېلىپ بېرىش ياكى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا موھتاج بولامدۇ - يوق؟ خام ئەشيالارنى تەمىنلىگەن تەرەپ خام ئەشيالارنى تەمىنلىگەن ۋە لاياقەتلىك بولۇپ تەكشۈرۈلگەن دوكلاتىنى چىقىرىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى خام ئەشيالارنىڭ سۈپىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت: بىرىنچى، خام ئەشيانى تەمىنلىگەن تەرەپنىڭ خام ئەشياسىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش. كارخانىلار كىرگۈزگەن خام ئەشيالارنى مەھسۇلات ئۆلچىمى بويىچە تەرتىپلىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. دېمەك، تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەھسۇلات سۈپىتى ۋە تەمىنلىگەن تەرەپنىڭ سۈپەت سەممىيلىكىنى بېكىتىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىلمىي رېتسېپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كومپلېكس ئوغۇتقا ئاۋۋال رېتسېپ ئۆلچەم قىلىنىدۇ. كېيىن ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى بېكىتىلىدۇ. خام ئەشيالار خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرۈلمىسە، ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغۇلارچە ماتېرىيال قوشۇش كېلىپ چىقىدۇ. مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىشمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. قارىغۇلارچە ماتېرىيال قوشۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا زور زىيان سالىدۇ؛ ئۈچىنچى، خام ئەشيانىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك. خام ئەشيانىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولسا، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى ئاشۇرىۋېتىدۇ، ئىسراپچىلىق پەيدا بولىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق ئاز بولۇپ قالسا، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى خام ئەشيا سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرسىلا، ئاندىن مەھسۇلاتنى زاۋۇتتىن چىقىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

# ئۈچىنچى ئوغۇت ساتقۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## 62. قانداق ئورۇن ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ

دۆلەتنىڭ كۆرسەتمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئوغۇت تىجارىتى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار سېتىۋېلىش - سېتىش پائالىيىتىنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ۋە ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ مۇقىم مەھسۇلات سېتىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئوغۇت تىجارىتى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار بىلەن سېتىش - سېتىۋېلىش توختامىنى بىۋاسىتە ئىمزالاپ سېتىش ۋاكالەتچىلىكىنى يولغا قويسىمۇ بولىدۇ». بۇنىڭغا ئاساسەن، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئوغۇت ئوبوروت يوللىرى ئۇنۇملۇك كېڭەيتىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئۆز ئىگىلىكىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان بولدى. كارخانىلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن ئوغۇتلارنى ھەر دەرىجىلىك دېھقانچىلىق ۋاسىتىلىرى شىركىتى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتلىرى، تۇپراقچىلىق پونكىتلىرى، ئۆسۈملۈك ئاسراش پونكىتلىرى، شۇنداقلا ئوغۇتنى خام ئەشيا قىلىدىغان كارخانىلارغا ساتالايدىغان، سېتىۋالالايدىغان بولدى. بۇ خىل تىجارەت داۋامىدا نۇقتا قۇرۇپ بىۋاسىتە دېھقانلارغا ساتسىمۇ بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان «ئۈچ پونكىت» ئوغۇتنى ھەر

دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى شىركەتلىرىدىن، ئوغۇت ئىشـ
لەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىن كىرگۈزىسمۇ بولىدۇ. ئوغۇتنى تېخنىكا
مۇلازىمەت تارماقلىرىغا تەمىنلىسە، بىۋاسىتە دېھقانلارغا ساتىسىمۇ بولـ
دۇ. دۆلەت ھازىر ئىجرا قىلىۋاتقان بوز يەر ئېچىپ ئۆزلەشتۈرۈش،
ئورمان بەرپا قىلىش، تاماكا ئۆستۈرۈش ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ دېھقانـ
چىلىق قىلىش ھالقىلىرىدىن ئوغۇت سېتىش ـ سېتىۋېلىشنى كاپالەتكە
ئىگە قىلىشتا، ئوغۇتنى دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى شىركەتلىرىدىن ياكى
ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىن سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن دۆلەت خىمىيە سانائىتى ئىمپورت ـ ئېكسپورت كارخانىلىرىغا
ئوغۇتنى ئىچكى جەھەتتىن سېتىش ھەم تىجارەت قىلىش مۇلازىمەت
ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئېتىراپنامىسى بەردى. بۇ ئورۇندىن باشقىلارـ
نىڭ ئوغۇتنى توپ ـ پارچە تارقىتىشىغا يول قويمايدۇ.

## 63. ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسى

ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلارنى باشقۇرۇش
دائىرىسى چوڭ ـ كىچىك بولسىمۇ، ئۇلارغا قارىتا زۆرۈر بولغان باشـ
قۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق بىر قانچە مەزـ
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، باشقۇرغۇچى ئېنىق بولۇش كېـ
رەك. تىجارەت سورۇنىنىڭ چوڭ ـ كىچىك، مۇلازىمەتچىلەرنىڭ
ئاز ـ كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقۇرغۇچى ئېنىق بېكىتىلىشى
كېرەك. قايسى ئىش تۈرىگە كىمنىڭ مەسئۇل بولۇشى ۋە ھوقۇقىنىڭ
قايسى دائىرىدە بولۇشى كونكرېت بولۇشى كېرەك. باشقۇرغۇچىنىڭ
ساپاسى چوقۇم ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ ساپاسىدىن يۇقىرى بولۇشى
كېرەك؛ ئىككىنچى، بىر قاتار باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېـ
رەك. تىجارەت ئورنىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
ئېھتىياتچان بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ھەر

بىر خادىمنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئېنىق ئايرىلىشى كېرەك. مەھسۇلاتنى كىرگۈزگەندە تەكشۈرۈپ ئېلىش، ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن ئامبارلاشتۇرۇپ قوغداش كېرەك. سېتىلغاندىن كېيىنكى مۇلازىمەت تۈزۈمىنى ياخشى ئورنىتىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، مەدەنىي تىجارەت قىلىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش تەلىپىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئىستېمالچىلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىش، تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تامغا چاپلاپ، ئىستېمالچىلارنىڭ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئۆزى چەكلەشكە قولايلىق يارىتىش كېرەك. مۇلازىمەتچىلەر سۆز-ھەرىكەتتە دىققەت قىلىپ، تىجارەت سورۇنىنىڭ پاكىز، يورۇق، رەتلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. سېتىشقا تەييارلانغان مەھسۇلاتلار — خىمىيەۋى ئوغۇتلار رەتلىك تىزىلىشى، يۆتكەشكە قولايلىق بولۇشى كېرەك. باشقا مەھسۇلاتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك؛ تۆتىنچى، خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش ئىسپات-ھۆججىتى ھازىرلاش كېرەك. ئىستېمالچىلارغا مۇلازىمەت قىلغاندا ئۇلارغا خىمىيەۋى ئوغۇتقا ئۆلچەملىك ئىسپات-ھۆججەت يېزىپ بېرىپ، مەھسۇلات سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەندە پايدىلىنىش ئاساسى بولۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## 64. ئوغۇت تىجارەتچىلىرى قايسى خىل ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى تاللاپ سېتىش كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى قىلىدىغانلار سۈپىتى ياخشى، باھاسى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى سېتىشمۇ؛ باھاسى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتلارنى سېتىشمۇ مۇمكىن. بۇ تىجارەت قىلغۇچىنىڭ قارىشى ۋە ئىدىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارەتچىلىرى پايدا ئېلىشنىلا كۆزلەپ قالماي يەنە، دۆلەت ۋە دېھقانلار-

نىڭ مەنپەئەتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆز مەنپەئەتى بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرلەشتۈرۈشى، دۆلەت مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. مۇشۇنداق تىجارەت قارىشى يېتىلدۈرگەندىلا، ئوغۇت بازارلىرىنى ياخشى ئىگىلىگىلى، تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى قىلىدىغانلار تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

1. ئىستېمالچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلىشى كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارەتچىلىرى شۇ يەردىكى دېھقانلاردىن ئوغۇت ئىشلىتىشتىن كۆرگەن پايدىسى ۋە ئىشلەتكەن ئوغۇتنىڭ باھاسىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىشى كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا كۆپ تەرەپلىمە سوئاللارنى چىقىرىپ، جاۋاب ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىلىدىغان تىجارەت تۈرى ۋە مەھسۇلاتنى بېكىتسە بولىدۇ.

2. مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ئۇچۇر ئىگىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا شۇ يەردىكى تېخنىكا نازارەتچىلىكى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن خىمىيەۋى ئوغۇت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سۈپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىشى كېرەك. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدا بازارلاردىكى تاۋارلارنى نازارەت قىلىش داۋامىدا ئارىلاپ تەكشۈرگەنلىك ئۇچۇرى بولىدۇ. تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىدا بولسا، داڭلىق مەھسۇلات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن كارخانىلارنىڭ تىزىملىكى بولىدۇ. دېھقانچىلىق تارماقلىرىدا خىمىيەۋى ئوغۇتنى تىزىملاش ۋە ئىشلىتىش ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولغان - بولمىغانلىق ئۇچۇر ماتېرىيالى بولىدۇ.

3. جەمئىيەتتىن ئىگىلەش كېرەك. تىجارەتچىلەر تور ئارقىلىق ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئەھۋالىنى ئىگىلىسە بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ھەر يىلى كارخانىلارنى نازارەت قىـ

لىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىنى توردا ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تېلېۋىزور ئۇچۇرلىرى، خەۋەرلىرىنى كۆرۈش، گېزىت - ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى كۆرۈش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىسىمۇ بولىدۇ.

4. داغلىق مەھسۇلاتلار ئىچىدىن تاللاش كېرەك. داغلىق مەھسۇلات ياراتقان كارخانىلارغا ئۆلكە دەرىجىلىك تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ. بۇنداق كارخانىلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى كارخانا دەپ قاراشقا بولىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار مانا مۇشۇنداق كارخانا ۋە مەھسۇلات ئىچىدىن مەھسۇلات تۈرىنى تاللاپ تىجارەت قىلغاندا، دېھقانلارنى ھەقىقىي تۈردە خاتىرجەم قىلغىلى بولىدۇ.

## 65. ئوغۇت تىجارىتى قىلىدىغانلارغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە قارىتا مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بېكىتىلگەن. نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى بازىرىنىڭ سېتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ئاساسەن تۆۋەن. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى سېتىۋاتقان مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچىمى، سۈپىتى، شۇنداقلا قانۇن، قائىدە - نىزاملار ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلىشى ۋە چۈشىنىشى يېتەرلىك ئەمەس. ئۇلار ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن مۇنداق تەلەپلەرنى ئادا قىلىش كېرەك.

1. مەدەنىيەت ساپاسىغا قويۇلىدىغان تەلەپ: ئوغۇت ساتقۇچىلار تىجارەتنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە شۇ تىجارەت ۋە مەھسۇلاتقا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئىگىلىشى كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ بەلگىسى، ئۆلچىمى

ۋە قانۇن، قائىدە-نىزاملار ھەققىدىكى بىلىملەرنى بىلىشى، راست بىلەن ساختىنى ئوغۇتلارنى ئايرىش ئۇسۇلىنى بىلىشى كېرەك. ئۇلار يەنە ئوغۇت ۋە ئوغۇت ئىشلىتىش بىلىملىرىنى ئىستېمالچىلارغا تونۇشتۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن ساتقۇچىلار بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇت ساتقۇچىلار ھېچ بولمىغاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

2. كىنىشكا ئېسىپ مۇلازىمەت قىلىشقا قويۇلىدىغان تەلەپ: تىجارەتچىلەرنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش، تەربىيەلەشكە تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۇلارغا دۆلەت يېڭىدىن ئېلان قىلغان ئوغۇت مەھسۇلات ئۆلچىمى ۋە ئالاقىدار كەسپىي بىلىم، قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ئۆگىتىپ، بۇ ھەقتىكى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خادىملار مۇلازىمەت قىلغاندا سالاھىيەتكە ئىگە خىزمەت كىنىشكىسىنى ئېسىپ خىزمەتكە چىقىشى كېرەك.

3. ئىش ئورنى مەسئۇلىيىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ: ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ ئىش ئورنىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئايرىلىشى ۋە بېكىتىلىشى كېرەك. ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ: ئوغۇت سېتىشنى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ مەقسىتى قىلىۋالماسلىقى، ئۇنىڭغا بىر تۈرلۈك چوڭ ئىش قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشى، دېھقانلارنىڭ يۇقىرى مەھسۇلات يارىتىشىغا تۆرتكە بولۇشى كېرەك.

4. سەمىمىي تىجارەت قىلىش تەلىپى: ئوغۇت ساتقۇچىلاردا ياخشى كەسپىي ئەخلاق، سەمىمىي پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارنى دېھقانلارغا تونۇشتۇرۇشى، داۋاملىق لەۋزىدە تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئورنىتىشى كېرەك. تاۋار نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز باھالانغان، سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتلارنى دېھقانلارغا ساتماسلىقى كېرەك.

## 66. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا ئوغۇت ساتقۇچىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاشتا قانداق مەسئۇلىيەتلىرى بار

«مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا «مال ساتقۇچىلار تەدبىر قوللىنىپ سېتىلىدىغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ مال ساتقۇچىلار ئۆستىگە ئالىدىغان بىر تۈرلۈك مەجبۇرىيەت. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاش» مەھسۇلاتنى دائىم ئاسراش، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى قوغداشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى مەھسۇلاتلاردا مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە سۈپىتىدە بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن، كومپلېكس ئوغۇت نەملىكنى سۈمۈرۈپ مۇنەكلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئاموني ھىدرو كاربونات ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ سۈپەتلىك مەھسۇلاتقا ئىگە بولۇش ھوقۇقى مال ساتقۇچىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقلا مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاشتىكى تېخنىكا شارائىتىنى ياخشىلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ ھال مال ساتقۇچىلاردا مەھسۇلاتنىڭ ئوبوروتىنى تېزلىتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلات سۈپەت ئۆنۈمىنى ساقلاپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى توسىدۇ. بۇ مەھسۇلات ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، بايلىقنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى، ئازىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

ئوغۇت ساتقۇچىلار مەھسۇلاتنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، ۋاقتىدا ئوبوروت قىلىپ ۋە سېتىپ چىقىرىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. مال ساتقۇچىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاشتىكى تەدبىرلىرى ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا، مەھسۇلاتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا، تىجارەت دائىرىسىگە ئاساسەن سېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل مەھسۇلاتنى ساقلاش، زاپاس

ساقلاش ۋە قوغداش قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەتراپلىق ئورنىتىش لازىم. بۇنىڭدا ئامبار، پونكىتلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولۇشى كېرەك.

## 67. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا قانداق تەلەپلەر هازىرلىنىشى كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلار دۆلەت، ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار قانۇن، قائىدە - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن شارائىتلارنى هازىرلىغاندىن سىرت، مۇنداق شارائىتلارنىمۇ هازىرلىشى كېرەك: بىرىنچى، ئوغۇت ئىشلىتىش بىلىملىرىنى بىلىدىغان مۇلازىمەتچىلەرگە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، تىجارەت پائالىيىتىگە ماس كېلىدىغان تىجارەت سورۇنى، ئامبار بولۇشى، بىخەتەر قوغداش شارائىتى ۋە مۇھىت بۇلغاشتىن ساقلاش ئىقتىدارى بولغان بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، خىمىيەۋى ئوغۇت سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ساقلاپ قالالايدىغان زۆرۈر تەدبىرلەر ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇشى كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىشلەپچىقارغان ياكى توپ ساتقان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشنامىسى، سۈپەتلىك مەھسۇلات گۇۋاهنامىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت تىزىملاش كىنىشكىسى، ۋاقىتلىق تىزىملىتىش كىنىشكىسى ۋە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى (مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلىش ئىسپاتى) بولۇشى كېرەك. بۇلاردىن بىرەرسىدە نۇقسان بولمىسا، مەھسۇلاتنى كىرگۈزۈپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. باشقا ئۆلكە، باشقا رايونلار ئىشلەپچىقارغان ئوغۇت مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇ-

غۇللانغاندا، ئۆز جايىنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بەلگىلىمىسىدىن تاشقىرى، ئۆز جايىدىكى ئوغۇت باشقۇرغۇچى تارماقلارغا بېرىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ تىزىملىتىشى كېرەك. تىجارەت قىلىپ ساتسا بولمايدىغان ئوغۇتلار: بىرىنچى، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى (مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلىش ئىسپاتى)، ئوغۇت تىزىملاش كىنىشكىسى، ۋاقىتلىق تىزىملىتىش كىنىشكىسى (دۆلەت بەلگىلىگەن تىزىملاش كەچۈرۈم قىلىنغان ئوغۇت مەھسۇلاتىدىن باشقىلىرى) بولمىغانلار؛ ئىككىنچى، سۈپەت تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلىق كىنىشكىسى بولمىغان ياكى تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولۇپ قالغان مەھسۇلاتلار؛ ئۈچىنچى، قاچىلاش جەريانىدا بەلگىسى بەلگىلىمە بويىچە سېلىنمىغان ياكى سالسىمۇ ماس كەلمىگەن مەھسۇلاتلار ۋە ياكى مەھسۇلاتنىڭ ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشنامىسى قوشۇمچە قىلىنمىغان مەھسۇلاتلار؛ تۆتىنچى، دۆلەت بۇيرۇق قىلىپ سېتىشنى چەكلىگەن، شاللىۋەتكەن، سېتىشنى توختاتقان مەھسۇلاتلار؛ بەشىنچى، سۈپىتى بېكىتىلگەن، ئۆلچەمگە يەتمىگەن مەھسۇلاتلار؛ ئالتىنچى، دۆلەت، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) تىجارەت قىلىشنى توختاتقان مەھسۇلاتلار. شۇڭا، تىجارەتچىلەر ئوغۇت ساتقان ئىستېمالچىلارغا خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش چۈشەندۈرۈشنامىسى ۋە بىخەتەرلىك بىلىملىرى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنامىسىنى بېرىشى كېرەك.

## 68. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا مەھسۇلات كىرگۈزگۈچىلەر تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا دىققەت قىلىدىغان قانداق بەلگىلىمە بار

مەھسۇلات كىرگۈزگەندە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش، قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئاددىي تەرتىپ. مال تەمىنلىگۈچى - كىرگۈزگۈچى تەرەپلەر ئۆزئارا تۈزگەن توختامغا ئاساسەن، مەھسۇلات سۈپىـ

تىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تەرتىپ ئۇسۇللىرى ۋە ئىككى تەرەپ-نىڭ مەسئۇلىيىتى كونكرېت كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. مال ساتقۇچىلار مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مال كىرگۈزگەندە، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تەرتىپلىرىنى ئادا قىلىشى، ساختا، ناچار مەھسۇلات، لاياقەتسىز مەھسۇلات بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ مەھسۇلاتنىڭ سېتىش جەريانىدىكى سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئىش. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا مال ساتقۇ-چىلار مال كىرگۈزگەندە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تۈزۈمىنى ئورنى-تىشى، ئىجرا قىلىشى كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك كىنىشكىسى ۋە باشقا ئىسپاتلىرىغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك دەپ كۆرسى-تىلگەن. بۇ مال ساتقۇچىلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىدىكى بىر تۈرلۈك مەجبۇرىيىتى.

## 69. مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىكى مەقسەت نېمە، ئۇنىڭ رولى ۋە دائىرىسى قانداق بولىدۇ

دۆلەت قانۇنىدا مال كىرگەندە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەمدە مەھسۇلات ساتقۇچىلار، مەھسۇلات بىلەن تەمىن-لىگۈچىلەر (ئىشلەپچىقارغۇچىلار) نىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆتۈشكە ھەيدەكچىلىك قى-لىش تەكىتلەنگەن. بۇ، مال ساتقۇچىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە ھە-قىقي كاپالەتلىك قىلىپ ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ بازارغا كىرى-شىنى توسۇشىغا ئاساس سالىدۇ. نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپنىڭ توختام تۈزۈپ ئۆزئارا سۈپەت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئوبوروت ساھەسىدىكى سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئېھتىياجلىق

ئىككى تەرەپنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئايرىلىدۇ. مەھسۇلات ئىستېمالچىلارغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان، مەنپەئەتكە دەخلى-تەرز قىلىش، ئىستېمالچىلارغا زىيان سېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. مال ساتقۇچىلار مەھسۇلات كىرگۈزگەندە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش پائالىيىتىنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارسىمۇ ۋە ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ. تېخنىكا جەھەتتىكى چەكلىمە ۋە تەجرىبە كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىن، ئۆزى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمىسا، «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىغا تەكشۈرۈش دوكلاتى چىقارتىش ئارقىلىق، كىرگۈزگەن مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئەلا ياكى ناچارلىقىنى بېكىتسە بولىدۇ. مال ساتقۇچىلار كىرگۈزگەن مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك ئىسپاتى ۋە باشقا بەلگىلەرنى ئىسپاتلىشى، زۆرۈر بولغاندا مەھسۇلاتنىڭ ئىچكى سۈپىتىنى تەكشۈرتۈشى كېرەك.

## 70. تىجارەتچىلەر ئوغۇتنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇتنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش دۆلەت ۋە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىك قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ دائىملىق خىزمىتى. خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قانۇن ئىجرا قىلىدىغان تارماقلارنىڭ قەرەللىك ۋە قەرەلسىز نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە پائال ماسلىشىشى كېرەك، ھەر قانداق باھانە بىلەن نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى رەت قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ماسلاشمىغان، رەت قىلغانلار مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ساقلاشقا ۋە ئۇنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق

ۋە مەھسۇلات سۈپىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭا، مەھسۇلاتلارنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، تىجارەتچىلەر مۇنداق ئىككى تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك: بىرىنچى، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈلىدىغان مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە بېكىتىلگەن نۇقتىلار، تىجارەت ئورۇنلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارغا ساقلاۋاتقان مەھسۇلات ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، سېتىلىش مىقدارى قاتارلىقلارنى دوكلات قىلىشى، نۇسخا ئېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلىدىغان مەھسۇلاتقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە مال كىرگۈزۈش تالونى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئىگىلىشى، تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى، ئەمەلىي ئەھۋالنى يوشۇرماسلىقى كېرەك.

## 71. خېرىيەۋى ئوغۇت تىجارەتچىلىرى بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا تاۋار ياكى مۇلازىمەت قىلىش سۈپىتى جەھەتتە تالاش - تارتىش يۈز بەرسە قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 23 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئىستېمالچىلار بىلەن تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا تاۋار ياكى مۇلازىمەت سۈپىتى جەھەتتە تالاش - تارتىش يۈز بەرگەندە، ئىككى تەرەپ يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپپاراتلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى، باھالىشىغا سۇنۇشى كېرەك. تەكشۈرۈپ بېكىتىش، باھالاشنى مىسىگە ئىگە بولالمىسا ياكى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، باھالاش پىكرىدە بىردەكلىك بولمىسا، ئۇنى تالاش - تارتىش ئورنى قوبۇل قىلىپ بېكىتسە بولىدۇ. تەكشۈرۈپ بېكىتىش، باھالاش نەتىجىسىدە تاۋار ياكى مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتە ساقلانغان سۈپەت مەسىلىسى بارلىقى ئىس-

پاتلانسا تەكشۈرۈپ بېكىتىش، باھالاش چىقىمىنى تىجارەتچىلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەكسىچە بولسا باھالاش چىقىمىنى ئىستېمالچىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. تاۋار ياكى مۇلازىمەت قىلىشتىكى سۈپەتنى بېكىتەلمىسە تىجارەتچىلەر ئۆزىدە خاتالىق يوقلۇقىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. ئۇنى ئىسپاتلىيالمىسا مەسئۇلىيەتنى تىجارەتچى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

## 72. تىجارەتچىلەر ساختا، ناچار خىمىيەۋى ئوغۇت ساتسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ 29 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: دېھقانلار يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىۋاستە سېتىۋالسا بۇ چارە تەتبىقلىنىدۇ. تىجارەتچىلەر ساختا، ناچار ئۇرۇق، خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، يەم-خەشەك خۇرۇچى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى ۋە باشقا تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرىنى ساتسا، ھەقلىق يوسۇندىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە دېھقانلار زىيانغا ئۇچرىسا، كېلىپ چىققان زىيان، ئېرىشمەكچى بولغان پايدىنى ساتقۇچى تۆلەپ بېرىشى كېرەك. تىجارەتچىلەر تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى قەستەن كېچىكتۈرسە ياكى ئۇرۇنسىز رەت قىلسا، بۇ چارىنىڭ 26 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جازاغا تارتىلىشى كېرەك. جىنايى قىلمىش شەكىللەندۈرسە، قانۇن بويىچە جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

## 73. كىم ساتسا شۇ مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك

كىم ساتسا شۇ مەسئۇل بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئىستېمالچىلار

تاۋار سېتىۋالغاندىن كېيىن سوپەتتە مەسىلە بارلىقى بايقالسا، ئىستېمالـ
چىلار قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ساتقۇچى ئىستېمالچى ئۇتتۇرىغا
قويغان مۇۋاپىق تـەلەپنى قـاندۇرۇشى كېـرەك. ئەكسـىچە ھەر قانـداق
سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلماسلىقى كېرەك. بۇ مال ساتقۇچىلارنىڭ تاۋار
سوپەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. سەۋەنلىكنى
بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قويۇشتەك ئاۋارىچىلىكنى ئازايتىدۇ.

## 74. مـال ساتقۇچى كۆزىتـىش ۋە ئۆلچەشتە لاياقەتسىز بولۇپ قالغان خىمىيەۋى ئوغۇتلار قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ

كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش ئارقىلىق لاياقەتسىز بولۇپ قالغان خىمىيـەۋى
ئوغۇت مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندە دەرھال سېتىشنى توختىتىشى، سېتىلىپ
بولغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىستېمـالچىلارغـا ئۇقتۇرۇپ، ئـالماشتـۇرۇپ
بېرىشى، ئۆلچەمسىز خىمىيەۋى ئوغۇتنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك.
شۇ خىل خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سوپىتىگە قارىتـا
ئىنكاسىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا مەلۇم قىـ
لىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانۇن، قائىدە ـ نىزام ۋە ئۆلـچەمگە مـاس
كەلمىگەن تاۋارنى سېتىشنى توختـىتىش، شـۇ جايدىكـى سودا ـ سانائـەت
مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى ساقلاش كېرەك.

## 75. خىمىيەۋى ئوغۇتنى ساقلاشتا قانداق تەلەپلەر بار

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئوخشاش بولمىغان خىمىيەۋى ئوغۇتـلار-
نىڭ خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتى ئـوخشاش بولـمايدۇ. بەزى خـىمىيـەۋى
ئوغۇتلار نەملىكنى ئاسان سۈمۈرۈۋېلىپ پارچىلىنىدۇ، بەزىـلىرى پارغـا
ئايلىنىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا چىرىشچان، زەھەرلىك ۋە ئاسان ئوت ئېلىپ

پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ ئوخ-
شاش بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ساقلاش تەدبىر-
لىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئارىلاشتۇرۇپ ساقلاشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ
خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ تېرىلىدىغان زىرائەت ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىشىغا
تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ۋە باشقا ھادىسىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يې-
مەكلىك، دېھقانچىلىق دورىلىرى، ئۇرۇق ۋە باكتېرىيەلىك ئوغۇتلارنى
خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن بىر جايدا ساقلاشقا بولمايدۇ. ئاسان ئوت
ئېلىپ كۆيىدىغان، پارتلايدىغان ۋە زەھەرلىك ئوغۇتلارنى مەخسۇس
ئامبارلاردا ساقلاش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئازوتنىڭ
پارلىنىپ كېتىشى، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى يوقىتىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاممونىي كالىي ئوغۇتىنى دورا خاراكتېرىدىكى
ئىشقارلىق ئوغۇت بىلەن بىر ئامباردا ساقلاشقا بولمايدۇ. ئورگانىك ئو-
غۇتلارنىڭ سىغىمى نىسبەتەن چوڭ بولغانلىقتىن، ئادەتتە ئامبارنىڭ
تېشىغا دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ. بۇ خىل ئوغۇتلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ
پارغا ئايلىنىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئارىلاشمىلار ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ
كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۈ-
نۈمدارلىقىنى ساقلاش كېرەك. بۇلغاش ۋە ئۈلترا بىنەپشە نۇرنىڭ زىيان
سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باكتېرىيەلىك ئوغۇتنى قۇرغاق، سال-
قىن، نۇر بىۋاستە چۈشمەيدىغان ئورۇندا ساقلاپ، باكتېرىيەلىك ئوغۇت
سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 76. ئوغۇتلارنى قانداق ئەھۋالدا ئۈستى ئوچۇق ئورۇندا ساقلىغىلى بولىدۇ

قانداق ئوغۇت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۈستى ئوچۇق ئورۇندا
ساقلاشقا بولمايدۇ، بىراق مىقدارى كۆپ، ئىشلىتىلىش ۋاقتى قىسقا،
ئامبار سىغىمى كىچىك ھەمدە يامغۇر ياغمىغان ئەھۋالدا خىمىيۋى ئو-
غۇتلارنى ئۈستى ئوچۇق جايدا ساقلىسىمۇ بولىدۇ. دىققەت قىلىدىغان

ئىش يامغۇردىن، نەملىكتىن قاتتىق ساقلىنىش، بىر قەدەر ئېگىز، قۇرغاق جايلارنى تاللاپ بېسىپ قويۇش، ئاستىغا تاش ياكى سېمونتتىن سۇپا ياساپ، يەر ئۈستىدىن 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئېگىز قىلىش، بامبۇك ياكى بورا، يەنە بىر قەۋەت سۇلياۋ يوپۇق سېلىش كېرەك. ئاندىن ئوغۇتنى تەكشى، مۇقىم دۆۋىلەپ ئۆگزە قىرى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئوغۇتنىڭ ئۈستىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن يېپىش كېرەك. ئوغۇتنى دۆۋىلەپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە بامبۇك، بادرا تاشلاپ شەكىلگە كەلتۈرۈش، بېلىق قاسىرىقى ھالىتىنى ھاسىل قىلىپ، ئۈستىدىن ئاستىغىچە ئىككى-ئۈچ قات قىلىپ يېپىش كېرەك. ياپقاندا سىرتىنى ئارغامچا بىلەن ئوراش كېرەك.

## 77. خىمىيەۋى ئوغۇتنى توشۇش جەريانىدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئايرىم تۈرلىرىدىن باشقىلىرى ياخشى قاچىلىنىدۇ. شۇڭا، خىمىيەۋى ئوغۇتنى توشۇش قوراللىرى ئاددىي بولىدۇ. ئادەتتە ئۇزۇن مۇساپىلىق توشۇشقا پويىز ۋە پاراخوت؛ ئوتتۇرا - قىسقا مۇساپىلىق توشۇشقا ئاپتوموبىل، تىراكتور ۋە ئات، ئېشەك، كالا ھارۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. قانداق قورالنى ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، قۇرغاق، تاختايلىرىنىڭ تەكشى ۋە تۈز، مىخ ۋە قوزۇق بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يامغۇر، ئاپتاپتىن مۇداپىئەلىنىدىغان بولۇش كېرەك. ئوراش، قاچىلاش پۇختا بولمىغان ئوغۇتلارنى بىرزېنتلىق جازىسى بار ئاپتوموبىللاردا توشۇش كېرەك ھەمدە يامغۇر، نەملىكتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشىنى ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچى، ھەر قانداق تۈردىكى ئوغۇتنى مەخسۇسلاشقان توشۇش ئۈسكۈنىسى بىلەن توشۇش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئاشلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ توشۇماسلىق كېرەك؛ ئىككىنچى، يورۇقلۇق ۋە قىزىقلىق تەسىرىدىن ئوت كېتىشتىن ساقلاش كې-

رەك. ئاممونىي فوسفات قاتارلىق ئىسسىقلىق سىڭىمى يۇقىرى، ئاسان ئوت ئېلىپ پارتلايدىغان تۈرلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئوراش ـ قاچىلاش ئېلىپ بېرىلمىغان كالتسىي سۇپېر فوسفات قاتارلىق چىرىتىشچانلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان ئوغۇتلارنى يامغۇر، نەملىك ئۆتمەيدىغان رەخت بىلەن ئوراش، ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە شال پاخلى ياكى سامان تاشلاپ، بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ تۆتىنچى، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى تۈرلىرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم قاچىلاش، ئاۋايلاپ كۆتۈرۈش، ئاۋايلاپ قويۇش، قاچىلانغان ئوغۇتنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 78. ئوغۇت ئامبىرىغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ

ئوغۇت ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ: بىرى، كورپۇسنى تۇتاشتۇرۇش شەكىللىك قۇرۇلمىغا ئىگە شەكىل؛ يەنە بىرى، يەككە ئامبارلىق شەكىل. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ساقلايدىغان ئامبار قايسى خىل شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش سۈپىتى مۇستەھكەم، پۇتۇش تەننەرخى تۆۋەن، ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ئامبار ئۈستى ۋە يەر يۈزىدە ئىسسىقلىقنى ئايرىش، نەملىكتىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلمىلىرى ئورنىتىلىشى، ئامبارنىڭ ئىچكى يەر يۈزى ئامبار سىرتىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىز بولۇشى كېرەك. ئامبارغا ئەڭ ياخشىسى گاز چىقىرىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىپ، ئوغۇتتىن ئاجرىلىپ چىققان گاز جىسمىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ساقلاش ئامبارلىرىنى ياسىغاندا، شامال ئۆتۈشىدىغان تەرىپىنى ياخشى تاللاش كېرەك. قۇرۇلۇش كۆلىمىنى، يەنى سىغىمىنى ئەڭ چوڭ بولغاندا 1500 كۇب مېتىردىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ئامبارغا پولات چىۋىق ۋە ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال ئىشلىتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ئاممو-

نى نىترات ئوغۇتىنى ساقلاش ئامبىرى سالغاندا سۈپەتلىك، ياخشى، يېنىك بولغان ماتېرىيال ۋە بېسىمنى ئاسان قويۇپ بېرىدىغان ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئىشلىتىش، ئامبار بىلەن باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئارىلىقىنى ساقلاش كېرەك. ئادەتتە باشقا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئارىلىقى 50 مېتىر ئەتراپىدا، خەلققە كېرەكلىك ئالاھىدە قۇرۇلۇشلارنىڭ ئارىلىقى 30 مېتىر ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 15 مېتىردىن كەم بولماسلىقى كېرەك ھەمدە چاقماق قايتۇرغۇچ ئۈسكۈنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى كېرەك.

## 79. خىمىيەۋى ئوغۇت ئامبارلىرىدىكى ئوغۇت دۆۋىسى نومۇرى قانداق بولىدۇ

ئادەتتە ئوغۇت ئامبارلىرىدا ئوغۇت دۆۋىلەشتە «二套一»، «二套三»، «三套四» ۋە «بىر خەتلىك شەكلى» (一字型)، «قۇدۇق خەت شەكلى» (井字形) قاتارلىقلار كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئالدىنقى ئۈچ خىلىنىڭ مۇقىملىق دەرىجىسى ياخشى، قويۇلۇش ئارىلىقىدا يوچۇق كىچىك بولىدۇ. ئوغۇت دۆۋە نومۇرىنى ئوغۇت تۈرىگە قاراپ، بەرداشلىق دەرىجىسى ۋە بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ بېكىتىش كېرەك. ئاساسەن مونەك بولۇۋالىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇت دۆۋىسىنىڭ نومۇرىنى تۆۋەن قاتلام بويىچە، ئادەتتىكى قەغەز قاپلىق ۋە يەككە قاتلاملىق خالتىلارنىڭ نومۇرىنى يۇقىرى قاتلامدىن ماس كەلتۈرۈپ سېلىش كېرەك. كاناپ تاغار، رەخت خالتىلىق ياكى سۇلياۋ قاپقا قاچىلانغان ئوغۇتلارغا مۇۋاپىق دۆۋە نومۇرىنى قويۇش، ھەر بىر دۆۋىدىكى قاپ 30 دىن ئاشمىغان بولۇشى كېرەك. چوڭ دۆۋىلەر بىلەن كىچىك دۆۋە ئارىلىقى ۋە تۈر بىلەن تۈر ئارىلىقىدا پىيادىلەر يولى قالدۇرۇپ، يۆتكەش، تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىش كېرەك. ئامبار تېمىدىن چوقۇم 30 ~ 50 سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ نەملىكىنى قوبۇل قىلىش، تامنى بۇزۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

## 80. ئوغۇت ئامبىرىنىڭ مۆتىدىللىكى، نەملىكىنى قانداق تەڭشەش، تىزگىنلەش كېرەك

ئوغۇت ئامبىرىنىڭ مۆتىدىللىكى، ھۆللۈكى سىرتتىكى ھاۋا كىلىما-
تىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئوخشاش بولمىغان
ئوغۇتلارنى ساقلاش، توشۇش جەريانىدا مۆتىدىللىكى، نەملىكى
ساقلاشنىڭ بەلگىلىك تەلپى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىپ
ئامبارنىڭ مۆتىدىللىكى، نەملىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ساقلاشنىڭ ئېھتىياجى. ئەگەر ئامبارنىڭ
مۆتىدىللىكى، نەملىكى ئوغۇت تەلەپ قىلغان مۆتىدىللىك، نەملىكتىن
ئېشىپ كەتسە ياكى تۆۋەن بولسا، ئىشىك - دېرىزە ۋە ھاۋا ئالماشتۇ-
رۇش ئورۇنلىرىنى تەڭشەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، نەملىكنى سۈمۈرۈش
ياكى تۇراقلاشتۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك. تەڭشەشنىڭ ئۇ-
سۇللىرى:

1. ھىم ئېتىش: ئامبارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ھىم ئېتىپ، گاز-
نى چىقىرىۋېتىدىغان تۆشۈك - كامارلارنى توسۇپ، ئامبار ئىچىنى ھىم
ھالەتكە كەلتۈرۈش، ئامبار سىرتىدىكى ئىسسىق، نەم ھاۋانى ئامبار ئى-
چىگە كىرىشتىن توسۇش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنداق مۇمكىنچىلىك بول-
مىغاندا سۇلياۋ يوپۇق ئارقىلىق خىمىيەۋى ئوغۇت دۆۋىلىرىنى پۇختا
يۆگەپ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ.

2. ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى: ئاتموسفېرا بېسىمى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدىغان پەرقتىن پايدىلىنىپ، ئامبار ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ ھاۋاسىنى
جېپسىلاشتۇرۇپ، مۆتىدىللىك، نەملىكنى تەڭشەش كېرەك. بۇنىڭ تە-
بىئىي ھاۋا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. تەبىئىي
ھاۋا ئالماشتۇرۇشتا ئامبارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئېچىپ، ئامبار
بىلەن سىرتىنىڭ ھاۋاسىنى تەبىئىي تەگپۇڭلاشتۇرۇپ، ئامبار ئىچىنىڭ
تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكنى تۆۋەنلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ

خىل ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئامبار سىرتىدىكى مۇتلەق نەملىك ئامبار ئىچىدىكى نەملىكتىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك. يامغۇرلۇق كۈن ۋە يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلغاندا ھاۋا ئالماشتۇرسا بولمايدۇ. باھار پەسلىنىڭ ئاخىرلىرى، ياز پەسلىنىڭ باشلىرىدا ئامبار ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك تۆۋەن بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ھاۋا ئالماشتۇرغاندا نەم ھاۋا ئامبار ئىچىگە كىرىپ، «شەبنەم نۇقتىسى» ھاسىل قىلىپ، كىچىك سۇ دانچىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئامبارنىڭ نەملىكىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئامبار ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ ھاۋاسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈنۈمىنى چوڭايتىش ئۈچۈن، ئاپتوماتىك يەل ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، ھاۋا ئالماشتۇرسا بولىدۇ. شۇڭا، ھاۋا ئالماشتۇرغاندا نەملىكنى يوقىتىش ۋە مۆتىدىللىكنى چۈشۈرۈشنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھاۋا ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئامبار ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆگۈت ساقلاش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

3. نەملىكنى سۈمۈرتۈش ئۇسۇلى: نەملىكنى كېمەيتىش ماشىنىسى ۋە نەملىكنى سۈمۈرۈش خۇرۇچلىرىنى ئىشلىتىپ، نەملىكنى سۈمۈرتسە، ئامبار ئىچىدىكى نەملىكنى تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئادەتتە ماشىنا بىلەن نەملىكنى سۈمۈرتۈش ۋە خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن نەملىكنى سۈمۈرتۈش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ماشىنىدا نەملىكنى سۈمۈرتۈشتە ھاۋادىكى نەملىكنى كېمەيتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ماشىنا بىلەن ئادەتتە بىر سائەتتە ھاۋادىكى 1.5 ~ 3.0 كىلوگرام نەملىكنى سۈمۈرگىلى بولىدۇ. ماشىنىدا نەملىكنى سۈمۈرۈشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى سوۋۇتۇش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ سوغۇق چىقىرىپ، ئىسسىقلىقنى سۈمۈرۈش تۇرۇبىسى ئارقىلىق ئىسسىقلىقنى سىرتقا ھەيدەپ، ئۇنى ھاۋادىكى پار شەبنەم نۇقتىسىغا يەتكۈزۈپ، كىچىك سۇ تامچىسى ھاسىل قىلىپ، شامال كۈچى بىلەن ئامبار سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ، ھاۋادىكى پارنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىپ، نەملىكنى

تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. نەملىكنى خىمىيەۋى ئۇسۇلدا سۈمۈرتۈشتە ئامبار ئىچىگە نەملىكنى خىمىيەلىك سۈمۈرتۈش خۇرۇچىنى قويۇپ، ئامبار ئىچىدىكى ھاۋانىڭ نەملىكىنى ئازايتىپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. يامغۇرلۇق ھاۋادا ئامبار ئىچىنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغدا ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى قوللىنىشقا بولمايدۇ، دائىم ئىشلىتىلىدىغان نەملىكنى سۈمۈرىدىغان خۇرۇچلاردىن كۆيدۈرۈلگەن ھاك، كالتسىي خلورىد قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 81. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا مال ساتقۇچىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قانداق بەلگىلىمە بار

«مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا «مال ساتقۇچىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ مال ساتقۇچىلارنى چەكلەش تەدبىرى، شۇنداقلا مال ساتقۇچىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىي مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش مال ساتقۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلاردا چەكلىك ئىشلىتىدىغان مەھسۇلاتلارغا بولغان ئەھمىيەت بېرىشنى كۈچەيتىپ، مەھسۇلاتنى مۇۋاپىق ۋاقىت ساقلاش ۋە تېزدىن سېتىپ چىقىرىپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق. يەنە بۇ بازارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، زىيانغا ئۇچرىشىنى توسۇشقا پايدىلىق. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىدە مال ساتقۇچىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقى ھەققىدىكى مەجبۇرىيەتتە مۇنداق ئىككى مەزمۇن بار: بىرىنچى، مال ساتقۇچىلار ۋاقتى ئۆتكەن مەھسۇلاتلارنى ساتسا بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، مال ساتقۇ-

چىلار سۇپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتلارنى ساتسا بولمايدۇ. بۇ ئىككى ئىشقا مال ساتقۇچىلار بىردەك رىئايە قىلىشى كېرەك. ئۇلار بۇنىڭ بىرىگە رىئايە قىلمىسا، بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

## 82. ۋاقتى ئۆتكەن، سۇپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلات ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئالامەتلىرى قايسى

ۋاقتى ئۆتكەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋاقىت چېكى كۈچىنىڭ بارلىقىنى ساقلايدۇ. ۋاقىت چېكىدىن ئېشىپ كەتكىنى بولسا، رولىنى يوقاتقان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى زاۋۇتتىن چىقارغاندا تۈرلۈك كۆرسەتمىلىرى ئەسلىدىكى ئۆلچەمنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدۇ. بىراق سېتىش داۋامىدا مۇۋاپىق ساقلانماي پارغا ئايلىنىش ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ۋاقتى ئۆتكەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچكى سۈپىتىدە فىزىكىلىق، خىمىيەلىك ۋە بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەت ۋە ئالامەتلىرى، مەھسۇلاتنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمى يوقىلىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، يېمەكلىكلەرنىڭ سېسىپ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مايىنىڭ چۈچۈمەللىشىشى، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، سۇپەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ۋاقتى ئۆتكەن، سۇپىتى ئۆزگەرگەن مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى قەرەللىك ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلات بولۇپ، بۇ مەھسۇلاتلار بىخەتەر ئىشلىتىلىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئاسانلا ئۈنۈمى يوقىلىدۇ، سۇپىتى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، يېمەكلىك، سېمونت ۋە گىرىم بۇيۇملىرى، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قەرەلسىز ئىشلىتىلىدىغان تاۋار ھېسابلىنىدۇ. ۋاقتى ئۆتكەن، سۇپىتى ئۆزگەرگەن تاۋارلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئىشلىتىشچانلىقى بولمايدۇ. ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى تو-

غۇلسمۇ، ئۇنىڭ تەن ساغلاملىق ياكى جىسمانىي مال-مۈلۈك بىخەتەر-لىكىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئاز بولمايدۇ.

## 83. لاياقەتسىز مەھسۇلات ئۇقۇمى نېمىگە قارىتىلىدۇ

دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە - نىزاملىرىنىڭ سۈپەت تە-لىپىگە ماس كەلمىگەن مەھسۇلات لاياقەتسىز مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى كونكرېتلاشتۇرساق، مەھسۇلات چۈشەندۈرۈلۈشى بولمىغان، ئە-مەلىي ھالىتىگە ماس كەلمىگەن ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق سۈپەت ئەھۋالى ئىپادىلەنگەن مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. لاياقەتسىز مەھسۇلات بىر تەرەپ قىلىدىغان مەھسۇلات ۋە سۈپىتى ناچار مەھسۇلات دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر تەرەپ قىلىدىغان مەھسۇلات سۈپىتى بەل-گىلەنگەن ئىشلىتىش تەلىپىگە يەتمىگەن، چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە ئەمەلىي ھالىتىگە ماس بولمىغان مەھسۇلات ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن تەن ساغلاملىقى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشى روشەن بولمىغان، مەلۇم دائىرىدە ئىشلىتىش قىممىتى بولغان مەھسۇلاتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مەھسۇلاتقا «بىر تەرەپ قىلىدىغان مەھسۇلات»، «كاپالىتى يوق مەھسۇلات»، «ناچار مەھسۇلات» دەپ نام بېرىلىپ، ئاندىن ئىستېمالغا يۈزلەندۈرۈلىدۇ ھەمدە ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىلىدۇ ۋە زاۋۇتتىن چىقىرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## 84. ساختا مەھسۇلات ياساش ئۇقۇمى نېمىگە قارىتىلىدۇ

ئارىلاشتۇرۇپ ساختا مەھسۇلات ياساش قانۇنسىزلىق بولۇپ، ئۇ ئاي-رىم ئادەملەرنىڭ پايدىنى كۆزلەپ پەيدا قىلغان ھىيلە - نەيرەڭدىن شەكىللىنىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا كۆنجۈت يېغىغا قىچا يېغى قوشۇش، ئۇ-

نىڭغا تالك تالقىنى ئارىلاشتۇرۇش، گۇرۇچكە قۇم ئارىلاشتۇرۇش، فوسفورلۇق ئوغۇتقا گەج ئارىلاشتۇرۇش ھادىسىلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئارىلاشتۇرۇلغان ماددىلار ئاساسەن قىممىتى يوق، تەننەرخى تۆۋەن نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى قانۇنسىز پايدىغا ئېگە بولۇش. شۇڭا، سۈپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى ساختا، ناچار، قانۇنسىز مەھسۇلاتلارغا زەربە بەرگەندە ئۇنى شەرتسىز چەكلەيدۇ. ئارىلاشتۇرۇپ ياساش ۋە ساختىنى ئارىلاشتۇرۇشقا ئېنىقلىما بېرىپ، ئۇنىڭغا ئالدامچىلىق قىلىش خاراكتېرىدىكى سودا پائالىيىتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئېنىقكى، ئارىلاشتۇرۇلغان ساختا مەھسۇلاتتىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىنىڭ مىقدارى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلىرى، ئۆلچەم، توختاملىرىدا بېكىتىلگەن سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتمەيدۇ.

## 85. ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى قوشۇشنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن قانداق پەرقى بار

1. خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇش ۋە ساختىنى ئارىلاشتۇرۇش قانۇنسىز پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەت. ئۇنىڭدا قەستەنلىك روشەن بولىدۇ؛

2. ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى ئارىلاشتۇرۇش سۈپەت ئۆلچىمىگە ماس كەلمىگەن مەھسۇلاتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلى مەھسۇلاتنىڭ نورمال تەركىبىي قىسمى ۋە ئۈنۈملۈك نىسبىتىنى بۇزۇش بولىدۇ. ساختىنى راست قىلىپ كۆرسىتىشتە دائىم ساختىنى راست قىلىشقا ئۇرۇنۇش بولىدۇ. ئېنىقكى، ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى ئارىلاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ راستنى راست قىلىشقا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ؛

3. ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى مەھسۇلاتنىڭ تەركىبى ۋە مىقدارى دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدىكى بەل-

گىلىمە ـ ئۆلچەمگە ماس كەلمەيدۇ ياكى توختامدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىراق مەھسۇلات تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك ماددىلارغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

## 86. لاياقەتسىز مەھسۇلاتنى لاياقەتلىك مەھسۇلات قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ قانداق پەرقى بار

خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇش، ساختىنى ئارىلاشتۇرۇش بولسا مەھسۇلاتنىڭ تەركىبى، مىقدارىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ قانۇنسىز ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مەھسۇلاتنىڭ ئەسلى سۈپىتى بولمايدۇ. ئارىلاشتۇرۇلغان، ساختىسى قوشۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى لاياقىتى يوقىلىپ، لاياقەتسىز مەھسۇلات بولۇپ قالىدۇ. لاياقەتسىز مەھسۇلاتنى لاياقەتلىك مەھسۇلات قىلىپ كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئېنىقكى، ھەقىقىي مەھسۇلاتنى كۆرسىتىش، نامايان قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. دېمەك، ئۇ سۈپىتى تۆۋەن مەھسۇلاتنى سۈپىتى يۇقىرى مەھسۇلات قىلىپ كۆرسىتىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەت. سۈپىتى تۆۋەن مەھسۇلاتنى ئالىي دەرىجىلىك قىلىپ كۆرسىتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مەھسۇلاتنى لاياقەتلىك ياكى ئەلا سۈپەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش ئوخشاشلا چەكلىنىدۇ.

## 87. قانۇن، قائىدە ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم تەلىپى بويىچە كاپالەت بېرىش شەرتى دېگەن نېمە، ئېنىق كاپالەت بېرىش شەرتى دېگەن نېمە

كاپالەت بېرىش دۆلەتنىڭ قانۇن، قائىدە-نىزاملىرىدا مەھسۇلاتنىڭ

سۈپىتىگە قارىتا بىۋاسىتە بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە تەلەپ بولۇپ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخس ئۇنى چوقۇم ئىجرا قىلىشى شەرت. قانۇن، قائىدە - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم تەلىپى بويىچە مەھسۇلاتلارغا كاپالەت بېرىش شەرتىنى قانۇن، قائىدە - نىزاملارنىڭ باشقا بەلگىلىمىسىدىن سىرت، توختام، نام - شۆھرەت ياكى باشقا ئۇسۇلدا چەك قويۇشقا ۋە كەچۈرۈم قىلىۋېتىشقا بولمايدۇ. «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»دا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات، مال ساتقۇچىلار ساتىدىغان مەھسۇلات كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى، دۆلەت ئۆلچىمى، كەسىپ، ساھە ئۆلچىمىگە ماس كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ تەلەپ قاندۇرۇلمىسا، چوقۇم تولۇقلاپ ماس كەلتۈرۈش كېرەك. ئىشلەپچىقارغان، ساتىدىغان، مەھسۇلات ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى، ئۆلچەمنى ھازىرلاپ مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ قانۇن، قائىدە - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن تەلەپكە يېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە بىرى ماس كەلمەي قالسىمۇ، شۇ مەھسۇلات لاياقەتسىز مەھسۇلات بولىدۇ.

بۇ يەردىكى كاپالەت بېرىش ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە قارىتا بېكىتكەن ئۆلچىمى ھەم ۋەدىسىگە قارىتىلىدۇ. بۇ خىل كاپالەت ۋە ۋەدىنى كۆپ خىل ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشلىتىش بەلگىسى، مەھسۇلات چۈشەندۈرۈشى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك ۋاكالەت نومۇرى، بىرىكتۈرۈلگەن تەركىبلەر نۇسخىسى، تەشۋىقات مەزمۇنلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار مەھسۇلاتنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

## 88. ئىمپورت قىلىنغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى سېتىشتا قانداق بەلگە تەلەپ قىلىنىدۇ

چەت ئەلنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىنى دۆلىتىمىزگە ئىمپورت

قىلىپ سېتىشتا چوقۇم دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىش. دۆلىتىمىزنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 2 - ماددىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگراسى ئىچىدە، مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان ۋە سېتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندا، مەزكۇر قانۇنغا رىئايە قىلىشى كېرەك» دېيىلگەن. ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنى سېتىشتا يەنىلا مەھسۇلاتقا بەلگە قويۇش، قويۇلغان بەلگە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە ماس كېلىشى كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ نامى، زاۋۇت ئىسمى، ئادرېسى ۋە باشقا چۈشەندۈرۈلۈشى دۆلىتىمىزنىڭ يېزىقىدا بولۇشى كېرەك.

# تۆتىنچى ئوغۇتقا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## 89. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە قانداق بەلگىلىمىلەر بار

مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى قانداق يولغا قويۇش توغرىسىدا «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 15 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «دۆلەت مەھسۇلات سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغان نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، شۇنداقلا دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، خەلق تۇرمۇشىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان مۇھىم سانائەت مەھسۇلاتى، شۇنداقلا ئىستېمالچىلار، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئىنكاس قىلغان سۈپەت مەسىلىسى بار مەھسۇلاتقا قارىتا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئارىلاپ تەكشۈرۈش نۇسخىسىنى بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ياكى كارخانىلار سېتىشقا تەييارلىغان مەھسۇلات ئىچىدىن خالىغانچە ئارىلاپ ئالىدۇ. نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى گوۋۇيۈەنىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ئورگىنى پىلانلايدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي ئورگانلار، يەنى مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى ئۆزى تەۋە مەمۇرىي رايونلار ئىچىدىكى بازارلاردا نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللىسە بولىدۇ. باشقا قانۇن - نىزاملاردا نازارەت قى-

لىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ئائىت باشقا بەلگىلىمە بولسا، مۇناسىپ تەتبىقلاپ ئىجرا قىلىدۇ. دۆلەت نازارەت قىلغان ۋە ئارىلاپ تەكشۈرگەن مەھسۇلاتقا قارىتا ئاساسىي قاتلام تارماقلارنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. يەنى بىر دەرىجە يۇقىرى تارماق نازارەت قىلغان، ئارىلاپ تەكشۈرگەن مەھسۇلاتقا قارىتا تۆۋەن دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ قايتا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان نۇسخا سانى، مىقدارى مۇۋاپىق، تەلەپكە لايىق بولۇشى كېرەك. تەكشۈرۈش ئوبيېكتىدىن تەكشۈرۈش خىراجىتى ئالماسلىقى كېرەك. نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان خىراجىتىنى گوۋۇيۈەن بەلگىلىمىسى بويىچە مەخسۇس ئاجرىتىدۇ.

## 90. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەريانىدا نۇقتىلىق ھالدا قانداق ئەھۋاللارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش جەريانىدا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار نۇقتىلىق ھالدا نازارەت قىلىدىغان-باشقۇرىدىغان مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار. بىرىنچى، گۇۋاھنامىسىز خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى، خىمىيەۋى ئوغۇتنى تىزىملىتىش گۇۋاھنامىسى؛ ئىككىنچى، گۇۋاھنامىسىز تىجارەت قىلىش، تىجارەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىش، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش كەمچىل بولغانلىقتىن، خىمىيەۋى ئوغۇتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، باشقا تۈردىكى تىجارەتنى قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش سالاھىيىتى ھازىرلىماي تۇرۇپ خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئارىلاشتۇرۇلغان، ساختىنى ئارىلاشتۇرغان،

ئىشلەپچىقارغان، ساتقان، ياخشىغا ناچارنى قوشۇپ ساختا، ناچار مەھسۇلات پەيدا قىلغان؛ تۆتىنچى، باشقىلارنىڭ تاۋار ماركىسى، نامىنى قوللىنىپ قاچىلىغان، زاۋۇت ئىسمى، ئادرېسى ساختا ياكى تەقلىد قىلىنغان خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە ساتقان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتى؛ بەشىنچى، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش جەريانىدىكى ئۆلچەم مۇۋاپىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى؛ ئالتىنچى، قانۇن، قائىدە-نىزاملاردا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى.

## 91. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىن نۇسخا ئېلىشتىن ئاۋۋال نېمە ئۈچۈن نۇقتا بېكىتىلىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار نۇسخا ئېلىشتىن ئاۋۋال كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش نۇقتىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بۇ نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قالايمىقان، قارىغۇلارچە ئىشلەشتىن ساقلىنىش رولىنى ئوينايدۇ ۋە بۇ خىزمەتنى پىلانلىق، مەقسەتلىك، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، سېتىش نۇقتىلىرى بەك كۆپ، شۇڭا نۇسخا ئېلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولىدۇ. ئاۋۋال نۇقتا بېكىتىپ خىزمەتنى قانات يايدۇرمىغاندا ۋاقىت، ئادەم كۈچى ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار نۇسخا ئېلىشتىن ئاۋۋال نۇقتا بېكىتىش خىزمىتىنى ناھايىتى مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتۇشى كېرەك.

## 92. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسى

خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇشتا قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار چوقۇم مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش قىلىشى، قانۇن ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، بۇ خىزمەت داۋامىدا تۆۋەندىكىلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك: بىرىنچى، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار كۆزىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان نەق مەيدانغا كىرگەندە، كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك. رەسمىي ئىشقا كىرىشكەندە، نەق مەيداندىكى كۆزىتىدىغان، ئۆلچەيدىغان مەھسۇلاتقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، كۆزىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ نۇسخىسىنى ئالغاندىن كېيىن، قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار مەھسۇلاتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھېسابات دەپتىرى، تالونى ۋە ئېلان - تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەپ، نۇسخا ئېلىشى ھەمدە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرۇپ، تامغىسىنى باستۇرۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، يەنە بۇ خادىملار كۆزىتىدىغان، ئۆلچەيدىغان نەق مەيدان خاتىرىسىنى ئىشلەپ، شۇ جايدىكى پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي جەريانى ۋە مەزمۇننى تەپسىلىي خاتىرىلىشى كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار كۆزەتكەن، ئۆلچەمگە يەتكەن مەھسۇلاتلارغا قارىتا، شۇ جايدىكى ئورۇن مەسئۇلى ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىشى كېرەك؛ تۆتىنچى، كۆزىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلات ئىكەنلىكى، تەن ساغلاملىقىغا، مال-مۈلكىگە زور زىيان

سالىدىغان ئىسپات ئاساسى تېپىلسا، بۇ خىل مەھسۇلاتقا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار دەرھال بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىشى كېرەك؛ بەشىنچى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملىرى «تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش نەتىجىسى ئېتىراپنامىسى» نى تاپشۇرۇۋالغان بەش كۈن ئىچىدە كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن مەھسۇلاتىنىڭ ئورۇن مەسئۇلىغا ئۇقتۇرۇش قىلىشى ھەمدە ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. لاياقەتسىز تاۋارلارنىڭ «تاۋارلار سۈپىتىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش نەتىجىسى ئېتىراپنامىسى» دا چوقۇم كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ ئورۇن مەسئۇلى ئىمزا قويۇپ تاپشۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك. كارخانىلار مۇلازىمەت قىلىدىغان، ساتىدىغان ئورۇنلارنىڭ كۆزىتىپ ئۆلچەش نەتىجىسىگە قارىتا باشقىچە پىكرى بولمىسا، تەكشۈرۈش نەتىجىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. پىكرى بولسا «تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى كۆزىتىش، ئۆلچەش نەتىجىسى ئېتىراپنامىسى» غا ئىمزا قويۇپ، تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئالتىنچى، قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار قايتا مۇزاكىرە قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش دوكلاتىنى، نەتىجىسىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىشى، ئەھۋالنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

## 93. نىشانلىق كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش دېگەن نېمە، نىشانسىز كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش دېگەن نېمە

نىشانلىق كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بېكىتكەن، خېمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىغا بىر تۇتاش ئېلىپ بارىدىغان كۆزىتىش ۋە ئۆل-

چەشنى كۆرسىتىدۇ. نىشانسىز كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بېكىتكەن، باسقۇچ خاراكتېرلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان، نۇقتىلىق كۆزىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان مەھسۇلاتلارغا قارىتا ئىستېمالچىلار پاش قىلغان ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆزىتىلىدىغان ۋە ئۆلچىنىدىغان كونكرېت مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلىرىنى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە يوللاپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، پەسىللەر بويىچە تەشكىللىگەن كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ. نىشانسىز كۆزىتىش ۋە ئۆلچەش خىزمىتىنى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ھوقۇق بەرگەندىن كېيىن، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەر قايسى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بېكىتكەن ھەر قايسى پەسىللەردە ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھەمدە كېيىنكى پەسىلنىڭ 2 ـ ھەپتىسىدە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆزىتىش، ئۆلچەش نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا «تاۋار سۈپىتىنى كۆزىتىش ۋە ئۆلچەشتىكى لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش جەدۋىلى»، «مەھسۇلات سۈپىتىنى كۆزىتىش ۋە ئۆلچەشتىكى لاياقەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش جەدۋىلى»، «لاياقەتسىز مەھسۇلات ۋە كارخانىلارنىڭ تىزىملىكى»، «لاياقەتلىك مەھسۇلات ۋە كارخانىلارنىڭ تىزىملىكى» نى يوللايدۇ.

## 94. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىن نۇسخا ئېلىشتا قايسى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك

ئوغۇت بازارلىرىدا ئورگانىك، ئانئورگانىك، يېڭى تىپتىكى ئوغۇتلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئاز. خىمىيەلىك ئوغۇت بولسا، مۇھىت (تېم-

پېراتۇرا، نەملىك) نىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرىغانلىقتىن، مەھسۇلات
سۈپىتى ئاسان ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىمىيەۋى ئوغۇت
مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش تەكرار ئېلىپ
بېرىلىدۇ. بىراق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ۋە تەكشۈرۈش ئاپ-
پاراتلىرى نۇسخا ئېلىش جەريانىدا مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يەت-
كۈزمەسلىكى كېرەك. دېمەك، نۇسخا ئالغۇچىلار تەرتىپنى قېلىپلاش-
تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئۆلچەم بەلگىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش تەلەپ قى-
لىنىدۇ. ھەر قانداق كىشىنىڭ خالىغانچە ئۆلچەمگە رىئايە قىلماي نۇسخا
ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىرىنچى، نۇسخىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى:
خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامباردىكى مىقدارى ئاز ياكى پە-
قەت بىر نەچچە قاپ بولۇپ قالسا، نۇسخا ئېلىش ئاساسىي مىقدارى
كىچىك، مەھسۇلاتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى ناچار بولىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالدا نۇسخا ئالماسلىق كېرەك؛ ئاز مىقدارلىق مەھسۇلاتتىن نۇسخا
ئېلىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالسا، ھەر بىر بولاق، ھەر بىر قاپتىن ئېلىش
كېرەك. ئىككىنچى، نۇسخا قاچىلاش قاچىسى: مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەم
بەلگىلىمىسى بويىچە خىمىيەۋى ئوغۇتنى 500 مىللىمېتىرلىق ئېغىزى
كەڭ بوتۇلكا ياكى پولىئېتىلىنلىق بوتۇلكىلارغا قاچىلاش كېرەك. قە-
غەز قاپ، كونۋېرت ياكى سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ ئوراپ قويۇشتىن
ساقلىنىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، نۇسخا ئالغاندىن كېيىن، تېزدىن ئا-
رىلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك. (نۇسخىنى ئارىلاشتۇرغان ۋاقىتتا ھەرىكەت-
نىڭ تېز بولۇشىغا ھەم قاپ ئىچىدە ئارىلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش
كېرەك. نۇسخىنىڭ نەملىكنى سۈمۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نەم
جايدا، يورۇقلۇق كۈچلۈك جايدا ساقلاشقا بولمايدۇ.) تاللىغان نۇسخى-
نى ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قىسقارتىش ئۈسكۈنىسى ياكى
تۆتكە ئايرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1000 گىرامغا ئىخچاملاپ قاچىلاش
كېرەك؛ بەشىنچى، تاللىغان نۇسخا قاچىلانغان بوتۇلكا ئاغزىنى پېچەت-
لەش: تاللىغان نۇسخا قاچىلانغان بوتۇلكا ئاغزىنى ئاۋۋال يېلىم بىلەن
چاپلاش، پېچەت ئۇرۇپ، ياخشى ئوراش، كېيىن موم بىلەن مۇقىملاش-

تۇرۇش كېرەك؛ بەشىنچى، نۇسخا مەزمۇنى: تاللىغان نۇسخىغا تېزدىن نۇسخا مەزمۇنى چاپلاپ، نۇسخىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى، خاتا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭغا مۇنداق مەزمۇن يېزىلىدۇ: نۇسخا نومۇرى، مەھسۇلات نامى، كارخانا نامى، تەستىق نومۇرى، نۇسخا ئالغان ۋاقتى، نۇسخا ئالغۇچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە نۇسخا ئالغان ئورۇن قاتارلىقلار. ئالتىنچى، نۇسخا ئېلىش جەريانىنى يېزىش: نۇسخا ئالغان خادىملار خاتىرىسى-كارتىسى يېزىش تەلپى بويىچە نۇسخا ئېلىش جەريانىنى ئەستايىدىل يېزىش كېرەك. يېزىلغان مەزمۇن راست، تولۇق، خەتلىرى چىرايلىق، تولدۇرۇلغان نۇسخا ئېلىش كارتىسىغا نۇسخا ئالغان خادىملار ۋە نۇسخا ئېلىنغان ئورۇندىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىشى كېرەك.

## 95. خىمىيەۋى ئوغۇت تاۋارلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە نۇسخا ئېلىنغان قاپ سانى ۋە ئېلىنغان نۇسخا مىقدارى قانداق ھېسابلىنىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىغا ئادەتتە قاتتىق جىسىم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە ياكى كەسىپ ئۆلچىمى ۋە ياكى كارخانا مەھسۇلات ئۆلچىمى بويىچە نۇسخا ئالسا بولىدۇ. ئادەتتە قاتتىق جىسىملىق خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىن نۇسخا ئېلىش ئۇسۇلى كومپلېكس خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ھېسابلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1. قاپقا قاچىلانغان ئوغۇتتىن ئالغان نۇسخا. ئۇنىڭ سانى 512 قاپتىن ئاز بولسا 1.4 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە نۇسخا ئېلىنىدۇ. 512 قاپتىن كۆپ بولسا 96 ـ سوئالدىكى (1) فورمۇلا بويىچە نۇسخا ئېلىنىدۇ ۋە قاپ سانى ھېسابلاپ بېكىتىلىدۇ. ھېسابلاش نەتىجىسى ئونلۇق كەسىر بولۇپ قالسا، سان تەخمىنەن پۈتۈنلىنىدۇ.

**1.4 ـ جەدۋەل**

| نۇسخا ئالدىغان ئەڭ ئاز خالتا سانى | ئومۇمىي خالتا سانى | نۇسخا ئالدىغان ئەڭ ئاز خالتا سانى | ئومۇمىي خالتا سانى |
|---|---|---|---|
| 18 | 216~ 182 | ھەممىسىدىن | 10~ 1 |
| 19 | 254~ 217 | 11 | 49~ 11 |
| 20 | 296~ 255 | 12 | 64~ 50 |
| 21 | 343~ 297 | 13 | 81~ 65 |
| 22 | 394~ 344 | 14 | 101~ 82 |
| 23 | 450~ 395 | 15 | 125~ 102 |
| 24 | 512~ 451 | 16 | 151~ 126 |
| | | 17 | 181~ 152 |

قاپقا قاچىلانغان خىمىيەۋى ئوغۇتتىن ئالىدىغان نۇسخا سانى 512 قاپتىن كۆپ بولسا 96 ـ سوئالدىكى فورمۇلا (1) بويىچە نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ فورمۇلىدىكى N مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي قاپ سانىنى بىلدۈرىدۇ.

2. نۇسخا ئېلىش مىقدارى. نۇسخا ئالىدىغان خادىملار 1.4 ـ جەدۋەل ياكى 96 ـ سوئالدىكى فورمۇلا (1) بويىچە نەتىجىنى ھېسابلاش، ئېلىنغان نۇسخىنى نۇسخا ئېلىش ماشىنىسىغا سېلىش، ئەڭ ئۇزۇن بىر توپلام نۇسخىنى تۆتتىن ئۈچ قىسمىغا قەدەر كىرگۈزۈش، ھەر بىر توپ مەھسۇلاتتىن ئالغان نۇسخا مىقدارىنى 20kg دىن كەملىتىپ قويماسلىقى كېرەك.

## 96. پارچە خىمىيەۋى ئوغۇتتىن قانداق نۇسخا ئېلىنىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن قاپلارغا قاچىلانغان بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پارچە قاچىلانغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق پارچە قاچىلانغان خىمىيەۋى ئوغۇتتىن نۇسخا ئېلىش ئۇسۇلى قاپقا قاچىلانغان مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى تە-

لىپى ئوخشاش بولىدۇ. بىراق، ھەر قانداق ئادەمنىڭ خالىغانچە نۇسخا ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. تۆۋەندە كالتىسي فوسفات ئوغۇتىدىن نۇسخا ئېلىش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

1. پارچە قاچىلانغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى توشۇشتىن نۇسخا ئېلىش. بۇنداق ئوغۇت پويىز، ئاپتوموبىل، پاراخوت بىلەن توشۇلىدۇ. بۇنىڭ نۇسخا ئېلىش سانى مۇنداق بېكىتىلىدۇ. بىرىنچى، مىقدارى 5.2 توننىدىن ئاز بولسا، نۇسخا ئېلىش نۇقتىسى 7 بولىدۇ؛ ئىككىنچى، مىقدارى 5.2 ~ 80 توننا بولسا، نۇسخا ئېلىش نۇقتىسى فورمۇلا (2) دە كۆرسىتىلگەن ئۇسۇل بويىچە بولىدۇ. نەتىجىسى كەسىر سان چىقىپ قالسا، تەخمىنەن پۈتۈنلىنىدۇ.

2. (فورمۇلا)

1) نۇسخا ئالىدىغان خالتا سانى = $3\times\sqrt[3]{N}$

2) نۇسخا ئېلىش نۇقتىسى سانى = $\sqrt{20\times t}$، بۇنىڭدىكى t توپ ساننى بىلدۈرىدۇ.

3. ھەر بىر توپ مىقدارى 80 توننىدىن ئاشقان بولسا، نۇسخا ئېلىش نۇقتىسى 40 بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە نۇسخا ئالىدىغان ساننى بېكىتكەندىن كېيىن، قايسى خىل توشۇش ئۈسكۈنىسىدە بولسا، شۇ خىل توشۇش ئۈسكۈنىسىنىڭ گىرۋىكىدىن 3.0 مېتىر ئىچكىرىسىدىن نۇسخا ئالسا بولىدۇ. يەنى 1.4 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك. ھەر بىر نۇقتىدىن ئېلىنغان نۇسخا مىقدارى 100 گىرامدىن كەم بولماسلىقى، ئالغان ئومۇمىي نۇسخا مىقدارى 2 كىلوگىرام بولۇشى كېرەك.

نۇسخا ئېلىش نۇقتىسىدىكى ماشىنا قىياسى ياكى پاراخوت گىرۋىكىنىڭ ئارىلىقى 1.4 ـ رەسىمگە قاراڭ.



1.4 ـ رەسىم.

4. تىرانسپورت ئايروپىلانىدا توشۇلىدىغان خىمىيەۋى ئوغۇتتىن نۇسخا ئېلىش. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە تىرانسپورت

ئايروپىلاننىڭ يەتكۈزۈش سۈرئىتىگە ئاساسەن، ئارىلىقتىكى مەلۇم ۋاقىتتا كەسمە يۈزىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرلىك نۇسخا ئېلىنىدۇ. نۇسخا مىقدارى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ.

5. خىمىيەۋى ئوغۇت دۆۋىسىدىن نۇسخا ئېلىش. شۇ دۆۋىنىڭ يانتۇلۇق يۈزىدىن يەرگىچە تەخمىنەن 3.0 مېتىر ئارىلىقتىن باشلاپ بىر قانچە ئورۇنغا گورىزونتال سىزىق قالدۇرۇپ نۇسخا ئېلىش كېرەك. بۇ چاغدا نۇسخا ئېلىش يىڭنىسىنى ئىشلىتىش، ئېلىش چوڭقۇرلۇقى 2.0 مېتىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالغان نۇسخا مىقدارى يۇقىرىدىكى ئۆلچەم بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

خىمىيەۋى ئوغۇت دۆۋىسىدىن نۇسخا ئېلىش (2.4 ـ رەسىم)



2.4 ـ رەسىم.

6. نۇسخىنى قىسقارتىش. ھەر قايسى تۈرلەردىن تاللاپ ئالغان نۇسخا تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كېيىن تۆتكە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە 500 مىللىگىرامغا قىسقارتىلىدۇ. ئاندىن پاكىز، قۇرغاق ئىككى بوتۇلكىغا قاچىلىنىدۇ ۋە تەلەپ بويىچە پېچەتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىر بوتۇلكىسىنى سىناق قىلىشتا، بىر بوتۇلكىسى ئىككى ئايدىن كېيىن تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

## 97. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا قېپى (ئورىمى) يىرتىلىپ كەتكەن، ئېچىۋېتىلگەنلىرىدىن نۇسخا ئېلىشقا بولامدۇ

بىر قىسىم تىجارەتچىلەر دېھقانلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، قاپلارنى (ئورو) ئېچىپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنى پارچىلاپساتىدۇ. بۇ

دېھقانلارغا قولايلىق بولغىنى بىلەن، شۇ مەھسۇلاتنى ساقلاشقا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. يېرىتىلغان، ئېچىۋېتىلگەن قاپتىكى خىمىيەۋى ئوغۇتتا نەملىشىش، پارچىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار يىرتىلغان، ئېچىۋېتىلگەن قاپلاردىكى خىمىيەۋى ئوغۇتتىن نۇسخا ئالماسلىقى كېرەك. ئايرىلاپ تەكشۈرۈلىدىغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغۇچى نەق مەيداندا بولمىسىمۇ، نۇسخا ئالىدىغان خادىملار مەھسۇلات سۈپىتىگە مەسئۇل بولۇشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. يىرتىلغان، ئېچىۋېتىلگەن قاپلاردىكى مەھسۇلاتنى ئايرىلاپ تەكشۈرگەندە لاياقەتسىز مەھسۇلات دەپ چىقىرىپ قويغاندا، مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى تەكشۈرۈش نەتىجىسگە قايىل بولمايدۇ - دە، ئاسانلا تالاش - تارتىش پەيدا بولىدۇ. شۇڭا نۇسخا ئالغاندا تولۇق قاچىلانغان مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىش كېرەك.

## 98. قانداق ئەھۋالدا تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە، بېرىلگەن جازاغا نارازى بولۇش كېلىپ چىقىدۇ

1. نۇسخا ئېلىش ئۆلچەملىك بولمىسا. نۇسخا ئالىدىغان خادىملار مەلۇم سەۋەبلەردىن مەھسۇلات سۈپىتىدە ۋە نازارەت قىلىش قائىدىسىگە سەل قاراپ، نۇسخا ئېلىشتا ئۆلچەملىك مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئالماي، ئۆلچەمسىز مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىپ خاتالىق يۈز بېرىشكە سەۋەب بولىدۇ. بەزىلەر نۇسخا ئېلىش ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتمەي، خالىغانچە ئۆلچەش ئېلىپ بارىدۇ؛ بەزىلەر ئالغان نۇسخا ماتېرىيالىنى مەخسۇس بوتۇلكىغا سالماي، ئەكسىچە قەغەز قاپ ياكى سۇلياۋ قاپلارغا سالىدۇ. بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە بىۋاستە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. مانا بۇلار مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسگە باشقىچە پىكىردە بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. مۇلازىمەت سۈپىتى ياخشى بولمىسا، بەزى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ساپاسى بولسىمۇ، تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، مۇلازىمەت سۈپىتى

ناچار. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا لاياقەتلىك مەھسۇلاتنى لاياقەتسىز دەپ يەكۈن چىقىرىپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە باشقىچە پىكىردە بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

3. بېرىلگەن جازا مۇۋاپىق بولمىسا، ئايرىم قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار خىمىيەۋى ئوغۇت ھەققىدە كەسپىي بىلىمگە ئىگە ئەمەس ياكى خىمىيەۋى ئوغۇت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى تولۇق بىلمەيدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا كىچىك ئىشقا چوڭ جازا ياكى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ يەنىلا تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## 99. ئىش قوشۇلغان خىمىيەۋى ئوغۇت بەلگىسىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى قانداق پەرق ئېتىش كېرەك

كارخانىلار بازار رىقابىتى جەريانىدا يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، مەھسۇلات ۋە ماركىنىڭ قوشۇمچە قىممىتىنى ئاشۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنداق كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى ھاۋالە بىلەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىجازىتىگە ئېرىشتى. قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىمۇ كارخانىلارنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە رەسمىيەت ئۆتەپ، ھاۋالە بىلەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى قوللىدى. ئەمدىكى گەپ ھاۋالە بىلەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا مەھسۇلات بەلگىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ياخشى ئىشلەشتە. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەرنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

1. كىنىشكىسى بار كارخانىلار (ھاۋالە قىلغان تەرەپ) ئوخشاش مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان باشقا بىر كىنىشكىسى بار (ھاۋالە قىلىنغان تەرەپ) كارخانىغا ئىشلەپچىقىرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ھاۋالە قىلغان تەرەپ بارلىق مەھسۇلاتنى سېتىشقا مەسئۇل بولسا، كارخانا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بەلگە قويۇش ئەسكەرتىشنى تاللىسا بولىدۇ: بىرىنچى، مەھسۇلاتقا ياكى قاچىلاپ بولغان مەھسۇلاتنىڭ ئۈستىگە ھاۋالە قىلىنغان تەرەپنىڭ نامى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ بەلگىسى، نومۇرىنى ئەسكەرتىش كېرەك. ئىككىنچى، مەھسۇلاتقا ياكى قاچىلانغان مەھسۇلات ئۈستىگە ھاۋالە قىلغان تەرەپنىڭ نامى، ئادرېسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ بەلگىسى، نومۇرىنى ئەسكەرتىش كېرەك.

2. كىنىشكىسى يوق كارخانا (ھاۋالە قىلغان تەرەپ) ھاۋالە قىلغان مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بار كارخانىغا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. ھاۋالە قىلىنغان تەرەپ بارلىق مەھسۇلاتنى سېتىشقا مەسئۇل بولسا، مەھسۇلات ياكى قاچىلانغان مەھسۇلات ئۈستىگە ھاۋالە قىلغان تەرەپنىڭ نامى، ئادرېسى، شۇنداقلا ھاۋالە قىلىنغان تەرەپنىڭ نامى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ بەلگىسى، نومۇرىنى ئەسكەرتىش كېرەك.

3. كىنىشكىسى يوق كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تۈزۈمى يۈرگۈزۈلىدىغان مەھسۇلاتنى ھاۋالە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. بايقالغان ھامان كىنىشكىسى يوق مەھسۇلات قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

4. يۇقىرىدا دېيىلگەن بەلگە قويۇپ ئەسكەرتىش ئۇسۇلىنى ئىشلەتكەن كارخانىلار ھاۋالە قىلغان تەرەپ ۋە ھاۋالە قىلىنغان تەرەپ ئىمزالىغان توختامغا ئاساسەن، كارخانا تۇرۇشلۇق رايوندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئىشخانىسىغا بېرىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ ۋە بەلگە قويۇپ ئەسكەرتىدۇ.

## 100. مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار قايسى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك

مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ھۆكۈمەتنىڭ سۆز-ھەرىكىتى بولىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇ قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئاساسلىقى مۇنداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ: بىرىنچى، ئوقۇش تارىخى تەلىپى. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ ئوتتۇرا تېخنىكوم ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا يەنىلا كەسپىي ئوقۇش تارىخى بار خادىملارنى ئالدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىي دېگەندەك؛ ئىككىنچى، نەزەرىيە سەۋىيەسى تەلىپى. قانۇن، بەلگىلىمە، نىزاملارنى بىلىدىغان، تېخنىكا نازارەتچىلىكىنى پىششىق چۈشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دىكى تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى، قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دىكى يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرى ئالغان سالاھىيەت ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى كەسپىي سالاھىيەت تەلىپى. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە بولۇشى، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى، نازارەت قىلىدىغان دائىرىدىكى كەسپىي بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇشى، بەلگىلىك تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ساپا ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك؛ تۆتىنچى ئىستىلىغا قويۇلىدىغان تەلىپى: خىزمەت ئورنىغا سادىق بولۇشى، قا-

نۇن-ئىنتىزامغا ئائىتلىق رىئايە قىلىدىغان، قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان، ئىستىلى دۇرۇس، ئىدىيەسى ساغلام بولۇشى كېرەك.

## 101. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار قايسى خىل قىلمىشلارنى سادىر قىلسا جازالىنىدۇ

مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلسا سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ ھەمدە مەمۇرىي جەھەتتىن جازا بېرىلىدۇ .بىرىنچى، مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلمىسا، خىزمەت ئورنىدا بىپەرۋالىق قىلسا؛ ئىككىنچى، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانسا، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كۆز بويامچىلىق قىلسا؛ ئۈچىنچى، ھوقۇقىدىن ھالقىپ قانۇن ئىجرا قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلسا؛ تۆتىنچى، قانۇنىي-تەرتىپكە خىلاپلىق قىلىپ، تەتبىقلانغۇچىغا زىيان سالسا؛ بەشىنچى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرسە؛ ئالتىنچى، پوزىتسىيەدە قىزغىن، سەممىي بولمىسا، ھاراق ئىچىپ ئىش بېجىرىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلسا؛ يەتتىنچى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان خادىملار رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت ئۆلچەملىرىگە خىلاپلىق قىلسا.

## 102. مەمۇرىي جازا قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت تىجارىتى داۋامىدا، ھەر قايسى قاتلاملارنى راۋانلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئايرىم كىشىلەر ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ مەمۇرىي قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىـ

دۇ. ئۇنداق كىشىلەرگە تەتبىقلانغان قانۇن مەمۇرىي جازا ئادەتتە تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ بىرىنچى، ئاگاھلاندۇرۇش، يەنى قانۇنغا خىلاپ-لىق قىلغان كىشىگە تەنقىد، تەربىيە بېرىلىدۇ. نەسىھەت قىلىنىدۇ ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتى تولۇق تونۇتۇ-لىدۇ؛ ئىككىنچى، مال-مۈلكىنى تۇتۇپ قېلىش، يەنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىنىڭ ئېرىشكەن مال-مۈلكىگە قاراپ جەرىمانە قويۇش ۋە قانۇن-سىز ئېرىشكەن مال-مۈلكىنى، ئېرىشكەن پايدىسىنى مۇسادىرە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچىنچى، ھەرىكەت ئىقتىدارىنى چەكلەش، يەنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى يۈرگۈزۈۋاتقان مەلۇم ھەرىكەت-خىزمەت ئىقتىدارىنى چەكلەپ، ئىمتىياز ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كىچىكلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جازا ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش، ئىجازەت-نامىسى ۋە تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىش ياكى قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تۆتىنچى، جىسمانىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش، يەنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىغا قارىتا جىسمانىي جازا بېرىپ، خاتالىقىنى تونۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مەمۇرىي جەھەتتىن توختىتىپ قويۇش، ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش ۋە توختىتىپ قويۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 103. مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى «بەشنى ئاشكارىلاش» تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى قايسى

مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ئەستايىدىل، ئادىل، مەدەنىي ۋە پاك بولۇشى، ئىجرا پائالىيىتى داۋامىدا «ئىلمىي، ئادىل، پاك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى ساھە ئوبرازىنى بەرپا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. دۆلەتلىك تېخنىكا نازارەتچىلىكى

ئىدارىسى خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتى قاتارلىقلارغا مەمۇرىي جەھەتتىن قانۇن ئىجرا قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، «بەشنى ئاشكارىلاش» تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى ناھايىتى زۆرۈر.

1. مەمۇرىي جازا مەنبەلىرىنى ئاشكارىلاش، تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى مەمۇرىي جازانى يولغا قويۇشتا دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى جەمئىيەتكە كەڭ ئاشكارىلاپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ بىلىشى، چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

2. مەمۇرىي جازا تەرتىپىنى ئاشكارىلاش. تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى جەمئىيەتكە تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي دېلولارنى بېجىرىش تەرتىپ-بەلگىلىمىلىرىنى تولۇق ئاشكارىلىشى كېرەك.

3. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاش. مەمۇرىي قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى خادىملار ئىجرا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، ئىجرا قىلىنغۇچىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

4. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرىنى ئاشكارىلاش. تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى مەمۇرىي جازا قارارىنى چىقىرىشتىن بۇرۇن، جازا ئىجرا قىلغۇچى خادىملار مەمۇرىي جازا بېرىلگۈچىگە ئۆزىنى ئاقلاش ۋە گۇۋاھلىق سۆزى قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشى كېرەك. مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسى بېرىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئاشكارىلىشى كېرەك.

5. مەمۇرىي جازا قارارىنى ئاشكارىلاش. تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى مەمۇرىي جازا قارارىنى چىقىرىشتىن بۇرۇن، چىقىرىدىغان قارارنىڭ پاكىت، ئاساسلىرى ۋە دەلىل ئىسپاتلىرىنى جازالانغۇچىغا ئاشكارىلىشى ۋە جازا قارارىنى يەتكۈزۈشى كېرەك. تېخنىكا نازارەتچى-

لىكى تارماقلىرى ياكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار نەق مەيداندا جەرىمانە قويسا، جازالانغۇچىغا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى مالىيە تارماقلىرى بىر تۇتاش تارقاتقان جەرىمانە تالونى بېرىش كېرەك.

## 104. مەمۇرىي جازاغا چېتىلىدىغان مال-مۈلۈك سوممىسى قانداق ھېسابلىنىدۇ

مەمۇرىي جازاغا چېتىلىدىغان مال-مۈلۈك سوممىسى ئىچىدىكى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈش بولغانلىرىدىن باشقىلىرى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە ھېسابلىنىدۇ: بىرىنچى، مال قىممىتىنىڭ سوممىسى ئالاقىدار تەرەپ قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلات مىقدارى (ساتقان مەھسۇلات ۋە سېتىلمىغان مەھسۇلاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن يەككە مەھسۇلات باھاسىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. مەھسۇلاتنىڭ يەككە باھاسى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى باھاسى بولماستىن سېتىش جەريانىدا قوللىنىلغان باھانى كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ۋە بېكىتىلگەن باھاسىمۇ ھېساب بولمىسا، مەھسۇلاتنىڭ تەكشۈرۈلگەن ۋاقىتتىكى بازاردىكى باھاسى بويىچە ھېساب قىلسا بولىدۇ؛ ئىككىنچى، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت — قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ تاپقان ۋە ئېرىشكەن تاپاۋەتنى كۆرسىتىدۇ. «ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 56-، 57- ماددىسىدا قانۇنغا خىلاپ دەپ بېكىتىلگەن كىرىمنىڭ ھەممىسى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەت بولۇپ، ئۇنى ھېسابات قىلغاندا يۇقىرىدىكى ئۆلچەمگە تەتبىقلاپ قىممىتىنى بېكىتىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، جەرىمانە سوممىسىنى كىرىم مىقدارىغا ئاساسەن قويۇش ۋە ھېسابات قىلىپ بېكىتىشنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. قانۇنسىز مەھسۇلاتنى مۇسادىرە قىلىشتا دۆلەتنىڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئىجرا قىلىدىغان «جەرىمانە قويۇپ مۇسادىرە قىلىدىغان بۇيۇملارنى باشقۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نىڭ ئالاقىدار

بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دەپ كۆرسىتىلگەن.

## 105. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان تارماقلار ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك

مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت-تېخنىكا نازارەتچىلىكى، مال-باھا، سەھىيە قاتارلىق مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىدىغان تارماقلار مەيلى خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرى بولسۇن، مەيلى باشقا تۈردىكى مەھسۇلاتلار بولسۇن، ئىستېمالچىلار ئەرز قىلغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىشى، بەش كۈن ئىچىدە قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىق ئۇقتۇرۇشىنى چىقىرىشى كېرەك. قوبۇل قىلمىغان بولسا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى، قوبۇل قىلغان بولسا 30 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقىرىشى كېرەك. دېلو ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇپ، 30 كۈن ئىچىدە تاماملاشقا بولمىسا، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغان تارماق مەسئۇلىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ ۋاقتىنى يەنە 30 كۈن ئۇزارتسا بولىدۇ. مۇبادا دېلو باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولمىسا، دېلونى بەش كۈن ئىچىدە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى تارماقلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. سۈرۈك ۋاقتىنى ئۇزارتىش، باشقا تەۋەلىككە يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىستېمالچىلارغا ئېنىق ئۇقتۇرۇش كېرەك.

## 106. كۆزىتىپ تەكشۈرۈشتە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىكى سۈپەت مەسىلىسى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ

كۆزىتىپ تەكشۈرۈشتە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىدىكى سۈپەت مەسىلىسىنى سودا-سانائەتنى مەمۇ-

ربي باشقۇرۇش ئىدارىسى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى قاراتمىلىق كۈچەيتىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، سۈپەتنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى ئېچىپ، كۆزىتىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپ، مەھسۇلاتلاردىكى سۈپەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە كۆزىتىپ تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن سان-سىپىرلارنىڭ يۈزلىنىشىنى مۇھاكىمە قىلىپ، كۆزىتىپ تەكشۈرۈش ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىستېمال كۆرسەتمىسى تارقىتىپ، مەھسۇلاتلاردىكى ساختىلىقتىن ساقلىنىشقا، سۈپەتلىك ئىستېمالغا يېتەكلەش كېرەك.

## 107. ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتلارنى قايسى نۇقتىلاردىن تۈزەش كېرەك

ساختا، ناچار، يالغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى تۈزەشتە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

1. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بېكىتىپ، يالغان، ناچار، ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتنى يوقىتىش ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى. تۈزەشنىڭ ئاچقۇچى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىدە. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ساختا، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىشتە ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيىتىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، يىلتىزىدىن تۈزەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچى، مەمۇرىي باھالاشتا ئىلمىي سىستېما بەرپا قىلىپ، ساختا، ناچار، يالغان مەھ-

سۇلاتلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە باغلاش كېرەك. لاياقەتلىك بولغان ھەم نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان خادىملارنى مۇكاپاتلاش، لاياقەتسىز ئورۇن ۋە شەخسلەر، رەھبەرلەرنى جازالاش كېرەك؛ ئۈچىنچى، مەمۇرىي نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھۆكۈمەتكە بولغان نازارەت قىلىشنى قانۇن نازارىتى، پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام، ئەدلىيە نازارىتى ھەم جەمئىيەت نازارىتى ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈملەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

2. قانۇن-نىزاملارنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قانۇن چىقىرىش تارماقلىرى بازار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ئالاقىدار قانۇن-تۈزۈملەرنى ماھىرلىق بىلەن تۈزۈپ يولغا قويۇشى ياكى ئۆزگەرتىپ ماسلاشتۇرۇشى، ئىستېمالچىلار، قانۇنىي ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىشى كېرەك. بولۇپمۇ ساختا مەھسۇلات ياسايدىغان، ساتىدىغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماددىلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئۇلارغا ئىقتىسادىي ۋە جىنايى جەھەتتىن ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىپ، باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن: بىرىنچى، ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتلارنى ياسايدىغان، ساتىدىغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش، زىيان سېلىش قىلمىشىغا قاراپ جىنايىتىنى بېكىتىپ، ئېغىرلىتىپ جازا بېرىش؛ ئىككىنچى، ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتنى ساتىدىغانلارنىڭ جىنايىتىگە چاپان ياپىدىغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھۆكۈمەت خادىملىرىدا پاك، ئادىل، كەسكىن بولۇشتەك كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا يالغان، ناچار، ساختا مەھسۇلات ياسايدىغان، ساتىدىغانلارنى قوغدايدىغان ئادەم بولماسلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ ھەم بىر يولىلا بىكار قىلىش تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ؛

ئۈچىنچى، ئىستېمالچىلار ۋە قانۇنىي ئىگىلەر-تىجارەتچىلەر، مەھسۇلات
ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئەرز قىلىشى قىيىن، تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ
كېتىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن
«ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتقا زەربە بېرىش فوندى» قۇرۇش كې-
رەك. دۆلەت ئىستېمالچىلار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مەھسۇلات تۈپەيلى-
دىن زىيان تارتىش ھادىسىلىرىگە قارىتا، ساختا مەھسۇلات ياسىغۇچى،
ساتقۇچىلاردىن تۆلەم ئېلىش سوممىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق زى-
يانلانغۇچىلارغا تۆلەم بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق «ساختىلىققا زەربە بې-
رىش»تىن ۋاز كېچىشكە قارىغاندا «ساختىلىققا زەربە بېرىش»نى
داۋاملاشتۇرۇشنىڭ پايدىسىنى ئاشۇرىدۇ؛ تۆتىنچى، مەمۇرىي قانۇن
ئىجرا قىلىش ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر ھەم كۈچلۈك بولغان
ماسلاشتۇرۇش قۇرۇلمىلىرىنى سەپلەپ ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇش ھا-
لىتىنى تۈپتىن ياخشىلايدۇ.

3. قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى جازالاش، ساختا، ناچار، يالغان
مەھسۇلات ياساش، سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى جازالاش سال-
مىقىنى زورايتىش كېرەك. دۆلىتىمىز تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ
جەرىمانىنى ئېغىر قويۇش پرىنسىپىنى ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ، ساختا،
ناچار، يالغان مەھسۇلات ياساپ سېتىش ھەرىكىتىنى چەكلەشنى كۆپ
تەرەپلىمە قانات يايدۇرۇپ ئۇتۇق قازاندى. تېخىمۇ ئىلمىيلاشقان جازا
ئۆلچىمىنى بېكىتىپ نۆۋەتتە بىزمۇ قانۇندىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي
جەھەتتىن جازالاش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ساختا، ناچار، يالغان
مەھسۇلاتلارنى ياساپ ساتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق سۈرۈشتۈ-
رۈش، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە قاتتىق جازالاش، ئېغىرلىتىپ
جەرىمانە قويۇش ئارقىلىق ئۇنداقلارنىڭ خەۋپ-خەتىرىنى زور دەرى-
جىدە تۆۋەنلىتىشىمىز كېرەك. ئارىلىقتا بوشاپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلى-
نىش كېرەك. ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەردە ساختىپەزلىك قىلغان، ھوقۇ-
قىدىن پايدىلانغان قىلمىشلارغا ناھايىتى ئېغىر جازا بېرىلىۋاتىدۇ. مە-

سىلەن، ئامېرىكا قانۇنى ساختا مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى جىنايەت دەپ بېكىتتىدۇ. ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى، 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەم 5 يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىلگىرىمۇ ساختىلىق قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، جەرىمانە سومىسى 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ.

4. ساختىلىققا زەربە بېرىشنىڭ بازار مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىگىلىگەن ئۇچۇر ۋە ساختىلىققا زەربە بېرىش مەبلىغى چەكلىك بولغانلىقتىن، ساختا، ناچار، يالغاننى تۈزەش ئۈنۈملۈك بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، زەربە بېرىشتە بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بازار مېخانىزمى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا بىلىدىغان ئۇچۇر مەنبەسىنى ھازىرلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى بىلىدىغان ئۇچۇر بازىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، مۇناسىپ تۈزۈم ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى، سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ۋە سۈپەتلىك مەھسۇلات ساتىدىغان ماگىزىنلارنى ساختىلىققا زەربە بېرىشكە پائال قاتنىششقا تەشكىللەش كېرەك. «ئىقتىسادىي ئاھالىلەر» نى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئىستېمالچىلار ئەرز-شىكايەت تېلېفونى بولغان «12315»نى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەرز-شىكايەتلەرنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، يىپ ئۇچىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇنغا خىلاپ دېلولارنىڭ يىپ ئۇچى مەنبەسىنى ئېلان قىلىش ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى، زور دېلولارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى، نۇقتىلىق كارخانىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەش تۈزۈمىنى،

ساختىلىققا زەربە بېرىپ، ھوقۇقنى قوغداش، ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى
يۈرگۈزۈش كېرەك ۋە ساختىلىققا زەربە بېرىش، مۇسادىرە قىلغان بۇ-
يۇملارنى بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، ساغلاملاشتۇرۇش
كېرەك. ساختىلىقنى پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئەمەلىي-
لەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئىستېمالچىلارنىڭ مۇداپىئەلىنىشىنى
كۈچەيتىش كېرەك. تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئىستېمالچىلاردا مال سې-
تىۋېلىشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك مەھسۇلاتلار ھەققىدىكى بىلىملەرنى، ئۇ-
چۇرلارنى بىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. مەھسۇلاتلارنى چۈشەن-
مىسە، ئالدىراپ سېتىۋېلىشتىن ساقلىنىشقا يېتەكلەش كېرەك؛ تۆتىن-
چى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بازارلارنى بىر تۇتاش قۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش كېرەك. مۇناسىپ تۈزۈم ئارقىلىق رايونلار ئارىسىدىكى مەنپەئەت مۇ-
ناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈگىتىپ، نازارەتسىز
قالغان مەھسۇلاتلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاس-
تىدا رىقابەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتلارنىڭ
يامراپ كېتىشىنى توسۇشقا ئاساس سېلىش كېرەك.

5. ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە بازارنى، مەھسۇلاتنى كوللېكتىپ نازا-
رەت قىلدۇرغان، باشقۇرىدىغان بەلگىلىك ھوقۇقنى بېرىپ، پۈتكۈل
جەمئىيەت ساختا، ناچار، يالغان مەھسۇلاتقا زەربە بېرىش رولىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىستېمالچىلار جەمئىيى-
تىگە بازارنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىپ، «ھوقۇقى،
كۈچى بار» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئەسلىھەل-
رى مۇكەممەللەشكەن ئىستېمالچىلار نازارەت قىلىش قوشۇنى قۇرۇپ،
دائىم بازارلاردىكى تاۋارلارنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشنى يولغا قويغان.
ئۇلار بازارلاردىكى يېڭى مەھسۇلاتلارنى باھالاش ئارقىلىق سۈپىتىنى
ۋە سۈپەت تەكشۈرۈشنى يولغا قويغان. ئەنگلىيە 110 كىشىدىن تەش-
كىللەنگەن «ساختىلىققا قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى»نى قۇردى. بىرا-
زىلىيە «ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى»نى ساختىلىققا زەربە بېرىشنىڭ بى-
رىنچى دەرىجىلىك قورالى قىلغان. ئۇلار ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزلىرىنى

قوبۇل قىلىپ، مەسلىھەت بېرىپ، ئالاقىدار ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى جازالاش ئارقىلىق ھوقۇقىغا دەخلى-تەرز قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ، ئالاقىدار كىشىگە ياكى ئورۇنغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، ئىقتىسادىي جازا بەرگەن ۋە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئىجرا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. رەت قىلغانلارنى ھۆكۈمەتنىڭ «قارا تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى قەرز ئېلىش، خېرىدار چاقىرىش پائالىيەتلىرىدىن چەكلىگەن.

# بەشىنچى    ئوغۇت ئىشلەتكۈچىلەر بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## 108. خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا قارىسىغا سېتىۋالماسلىق، شۇنداقلا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. مۇنتىزىم تىجارەت ئورۇنلىرىنى تاللاش. مەيلى قايسى خىلدىكى خىمىيەۋى ئوغۇتنى سېتىۋالغاندا بولسۇن، چوقۇم ئىناۋىتى يۇقىرى، ئوبرازى ياخشى، سەممىي تىجارەت قىلىدىغان تىجارەت دۇكانلىرىنى تاللاش كېرەك. بولۇپمۇ، ئورنى مۇقىم، كىنىشكا، گۇۋاھنامىلىرى بار تىجارەت ئورۇنلىرىنى تاللاش كېرەك.

2. داڭلىق ماركا، ئەلا مەھسۇلاتنى تاللاش كېرەك. داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى خىمىيەۋى ئوغۇت كەسپىدە ئىناۋەت، ئوبرازى يۇقىرى، مەھسۇلات سۈپىتى ئەلا كارخانا، گۇرۇھلار بولۇپ، ئۇنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. بەزىلەر دائىم چەت ئەلدە ئىشلەنگەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى سۈپەتلىك، ئەلا دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش توغرا ئەمەس. شۇڭا، ئۆزىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرى بىلەن چەت ئەلدە ئىشلەنگەن خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ماس كېلىشچانلىقى ۋە ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى، سۈپىتىنىڭ ئەلالىقىنى ئايرىپ، ئاندىن سېتىۋېلىش كېرەك.

3. مۇلازىمەت قىلىش سۈپىتىنى تاللاش. بۇنىڭدا خىمىيەۋى ئوغۇت

كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىشنى تاللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا مال ساتقۇچىلارنىڭ مۇلازىمەت قىلىش سېپىتى، سېپەت ۋە مۇلازىمەت ۋەدىسى قاتارلىقلارنىمۇ تاللاش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنى ساتقۇچىلار ئىستېمالچىلارغا مەھسۇلاتنىڭ ئىشلىتىش ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنامىسىنى بېرىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، تېرىقچىلىق، كۆكتاتچىلىق، باغ-ئورمانچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىگە مەخسۇس تېخنىكا يېتەكچىسى ئەۋەتىپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنى توجىپلەپ ئىشلىتىش تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىپ قويىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، مۇلازىمەتتە خىمىيەۋى ئوغۇتنى ۋاقتىدا دېھقانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان، پۇلنى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈپ تاپشۇرسىمۇ بولىدىغان تىجارەت ئورۇنلىرىنى تاللاش كېرەك.

4. كوللېكتىپ سېتىۋېلىشنى تاللاش. دېھقانلار تەشكىللىنىپ كەسپىي ساھە ياكى دېھقانلار جەمئىيەتلىرىنى بەرپا قىلىدۇ. تەشكىلاتلارنىڭ سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات مىقدارى كۆپ بولغاچقا، مەھسۇلاتنىڭ باھاسىدىمۇ ئازراق پەرق بولىدۇ. شۇڭا، تىجارەت ئورنى بۇنداق كوللېكتىپ سېتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك دوكلاتىنى بېرىشى، مۇبادا مەھسۇلات لاياقەتسىز چىقىپ قالسا، قايتۇرسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشى كېرەك.

5. خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغانلىق ئىسپاتىنى ساقلاش. خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا چوقۇم سېتىۋېلىش ئىسپاتىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوغۇتتىن نۇسخا ئېلىپ ساقلاش، قېپىي (ئورۇسى) نى مەخسۇس ساقلاش كېرەك. مانا بۇلار خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ سېپىتىدە مەسىلە كۆرۈلۈپ تالاش-تارتىش يۈز بەرگەندە جانلىق پاكىت بولۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ. تالون - ئىسپاتلارنى ئالغان - ساقلىغاندا مەخسۇس تالون بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شەخسلەر يېزىپ بەرگەن ئادەتتىكى تىلخەتنى ئالماسلىق كېرەك.

6. بەلگە سېلىنغان ئورامنى تەكشۈرۈش. سېتىۋالغان خىمىيەۋى ئو-

غۇتىنىڭ تولۇق بولۇشى، لاياقەتلىك كىنىشكىسى، تىزىملاش گۇۋاھنا-مىسى، زاۋۇت ئىسمى، ئادرېسى، ماركىسى، ئىشلەپچىقارغان ۋاقتى، ساقلاش مۇددىتى، ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشنامىسى قاتارلىقلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. ئاغزى ئېچىۋېتىلگەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى سېتىۋالماسلىق كېرەك. ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى سۈپەتلىك زاۋۇتلارنىڭ ئوراپ-قاچىلىنىشى پۇختا، بەلگە مەزمۇنى تولۇق بولىدۇ. ساختا، ناچار، يالغان خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئوراپ - قاچىلىنىشى قو-پال، بەلگە مەزمۇنى كەمتۈك ياكى تۇتۇق بولىدۇ.

7. خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشىنى تولۇق تاللاش. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىش ئالدىدا ئىشلىتىش چۈ-شەندۈرۈشىنى تەپسىلىي ئوقۇپ، ئۇنى ئىشلىتىش دائىرىسى، چەكلىنى-دىغان ئىشلار ۋە باشقا تېخنىكىلىق ئىشلارنى ئېنىق ئايرىپ، ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇ، خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئىشلىتىشنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان تالاش - تارتىشنى تۈگىتىدۇ. ئەگەر مەھسۇلاتنى ئىشلىتىش چۈشەندۈرۈشىنى كۆرۈپمۇ چۈشىنەلمىسە، مال ساتقۇچى ياكى مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتلىرىدىن يار-دەم سورىشى كېرەك.

## 109. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇتنى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئوخشاشمىغان تۈرى ۋە فى-زىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىشلىتىش كېرەك. بۇ-نىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. شور تۇپراقلىق يەرلەرنى ئوغۇتلاش. بۇنداق يەرلەرنىڭ تەركىبى-دە ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى ئاز، فىزىكا، خىمىيەلىك ھالىتى نا-چار بولىدۇ. بۇنداق يەرلەردە يەنە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيانلىق

مەنپىي، مۇسبەت زەرەتلىك ئىيونلارمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق يەرلەرنى ئوغۇتلاشتا ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا يەرنىڭ زىيانلىق مەنپىي، مۇسبەت زەرەتلىك ئىيونىنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، يەرنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، غولىنى ئاسرىشقا تۈرتكە بولىدۇ. شورلۇق تۇپراقتا بەرداشلىق بېرىدىغان يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ، شورنىڭ زىرائەتلەرگە بولغان زىيىنىنى ئازايتىش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارىنى ئازايتىپ، يەرنىڭ ئىككىلەمچى شورلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاز مىقداردا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنداق يەرلەرگە خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتكەندە ئۆلچەملىك سۇغۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شور تۇپراقلىق يەرلەرگە فوسفورلۇق ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش كېرەك. شورلۇق تۇپراقتا كالىي ئېلېمېنتى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئاز بېرىش ياكى بەرمەسلىك كېرەك. كالتسىي سۇپېر فوسفات، ئاممونىي سۇلفاتنى مۇۋاپىق ئىشلەتكەندە، ئىشقارلىق تۇپراقنى ياخشىلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. قۇمساڭ تۇپراقلىق يەرلەرنى ئوغۇتلاش. قۇمساڭ ئېتىزلاردا ئورگانىك ماددا ۋە ئوزۇقلۇق ماددا ئاز بولىدۇ. بۇنداق يەرنىڭ ئوغۇت ئۈنۈمى ناچار، مۇسبەت زەرەتلىك ئىيونىنىڭ ئالمىشىش مىقدارى ئاز، ئوغۇت ساقلاش ھالىتى ناچار بولىدۇ. قۇمساڭ يەرگە خىمىيەۋى ئوغۇت بەرگەندە ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. كۆپ مىقداردىكى ئورگانىك ئوغۇت بەرسە ئورگانىك ماددا مىقدارى ئېشىپ، ئوغۇت ئۈنۈمى ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىدۇ. ئۈنۈمسىز قۇمساڭ يەرگە ئوغۇت بېرىش ئارقىلىق يەرنىڭ فىزىكىلىق-خىمىيەلىك ھالىتىنى ياخشىلاشقا بولىدۇ. قۇمساڭ يەرلەرگە خىمىيەۋى ئوغۇت بەرگەندە بىر قېتىمدىلا كۆپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. كۆپ بېرىلسە ئۆسۈملۈكلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ئوزۇقلۇق

تەركىبى يوقىلىدۇ. شۇڭا كۆپ قېتىم بېرىش، ئاز مىقداردىن بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

3. سېغىز تۇپراقلىق يەرلەرنى ئوغۇتلاش. بۇنداق تۇپراق يەر تەركىبىدە ئورگانىك ماددا، ئانئورگانىك كوللوئىد مىقدارى ئاز، تۇپراق تەركىبىدىكى مۇسبەت زەرەتلىك ئىيوننىڭ ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، تۇپراقنىڭ ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ئاسان ئېقىپ كەتمەيدۇ. سېغىز تۇپراقلىق يەرگە ئوغۇت بەرگەندە ئۈنۈم تېز بولمايدۇ. بەلكى ئۈنۈمى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنىدۇ. بۇنداق يەرگە چىرىتىپ تەييارلىغان ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەتسە، يەرنىڭ فىزىكىلىق ھالىتى ياخشىلىنىدۇ. بۇنداق يەرنىڭ ئوغۇت ئۈنۈمىنى ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، خىمىيەۋى ئوغۇتنى بىر قېتىمدا كۆپ بەرسە قويۇقلۇقى يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن مايسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش، ئوزۇقلۇق تەركىبى ئېقىپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سېغىز تۇپراقلىق يەرنىڭ تۈزلۈشى ۋە خۇسۇسىيىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ تارقىلىشى ئاستا بولىدۇ. ئەگەر فوسفورلۇق خىمىيەۋى ئوغۇتنى بەرگەندە، زىرائەتنىڭ يىلتىز قىسمىدىكى سۈمۈرۈش ئورنىغا ۋاقتىدا تارقىلالمايدۇ. يەرنى ئاغدۇرغاندا مۇۋاپىق مىقداردا قۇم ئارىلاشتۇرۇۋېتىش كېرەك.

## 110. خىمىيەۋى ئوغۇتنى قانچە كۆپ ئىشلەتسە شۇنچە ياخشىمۇ

خىمىيەۋى ئوغۇتنى تېرىلغۇ يەرلەرگە قانچە كۆپ ئىشلەتسە شۇنچە ياخشى بولۇشى ناتايىن، بىراق ئوغۇت يېتەرلىك بولمىسا، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولمايدۇ، ھەتتا كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ. ئوغۇتلاش يېتەرلىك بولسا، مەھسۇلات ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلەيدۇ.

ئۇرۇق تېرىلىپ زىرائەتلەرنى يىغىشقىچە بولغان جەريانىدا ئوزۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا، زىرائەتلەرنى مۇۋاپىق مىقداردا ئوغۇتلاپ، ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش زۆرۈر. زىرائەت مۇۋاپىق، ئۆلچەملىك ئوغۇتلانسا پىشىش ۋاقتى قىسقىرايدۇ. ئوغۇتلاش يېتەرلىك بولمىسا مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار يېتىشمەي، مەھسۇلات ئۈنۈمى، سۈپىتىگە نۇقسان يېتىدۇ. ئېنىقكى ئوغۇتنى ئىشلىتىش كۆپ بولۇپ كەتسە، زىرائەتلەر ئۇنى تولۇق سۈمۈرەلمەيدۇ، كۆپ مىقداردىكى ئېرىتمە تۇپراقنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا توپلىنىپ تۇپراقنى بۇلغايدۇ. بولۇپمۇ، ئىشلەتكەن ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە، زىيىنى تېخىمۇ ئېغىرلاپ نىترات ئامىل نىترات كىسلاتاسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ راك كېسەللىكىنى پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنى ھاسىل قىلىپ، ئادەم ۋە چارۋا-ماللارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالىدۇ.

مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك ئارىلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى بولسۇن، يەككە ئوزۇقلۇق مىقدارى بولسۇن، ئىشلىتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇۋەتكەندە، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە بەلگىلىك زىيانلارنى سالىدۇ. بولۇپمۇ، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى قانچە كۆپ بولغانسېرى، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ قويۇقلۇقى ئېشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇرۇقنى كۆيدۈرۈپ، بىخ ۋە زىرائەت تۆپلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئىشلىتىش مىقدارى كۆپ بولسا، بەزىدە زىرائەتلەر ئاسان يېتىپ كېتىدۇ ھەمدە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئاخىردا مەھسۇلات مىقدارىنى كەملىتىۋېتىدۇ. فوسفورلۇق ئوغۇتنى كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە، ئوخشاشلا زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 111. مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنىڭ ئاساسىي ئۇقۇمى نىمە

تۇپراقنى مۇۋاپىق ئوغۇتلىغاندا مۇنداق ئۈچ مەقسەتكە يەتكىلى بولى-

دۇ: بىرىنچى، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ۋە سۈ-
پەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئەڭ ياخشى ئو-
غۇتلاپ، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، تۇپراق
ئۈنۈمدارلىقىنى ياخشىلاپ، ئۇزۇن مۇددەت يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

مۇۋاپىق ئوغۇتلاشتا بىرىنچىدىن، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان
ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىش كېرەك. ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ ئو-
زۇقلۇققا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، زىرائەتلەر ئۆسۈش
باسقۇچىدا ئوخشاش بولمىغان ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. يەنى،
زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش باسقۇچىدا ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھ-
تىياجىدا سان ۋە نىسبەتتە ئوخشاش بولمىغان تەلىپى بولىدۇ. مەسى-
لەن، كۆممىقوناقنىڭ مەھسۇلاتىنى 100 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئۈ-
چۈن، 2.57 كىلوگرام ئازوت، 0.86 كىلوگرام فوسفور، 2.14 كى-
لوگرام كالىي تۇپراقتا بولۇشى كېرەك. ياڭيۇنىڭ مەھسۇلاتىنى 100
كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، 0.5 كىلوگرام ئازوت، 0.2 كىلو-
گرام فوسفور ۋە 1.06 كىلوگرام كالىي تۇپراقتا بولۇشى كېرەك.
دانلىق زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ ئازوتلۇق ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى
نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. بىراق پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئازوت-
لۇق ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ئاز بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق زىرائەتلەر
ئۆزىدىكى يىلتىز تۈگۈنى ئارقىلىق ھاۋادىكى ئازوت ئېلېمېنتىنى مۇ-
قىملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن، بانانىڭ كالىي ئوغۇتقا
بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك ھەم كۆپ، فوسفورلۇق ئوغۇتقا بولغان ئېھ-
تىياجى ئاز بولىدۇ. دېمەك، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئالاھىدىلىكى ئو-
غۇتلاشنىڭ مۇھىم ئېپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوغۇت بېرىش
ئاساسلىقى تۇپراقنى ياخشىلاشنى ۋە مول ھوسۇل ئېلىشنى مەقسەت قى-
لىدۇ. ئۇنىڭدا يەنىلا تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىش ئالدىنقى
ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇپراقنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بېرىلگەن ئوغۇتنىڭ

ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، خىمىيەۋى ئوغۇت بېرىشتە يەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەنى تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنىڭ مىقدارى، ئوغۇت ساقلاش، تەمىنلەش ئىقتىدارى ۋە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارغا سەل قارىماسلىق كېرەك. ئۇچىنچىدىن، كىلىمات بىلەن ئوغۇت بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىش كېرەك. قۇرغاق رايونلار ياكى قۇرغاق پەسىللەردە، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان رايون ۋە پەسىللەردە، تۆۋەن ياكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مەزگىللەردە، زىرائەتلەرنى خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كىلىمات ئومۇمەن ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 112. ئاممونىي ھېدرو كاربونات ئوغۇتىنى تۇپراققا چوڭقۇر بەرسە نېمە ئۈچۈن ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ

ئاممونىي ھېدرو كاربونات ($NH_4HCO_3$) قىسقارتىلىپ ئاممونىي كاربون دېيىلىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقان بولۇپ، تەركىبىدىكى ئازوت 17% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدا كۈچلۈك سېسىق پۇراق بار بولۇپ، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ، ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. قۇرغاق ئاممونىي كاربون نۆلدىن تۆۋەن 20 سېلسىيە گرادۇستا تۇراقلىشىدۇ. تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ ھاۋادىكى نەملىك كۆپ بولسا، نەملىكنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچىلىنىپ، ئاممىياكنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، ئازوت ئېلېمېنتىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل خىمىيەۋى ئوغۇتنى توشۇش، ساقلاشتا پۇختا ئوراپ قاچىلاش، ساقلاش ئورنى قۇرغاق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاممونىي كاربون تۇپراققا كىرگەندىن كېيىن، ئاسان ھەم تېز ئېرىپ، ئاممونىي ئىيونى ھاسىل قىلىدۇ. ئاممونىي ھېدرو كاربونات بىلەن بىرىكىپ، زىرائەتلەرگە سىڭىشىدۇ. ئۇنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى ئىشقارلىق بولىسمۇ، تۇپراققا كىرگۈزگەن دەسلەپكى مەزگىلدە تۇپراقنىڭ ئىشقارلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بىراق نېيتراللىشىش

رولىدىن كېيىن، تۇپراقنىڭ شورلۇق دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ. ئامونىي ھىدرو كاربوناتنىڭ تۇپراقتىكى كىسلاتا-ئىشقارلىق دەرىجىسى چوڭ بولمايدۇ، ئۇنى ھەر خىل زىرائەتلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇ ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىشقا باب كېلىدۇ. مايسا مەزگىلىدە ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. مەيلى ئاساسىي ئوغۇت ياكى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىشتا بولسۇن، قۇرغاق يەرلەرگە سۇ قويۇپ بولۇپ ئاندىن ئىشلىتىش، تۇپراققا چوڭقۇر بېرىش ياكى ئىشلەتكەندە تەكشى كۆمۈۋېتىش كېرەك. تەجرىبە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل ئوغۇتنى تۇپراققا چوڭقۇر بەرسە، يەر يۈزىگە چېچىپ بەرگەندىكى ئورۇنغا قارىغاندا مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدىكەن. ئادەتتە چوڭقۇر بېرىپ كۆمۈۋېتىدىغان توپا 6 ~ 8 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. ئوغۇتنى ماشىنا ئارقىلىق بەرسە، ئالتە سانتىمېتىر بولسا، ئۈنۈمى ئورىيا ئوغۇتىنىڭ ئۈنۈمى بىلەن تەڭ نىسبەتتە بولىدۇ.

## 113. بىرىكمە ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

بىرىكمە ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى، ئوخشاشمىغان تۇپراق ئالاھىدىلىكى، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق ئىقتىدارى ۋە ئوخشاشمىغان زىرائەت ئەھۋالىغا، ئىشلىتىدىغان ئوغۇت مىقدارىغا ئاساسەن، بىرىكمە ئوغۇتنى مۇۋاپىق بېرىش كېرەك. دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار تەمىنلىگەن ماتېرىياللار، مەسىلەن، تۇپراق سۈپىتى، ئوزۇقلۇق ئىقتىدارىغا قاراپ، بىرىكمە ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، قارىغۇلارچە ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئىككىنچى، بىرىكمە ئوغۇتنى ئادەتتىكى ئوغۇت بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش. ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار ماس كېلىدىغان

زىرائەتلەر ۋە تۇپراق ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقلارنى تەڭشەش ئۈ-چۈن، بىرىكمە ئوغۇت تۈرىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. ئىشلىتىدىغان بىرىكمە ئوغۇت مىقدارى زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان، مەھسۇلاتنى ئاشۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنى ئادەتتىكى ئوغۇتلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ بەرگەندە، ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئوخشاشمىغان بىرىكمە ئوغۇت تۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇنا-سىپ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى ئا-شۇرۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) نى ئەڭ ياخشىسى يىلتىز سىرتىدىن قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك. تەركىبىدە ئاممىياك بولغان بىرىكمە ئوغۇتنى تۇپراققا چوڭقۇر بېرىش كېرەك. فوسفور، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇتنى پۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە ئىشلىتىش كې-رەك. ئۈنۈمدارلىقى بىر قەدەر تۆۋەن بىرىكمە ئوغۇتلارنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئادەت-تىكى ئوغۇتلارغا خالىغانچە قوشۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. قۇرغاق تۇپراق ياكى سۇلۇق تۇپراق بولسۇن، بىرىكمە ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە شال، بۇغداي، تاتلىقياڭيۇ قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلاتىنى روشەن ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## 114. كىسلاتالىق، ئىشقارلىق، نېيترال ئوغۇت دېگەن نېمە

فىزىيولوگىيە-كىسلاتالىق ئوغۇت: مەلۇم خىمىيەۋى ئوغۇتلار تۇپراققا بېرىلگەندىن كېيىن، مۇسبەت ئىيون بىلەن مەنپىي ئىيون زىرائەتلەر سۈمۈرۈۋالغان مىقداردىن كۆپ بولغان كىسلاتا قالدۇقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ تۇپراقنىڭ كىسلاتالىقنى ئاشۇرىدىغان بىر ئامىل. مەسىلەن، زىرائەتلەر سۈمۈرگەن ئاممونىي سۇلفات ئاممونىي ئىيونى

سۇلفات كىسلاتا قالدۇق ئىيونىدىن كۆپ بولغاندا، قېپقالغان سۇلفات كىسلاتا قالدۇق ئىيونى زىرائەتلەر قويۇپ بەرگەن ھىدروگېن ئىيونى بىلەن بىرىكىپ سۇلفات كىسلاتاسىنى ھاسىل قىلىدۇ-دە، تۇپراقنىڭ كىسلاتالىقى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، سۇلفات كىسلاتاسى ۋە ئاممونىي خلورىد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى فىزىيولوگىيەلىك-كىسلاتالىق ئوغۇت دەپ قارىلىدۇ. فىزىيولوگىيەلىك-ئىشقارلىق ئوغۇت: ئۆزىدىكى مەنپىي، مۇسبەت ئىيونلارنىڭ زىرائەتلەر سۈمۈرۈدىغىنى بولۇپ، ئوزۇقلۇق تەركىبى، مەنپىي ئىيون، مۇسبەت ئىيوننىڭ سۈمۈرۈلۈش مىقدارى ئاساسەن تەڭ بولىدۇ. زىرائەتلەر ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تۇپراقتىكى كىسلاتالىق-ئىشقارلىق ئوغۇتنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئاممونىي نىترات، ئاممونىي ھىدرو كاربونات تەركىبىدىكى ئاممونىي ئىيونىدىن زىرائەتلەر تەرىپىدىن سۈمۈرۈلگىنى ھىدرو كاربونات ($HNO_3$) تىن كۆپ بولىدۇ. تۇپراق قاتلىمىدا قېپقالغان قالدۇقمۇ نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. بىراق ئۇ زىرائەتلەر چىقارغان ھىدروگېن ئىيونى بىلەن بىرىكىپ كاربونات كىسلاتا ($H_2CO_3$) نى ھاسىل قىلىدۇ. ئاممونىي كاربونات خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن فىزىيولوگىيەلىك ئىشقارلىق ئوغۇتقا تەۋە. ئاممونىي كاربوناتنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇقىم بولمىغانلىقتىن سۇ بىلەن بىرىكىپ كاربون تۆت ئوكسىدنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاممونىي كاربوناتنىڭ ئىشقارلىقى بەك تۆۋەن، شۇڭا، ئۇ ئادەتتە فىزىيولوگىيەلىك نېيترال ئوغۇتقا تەۋە بولىدۇ.

ئوغۇتنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئەكس تەسىرى تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئوغۇت ئۈنۈمى ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىك دائىرىدە بولىدۇ. شۇڭا، ئوغۇت تۈرىنى تاللىغاندا، زىرائەتلەرگە ئوغۇت بەرگەندە، تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. كىسلاتالىق تۇپراققا ئەڭ ياخشىسى فىزىيولوگىيەلىك - ئىشقارلىق ئوغۇتنى ئىشلىتىش، ھاك ماددىسى كۆپ تۇپراققا، ئىشقارلىق تۇپراققا فىزىيولوگىيەلىك - كىسلاتالىق ئوغۇتنى ئىشلىتىش كېرەك. فىزىيولوگىيەلىك -

كسلاتالىق ئېرىتمە بەزىدە كېرەكسىز سۇ بىلەن بىرىكىپ، ئوغۇتلۇق خۇسۇسىيەت ھاسىل قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ ئوغۇت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. كالتسىي-ماگنىيلىق، فوسفورلۇق ئوغۇت ياكى فوسفورلۇق مەدەن پاراشوكىنى فىزىيولوگىيەلىك-كىسلاتالىق ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە، فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## 115. زىرائەتلەرنى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلىغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

زىرائەتلەرنى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشمۇ زىرائەتلەرنى ئوغۇتلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. يوپۇرماقنىڭ نەملىك ساقلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇشى كېرەك. يىلتىز سىرتىدىن بېرىدىغان ئوغۇت سۇيۇقلۇقىنى يوپۇرماققا پۈركۈگەندىن كېيىن يوپۇرماقنىڭ نەم تۇرۇش ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا، زىرائەتلەر قوبۇل قىلىدىغان ئوزۇقلۇق تەركىبلەرمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئوغۇت بېرىشنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى 2:00 (بېيجىڭ ۋاقتى 4:00) لەردە ياكى ئەتىگەن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 9:00 (بېيجىڭ ۋاقتى 11:00) دە باشلىغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. كۈن نۇرى تىك چۈشكەندە، يامغۇر ياغقان، شامال چىققاندا، ھاۋا تۇتۇق بولغاندا پۈركۈشكە بولمايدۇ.

2. ئېرىتمە (ئوزۇقلۇق سۇيۇقلۇقى) يوپۇرماققا تولۇق يېپىشتۇرۇلۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئۈنۈمى نىسبەتەن ياخشى پۈركۈگۈچ ئىشلىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز مىقداردا «نەمدىگۈچ» ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. نېيترال سوپۇن ياكى، «چايكا» (بېلىقئالغۇچ) ماركىلىق سوپۇن سۇيۇقلۇقى (كىسلاتا - ئىشقارلىقى كۈچلۈك بولمىسا بولىدۇ) دىن ئادەتتە 0.2% ~ 0.1 ئىشلىتىلسە ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى-

نىڭ يوپۇرماق ھۆجەيرىلىرىگە يېپىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.
3. پۈركۈلىدىغان ئوزۇقلۇق سۇيۇقلۇقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن كىسلاتالىقى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى قانچە مۇۋاپىق بولسا، يوپۇرماق قىسمىنىڭ قوبۇل قىلىشى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ يوپۇرماقنى بۇزۇشى، نابۇت قىلىش دەرىجىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ ھەمدە ئۇنى قوبۇل قىلىشى يېتەرلىك بولمايدۇ. چۈنكى، زىرائەتلەرنىڭ بۇ خىل قويۇقلۇققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمايدۇ. دانلىق زىرائەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنى سەل قويۇقراق، پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ۋە مېۋىلىك باغ، دەل-دەرەخلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنى سۇيۇقراق تەييارلاش كېرەك. ئادەتتىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار تۇز سۈيى ئېرىتمىسىنىڭ قويۇقلۇقى 2% ~0.2، مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار تۇز سۈيى ئېرىتمىسىنىڭ قويۇقلۇقى 0.1% ~ 0.01 (يەنى ساپ ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ قويۇقلۇقى 0.01%) بولىدۇ.
ئوزۇقلۇق سۇيۇقلۇقىنىڭ كىسلاتالىق-ئىشقارلىق دەرىجىسى ئادەتتە نېيتراللىقا يېقىنلىشىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق كىسلاتالىق، ھەددىدىن ئارتۇق ئىشقارلىق سۇيۇق كىسلاتا زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشىگە پايدىسىز. ئىشقار كىسلاتا بىلەن نېيتراللاشتۇرۇلۇشى كېرەك ياكى سۇيۇق ئىشقار ئارقىلىق نېيتراللاشتۇرۇلىدۇ. ئېرىتمە تەركىبىدىكى ئاساسىي ئوزۇقلۇق تەركىب مۇسبەت ئىيون بولسا، ئېرىتمە مىكرو ئىشقار ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. مەنپىي ئىيون بولسا (نىترات كىسلاتا قالدۇقى ۋە فوسفات كىسلاتا قالدۇقى بولسا)، مىكرو سۇلفاتقا تەڭشىلىدۇ. بۇ زىرائەتلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئىيونلارنى سۈمۈرۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ.
4. ئېرىتمىنى يوپۇرماقنىڭ ئارقىسىغا پۈركۈش كېرەك. يوپۇرماقنىڭ ئارقىسىدا ھاۋا تۆشۈكچىلىرى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ توقۇلمىلىرى بوش بولغاچقا، ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنى ئاسان سۈمۈرىدۇ. يوپۇرماقنىڭ ئارقىسىدا ئېرىتمىنىڭ پارغا ئايلىنىشى ئاستا بولىدۇ. باشاقلىقلار ئائىلىسى، يەنى ئاشلىق تۈرىدىكى زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ھاۋا تۆشۈكچە-

لىرى ئاز بولىدۇ. شۇڭا، يوپۇرماقنىڭ ئالدى-كەينىگە پۈركۈشنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. زىرائەتلەر ئاسان قوبۇل قىلالمايدىغان ئوزۇقلۇق تەركىب (مەسىلەن بور، ماگنىي، تۆمۈر، مانگان، مولىبدېن، سىنك) نى پۈركۈشتە يېڭى يوپۇرماقلارنى ئاساس قىلىپ، ئۈستىگە چېچىش كېرەك. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش ئىككى قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. 7 ~ 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈسە بولىدۇ. ھەر مو يەرگە 50 ~ 70 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولىدۇ.

قىسقىسى، زىرائەتلەرنى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشنىڭ ياخشى تەرەپلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن زىرائەتلەر سۈمۈرۈۋالىدىغىنى بەك كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. يۇقىرى تېخنىكا ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئوغۇتلاش ماشىنىلىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا زىرائەتلەرنى يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كۆپ مىقدارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلارنى يەنىلا يىلتىزدىن بېرىشكە قارىتىش، يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاشنى بولسا، قوشۇمچە قىلىش كېرەك.

## 116. قاندالق قىلغاندا ئاممونىي ھىدرو كاربونات ئوغۇتىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ

ئاممونىي ھىدرو كاربونات ئاق رەڭلىك، كىرىستال كىچىك دانچە، ئازوت مىقدارى 17% ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈچلۈك قوزغىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئاممىياك بار، ئۇ سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ. ئۈنۈمى تېز بولۇپ، زىرائەتلەرنى ئېھتىياجلىق بولغان كاربون ئوزۇقلۇقى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاممونىي ھىدرو كاربوناتنى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتسە، تۇپراققا ھېچقانداق ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. خۇسۇسىيىتى مۇقىم ئەمەس، شۇڭا، ئۇنىڭدىكى بىرىكمىلەر ئاسان پارچىلىنىپ، ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ. نورمال تېمپېراتۇرىدا ھاۋا بىلەن ئۇچراشسا، ئۇنىڭدىكى بىرىكمىلەر ئاممىياك گازى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا، پارغا ئايلىنىشى تېخىمۇ تېز بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ساقلىغان ۋە

ئىشلەتكەندە نەملىكتىن، ئىسسىقتىن ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاممىياكنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىش كېرەك. ئامونىي ھىدرو كار- بوناتنى ئىشلەتكەندە، تۇپراققا چوڭقۇر بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش كې- رەك. بۇ ئۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىدۇ. مايسىلارنى كۆيدۈرۈۋېتى- شىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىشلەتكەندە قول بىلەن بىۋاسىتە ئارىلاش- تۇرۇشقا ياكى ئۇرۇق بىلەن بىللە ساقلاشقا بولمايدۇ. بولمىسا ئۇرۇقنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ ئوغۇتنى يەنە ئۈسۈملۈك كۈ- لى، ھاك قاتارلىق ئىشقارلىق ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 117. كالىي سۇلفات بىلەن كالىي خىلورىدنىڭ قانداق پەرقى بار

كالىي سۇلفاتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئۇ رەڭلىك كىرىستاللىق دانچىلاردىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ نەملىكنى سۈمۈرۈش- چانلىقى ئاجىز، ساقلاش داۋامىدا ئاسانلىقچە مونەكلىشىۋالمايدۇ، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇت ياكى يىلتىز سىرتىدىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەت- سىمۇ بولىدۇ. ئۇنى ئوزۇقلۇق ساقلىشى ناچار قۇم تۇپراققا بەرگەندە «ئاز مىقداردىن كۆپ بېرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ياڭيۇ، قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە-چېۋىلەرگە ئىشلەتكەندە، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. كالىي خىلورىدنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئاق رەڭدە بولىدۇ، سۇس سې- رىق رەڭلىك كىرىستال ھالەتتە بولسا تەركىبىدە تۆمۈر تۇزى بولۇپ سۇدا ئېرىيدىغان، قويۇقلۇقى يۇقىرى ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي ئوغۇت، قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىلىش ئومۇملاشقان. بىراق ئۇ- نىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى كالىي سۇلفات ئوغۇتىغا سېلىشتۇرغاندا نىس- بەتەن كەڭ ئەمەس. زىيادە كۆپ ئىشلەتكەندە ئۈزۈم، تاۋۇز، ياڭيۇ،

تاتلىقىياڭيۇ، پەمدۇر ۋە مۇچ قاتارلىقلاردا «خىلورنىڭ زىيىنى»نى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت كالىي خىلورىدنى شور تۇپراقلىق يەرلەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. لېكىن كالىي خىلورىد تەركىبىدىكى خىلور ئىيونىنىڭ فوتوسىنتېز رولى ۋە تالا شەكىللەندۇرۇش رولى بار. كېۋەز، شۇنىڭدەك يىرىك تۇردىكى تالالىق زىرائەتلەرگە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى خىل ئوغۇتنى توغرا پەرقلەندۇرۇش ۋە ئىشلىتىش كېرەك. كالىيلىق ئوغۇت سېتىۋالغاندا ئالدى بىلەن ئوغۇتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالاھىدىلىككە ماس كەلگەنمۇ-يوق؟ ئاندىن مەھسۇلات بەلگىسى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلگەنمۇ-يوق؟ دەپ ئايرىش، ئاخىردا باھا پەرقىگە قاراپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، مەھسۇلات سۇپىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا ھۆكۈم قىلىش كېرەك.

## 118. ئوغۇت سۇپىتىنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ قانداق ئاددىي ئۇسۇللىرى بار

ئوغۇت سۇپىتىنى پەرقلەندۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆرۈش، تۇتۇپ كۆرۈش، كۆيدۇرۇش، سىناش، تەكشۈرۈش قاتارلىقلار بولۇپ، كۆرۈشتە ئاساسلىقى ئوغۇت دانچىلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى، پارقىراقلىقىنى نەزەرگە ئېلىش ئارقىلىق، فىزىكىلىق شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتىنى سېلىشتۇرۇش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلات بەلگىسىنىڭ مەزمۇنى تولۇق بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. تۇتۇپ كۆرۈشتە ئاساسلىقى قول سېزىمىگە تايىنىپ، ئوغۇتنىڭ نەملىكى تەكشۈرۈلىدۇ. فىزىكىلىق شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى، سىلىقلىقى ۋە ئېقىشچانلىقى قاتارلىقلارغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. كۆيدۇرۇشتە ئاساسلىقى كۆيدۇرۇش ئارقىلىق، ئوغۇتنىڭ ئېرىشچانلىقى، كۆيۈشچانلىقى تەكشۈرۈلىدۇ. سىناشتا ئاساسلىقى ئوغۇتنىڭ PH قىممىتى، سۇدىكى ئېرىشچانلىقى ئېنىقلىنى-

دۇ. تەكشۈرۈشتە ئاساسلىقى مەھسۇلاتنىڭ بەلگىسى، بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمى تەكشۈرۈلىدۇ.

1. ئازوتلۇق ئوغۇتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى: بازارغا سېلىنغان ساختا ئورېيا ئوغۇتلىرىدا ھامان ئىككى خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بىر خىلى، قاچىلانغان قاپ (ئورو) نىڭ ئاستىدىكىسى ئاممونىي كاربون، ئۈستىدىكىسى ئورېيا بولۇپ، ئۈستىدىكىسىنىڭ ئېرىشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. ئاستى قىسمىدىكى ئاقمايدۇ، ھەتتا مونەكلىشۋالىدۇ. پارلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئاممىياكنى پۇرۇغىلى بولىدۇ. بۇنى ئاممونىي كاربون ئارىلاشتۇرۇلغان ئازوتلۇق ئوغۇت دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بىر خىلى، قاچىلانغان قاپ (ئورو) نىڭ ئۈستىدىكىسى بىلەن ئاستىدىكىسىنىڭ ئېرىشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. بىراق دانچە رەڭگى، دانچە دىيامېتىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىردەك بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئورېيا، ئاممونىي كاربون ئارىلاشما ماددىسى بولۇشى مۇمكىن. ئورېيا بىلەن ئاممونىي نىتراتنى قانداق ئايرىش كېرەك؟ بىرىنچىدىن، سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراش كېرەك. ئورېيا بىلەن ئاممونىي نىترات پۈراقسىز ئاق رەڭلىك دانچىلاردىن شەكىللەنگەن، ئورېيا بولسا يېرىم سۈزۈك دانچىلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، نۇر قايتۇرمايدۇ؛ ئاممونىي نىترات دانچىلىرىنىڭ سىرتى پارقىراق بولۇپ، روشەن نۇر قايتۇرىدۇ. ئىككىنچى، قول سېزىمى، ئورېيا سىلىق بولۇپ، نەملىك سېزىمى ھېس قىلدۇرمايدۇ. ئاممونىي كاربون سىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا نەملىك سېزىمى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، كۆيدۈرۈش؛ ئىككى خىل ماددىنى ياغاچ ياكى تۆمۈر تاختا ئۈستىگە قويسا، ئورېيا ئاسان ئېرىيدۇ. چىقارغان ئىسىدا ئاممىياك پۇرىقى بولىدۇ. ئاممونىي نىترات جىددىي كۆيۈپ نۇر چىقىرىدۇ.

2. فوسفورلۇق ئوغۇتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى: بازارغا سېلىنغان ساختا فوسفورلۇق ئوغۇتتىن دائىم فوسفورلۇق گەج، كېرەكسىز سېمونت قالدۇقى ۋە خىش-كاھىش ئۇۋاقلىرىنى تاپقىلى بولى-

دۇ. ھۆكۈم قىلىش ئاساسى: بىرىنچى، سىرتىنى كۆرۈش. ئادەتتە
كالتسىي قېنىق كۆل رەڭ ياكى كۆكۈچ، سۇس كۆل رەڭلىك پاراشوك
ماددا بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. فوسفورلۇق گەج ئاق كۆل رەڭ-
دىكى ئالتە قىرلىق شەكىلدىكى تۈۋرۈكسىمان كىرىستال ياكى كىرىس-
تالسىمان پاراشوك بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل بولمايدۇ؛ كېرەكسىز سې-
مونت قالدۇقى كۆل رەڭ بولۇپ، دانچىسى يوق، نۇرسىز بولۇپ، نىس-
بەتەن قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. ئەزگەندىن كېيىنكى دانچە تۇزانلىرى
چوڭ، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. خىش-كاھىش ئۇۋاقلىرىنىڭ رەڭگى
كۆك، دانچىلىرى نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، تەمى چۈچۈمەل بولمايدۇ؛
ئىككىنچى، قول بىلەن سىلاش: ئادەتتە كالتسىينىڭ سىغىمى زىچ بو-
لۇپ، سىلىغاندا يېپىشىۋالىدۇ. فوسفورلۇق گەجنى سىلىغاندا يېپىشىش-
چانلىقى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. كېرەكسىز سېمونت چۆكۈندىلىرىنىڭ
سۈپىتى ئادەتتىكى كالتسىينىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ، سىلىغاندا يېپى-
شىشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئېرىشچانلىقى: ئادەتتىكى
كالتسىي سۇدا ئېرىيدۇ، فوسفورلۇق گەج سۇدا ئېرىمەيدۇ. ئادەتتىكى
كالتسىي تەركىبىدە توپا، تاش پارچىلىرى ياكى داشقال قاتارلىق ئا-
رىلاشمىلار بايقالسا، سۈپىتى ناچار ئادەتتىكى كالتسىي دەپ قاراشقا بو-
لىدۇ.

3. كالىيلىق ئوغۇتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى: بەزىدە
ئىمپورت قىلىنغان كالىيلىق ئوغۇت بىلەن دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان
كالىيلىق ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ، ساختا ئاق رەڭلىك ياكى قىزىل
رەڭلىك ئىمپورت قىلىنغان كالىيلىق ئوغۇت قىلىش ئەھۋاللىرى مەۋ-
جۇت. بۇنداق ئوغۇتنىڭ ئېقىشچانلىقى ناچار بولىدۇ. يەنە كالىي سۇلفات
ۋە كالىي خىلور، كالىي ماگنىي ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى ساختا
كالىي سۇلفاتقا ئايلاندۇرۇپ ساتىدىغان ئىشمۇ بار، ئارىلاشتۇرۇلغاندىن
كېيىنكى كالىيلىق ئوغۇت سۇس سېرىق رەڭلىك، ئاق رەڭلىك ياكى
سۇس سېرىق، قىزىل رەڭلىك كىرىستال ماددا بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ناترىي خىلور (ئاش تۇزى) نى كالىي خىلور قىلىپ ساتىدىغان ئىشمۇ مەۋجۇت.

## 119. ئاگاھلاندۇرۇش چۈشەندۈرمىسى دېگەن نېمە

خىمىيەۋى ئوغۇتلاردا ئاگاھلاندۇرۇش چۈشەندۈرمىسى بولىدۇ. ئۇ- نىڭدا ئوغۇت توشۇش، ساقلاش، ئىشلىتىش جەريانىدا دىققەت قىلىنى- دىغان مەزمۇنلار بولىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنىڭ قا- ئىدىسى، پايدىسى ۋە نامۇۋاپىق ئىشلىتىشنىڭ زىيانلىرى چۈشەندۈرۈلى- دۇ.

ئاگاھلاندۇرۇشنى مەھسۇلات ئىچىگە قويسا بولىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئىستېمالچىلارنى ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

## 120. زىرائەتلەردىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ كەملىكى قانداق ئېنىقلىنىدۇ

تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللانغاندا زىرائەتلەردىكى ئوزۇقلۇق ئېلې- مېنتلارنىڭ كەملىكىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

1. زىرائەتلەرگە قاراپ ئېنىقلاش. زىرائەتلەردە ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار كەم بولسا، تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا زىرائەت- لەر ئۆسۈشىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى، تېز-ئاستىلىقى، شاخلاش، توپ- لىنىشى، يوپۇرماقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، رەڭگىنىڭ توق- سۇسلۇ- قى، بىخ، مېۋىسىنىڭ كۆپ-ئازلىقى، چوڭ-كىچىكلىكى، شىرنىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، تەملىك-تەمسىزلىكى، مېۋىسىدە يېلىمسىمان ماد- دىنىڭ بار-يوقلۇقى، ئۆسۈشىنىڭ ياخشى-ناچارلىقى، ئۆسۈش نۇقتىسى بىلەن يىلتىز ئۇچىنىڭ نورمال بولغان-بولمىغانلىقى قاتارلىقلارغا قاراش كېرەك.

2. يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلاش ئارقىلىق ئېنىقلاش. زىرائەتلەرگە قاراپ قانداق ئېلېمېنتلارنىڭ كەملىكىنى بېكىتەلمىگەندە، يىلتىز سىر-

تىدىن ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. زىرائەتلەرگە قاراپمۇ مەلۇم ياكى بىر نەچچە خىل ئېلېمېنتنىڭ كەملىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلىك قويۇقلۇقتا ئېرىتمە تەييارلاپ، ئېلېمېنت كەم دەپ قارىغان تۇپكە ياكى كېسەللىك ئالامىتى بار تۇپتىكى 2 ~ 1 يوپۇرماقنىڭ ئوتتۇرا تومۇر قىسمىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى يوپۇرماق گۆشىنى كېسىپ، ئوزۇقلۇق ئېرىتمىسىگە 2 ~ 1 قېتىم چىلىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر ھەپتە ساقلاپ، يىلتىز سىرتىدىن ئوغۇتلىغان كېسەل تۇپنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ كۆڭۈل قويۇپ سېلىشتۇرىمىز. مۇبادا ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتىنى پۈركۈگەندىن كېيىن ئۆسۈشى ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشسا، يوپۇرماق رەڭگىمۇ ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشسا، شۇ خىل زىرائەتتە شۇ ئېلېمېنتنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3. خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئانالىز قىلىپ ئېنىقلاش. خىمىيەلىك ئۇسۇل قوللىنىپ تۇپراق ۋە تۇپ تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەپ، كىرتىك كۆرسەتمىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېنىقلىسا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلغا ئانالىز قىلىش ئاپپاراتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئانالىز قىلىش ۋاستىسى لازىم بولغانلىقتىن، ئادەتتە بۇ خىل ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلىپ كەتمەيدۇ.

## 121. ئوغۇتلارنىڭ مەھسۇلات بەلگىسى قايسى تەلەپلەرگە ماس كېلىشى كېرەك

خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ مەھسۇلات بەلگىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەلەپلەرگە ماس كېلىشى كېرەك: بىرىنچى، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ لاياقەتلىك ئىسپاتى بولۇش؛ ئىككىنچى، خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان مەھسۇلات نامى، ئىشلەپچىقارغان شىركەت ياكى زاۋۇتنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسى بولۇش؛ ئۈچىنچى، مەھسۇلاتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىش تەلىپىگە ئاساسەن يېزىپ قويۇشقا تېگىشلىك مەھسۇلات

ئۆلچىمى، تىپ نامى، ئاساسىي تەركىبلەر نامى ۋە مىقدارى يېزىلغان بو-
لۇش؛ تۆتىنچى، مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى، بىخەتەر ئىش-
لىتىش مۇددىتى ۋە ئۈنۈملۈك مۇددىتىنى يېزىپ قويۇش؛ بەشىنچى،
مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەندە كېلىپ چىقىدىغان زىيان ۋە مال-مۈلۈك زى-
يىنى، زىيان يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى ياكى ئاگاھلاندۇرۇش چۈشەندۈرمىسى بولۇش.

مەھسۇلات بەلگىسى توغرا ياكى تولۇق بولمىسا، مەھسۇلات بەلگىسى-
نى قانۇن بويىچە ئەنگە ئالمىغان بولسا، مەھسۇلاتتا مەسىلە بار دەپ
ھۆكۈم قىلىسا بولىدۇ. يەنى، كۆرسەتمىدىكى خاتالىق سەۋەبىدىن جىس-
مانىي، مال-مۈلۈك زىيانلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، مەھسۇلات ئىش-
لەپچىقارغۇچى ئورۇن تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.
مەھسۇلات بەلگىسى، مەھسۇلاتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتىنىڭ
مۇھىم بەلگىسى. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئەمەلىيەتتە قوللانغاندا ئىس-
پاتلانمىسا، ماس كەلمىسە، قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئېغىر بولغاندا
زىيان كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ مەھسۇلات بەلگىسىنى ئالدامچىلىق ۋاستىسى
بىلەن ئىشلەتسە، ئېنىقلا ئۇنىڭ خەۋپ-خەتىرى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلار مەھسۇلات بەلگىسىگە ئەستايى-
دىل مۇئامىلە قىلىشى، ئەينەن ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئەينەن قوللىنىشى، ئۇ-
نىڭ ھەر قايسى تەرەپلەرگە زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.
ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانا ئەنگە ئالدۇرغان مەھسۇلات بەلگىسىگە مەس-
ئۇل بولۇشى كېرەك.

## 122. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى ئىشلەتكەن ۋە ساقلى-غاندا ئۇنىڭدىن زەھەرلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك

ھازىر يېزىلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان خىمىيەۋى ئوغۇت تۈرلىرىدىن ئا-
ساسلىقى ئازوتلۇق ئوغۇت (ئاممونىي خلورىد، ئاممونىي ھىدرو كاربو-
نات، ئورىيا قاتارلىق)، فوسفورلۇق ئوغۇت (كالتسىي سۇپېر فوسفات،
كالتسىي فوسفات) ۋە كالىيلىق ئوغۇت قاتارلىقلار بار. بۇ ئوغۇتلار ئى-

چىدىكى كالىيلىق ئوغۇت ئادەم بەدىنىگە زىيان سالمايدۇ، ئازوتلۇق ئو-
غۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن كەلتۈرىدى-
غان زىيىنى كۆپ، زەھەرلىك تەركىبى يۇقىرى. ئازوتلۇق ئوغۇت ئادەم
تېرىسى ۋە ئادەم تېنىدىكى يېپىشقاق پەردىلەرنى غىدىقلاپ، ئوخشىمىغان
دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. مەسىلەن، ئازوت، ھاك ماددىسى، ئاممىياك
سۈيى نەپەسلىنىش يولىدىكى نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، ئۆتكۈر زەھەرلى-
نىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئازوتلۇق ئوغۇت تەركىبىدىكى مىقدارى
ئەڭ كۆپ بولغان ئاممونىي ھىدرو كاربوناتنىڭ پارغا ئايلىنىشچانلىقى
تېز ھەم كۈچلۈك بولۇپ، نۆلدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىمۇ رەڭسىز ھا-
لەتكە ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان ئاممىياك گا-
زى بار. ئۇ ئادەمنىڭ كۆز ۋە يۇقىرى نەپەسلىنىش يولىدىكى يېپىشقاق
تېرىنى غىدىقلايدۇ. ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى يېپىشقاق پەردىلەردىكى سۇ
تەركىبى بىلەن بىرىكىپ، ئاجىز ئىشقارلىق ئاممونىي ھىدروكسىد ھا-
سىل قىلىپ، بەدەندىكى ئاقسىل، تېرە ھۇجەيرە توقۇلمىلىرىنى بۇزۇپ،
نەپەسلىنىش يوللىرىدىكى يېپىشقاق تېرىنىڭ ياللۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ، ھەتتا ھۇجەيرىلەرنى كۆيدۈرىدۇ. كېلىنىكىدىكى كېسەللىك
ئالامەتلىرى بۇرۇن ياللۇغى ۋە كانايچە ياللۇغى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ،
ھەتتا ئاۋازى پۈتۈپ قېلىش، يۆتىلىش، بەلغەم پەيدا بولۇش ۋە كۆك-
رەك چىڭقىلىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. فوس-
فورلۇق ئوغۇتنى توشۇش، قاچىلاش ۋە ئېتىزدا ئىشلىتىش جەريانىدا
ھاسىل بولغان توزانلىرى تېرىنى غىدىقلاپ كۆزدىكى بىرىكتۈرگۈچى
پەردىلەردە ياللۇغ پەيدا قىلىدۇ. بەزىلەردە مەلۇم ئوغۇت بىلەن ئۇچراش-
قاندىن كېيىن، تېرىدە رېئاكسىيە ياكى پۈتۈن بەدەندە غەيرىي نورمال
ھالەت پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغۇت ساقلىغان، ئىشلەتكەن
چاغدا ئۈنۈملۈك ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، زەھەرلىنىپ قې-
لىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

1. خىمىيەۋى ئوغۇت چىقىرىدىغان گازنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىدىن
ساقلىنىش كېرەك. ئاممونىي ھىدرو كاربونات قاتارلىق پارلىنىشچانلىقى
كۈچلۈك ئوغۇتلارنى ساقلىغان، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا

ساقلاش كېرەك. ئۇنى ئولتۇراق ئۆيدە ساقلاشقا بولمايدۇ. خىمىيەۋى
ئوغۇت چىقىرىدىغان گازنىڭ ئادەمگە زىيان يەتكۈزۈشى ۋە يامان تە-
سىر پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئايرىم
جايدا ھەم ئېتىپ ساقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئالدى بىلەن ئوغۇت قويىدىغان جايغا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سۇلى-
ياۋ يوپۇق سېلىش، ئوغۇتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بولغاندىن كېيىن،
ئۈستىدىن يۆگەپ قويۇش كېرەك. يەنە يەر بىلەن سۇلياۋ يوپۇق ئار-
لىقىغا نەم قوم تۆكۈپ قويۇش كېرەك. بۇنداق ئوغۇت دۆۋىسىدىن ئو-
غۇت ئالغاندىن كېيىن ئوخشاشلا قايتا ھەم يۆگەپ قويۇش كېرەك. بۇ
ئوغۇتنىڭ پارغا ئايلىنىشى، ئادەم بەدىنىگە زىيان يەتكۈزۈشىنى تىزگىن-
لەيدۇ.

2. چىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئوغۇتنى توشۇش، قا-
چىلاش، ساقلاش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا ئۇنى ئاسراشنى كۈچەيتىش
كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئۇزۇن كۆڭ-
لەك، ئۇزۇن ئىشتان كىيىش، ماسكا ۋە كۆزەينەك تاقاش كېرەك.
مەشغۇلات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئوغۇت قالدۇقلىرىنىڭ تېرىنى غى-
دىقلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۈز-قولنى پاكىز يۇيۇش كېرەك.
خىمىيەۋى ئوغۇتنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا چوقۇم مۇناسىپ
قورال-سايمان ئىشلىتىش، يەنى گۈرجەك، ساپلىق ئىشلىتىش كېرەك.
قول بىلەن بىۋاستە تۇتۇشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ
ئادەم ئورگانىزملىرىنى چىرىتىشىدىن، يامان تەسىرىدىن ساقلىنىش
كېرەك.

3. خىمىيەۋى ئوغۇتتىن بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن
ساقلىنىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردا ئادەم ۋە چارۋا
ماللارنىڭ خىمىيەۋى ئوغۇتتىن بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قى-
لىپ زەھەرلىنىش ۋەقەلىرى تەكرار كۆرۈلدى. بۇنىڭدىن ساقلىنىش
ئۈچۈن، ساقلىغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئاشلىق، كۆكتات، قوغۇن-تا-
ۋۇز قاتارلىقلار بار جايدا قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. بەزى خىمىيەۋى

ئوغۇتلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاش تۇزى، زەمچە، شۇلتا قاتارلىق يېمەكلىكلەرگە بەكلا ئوخشايدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەتكەندە زەھەرلىنىش ياكى خىمىيەۋى ئوغۇتتىن بۇلغانغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ئارقىلىق زەھەرلىنىش كۆرۈلسە، تېزدىن يۇيۇنۇپ ئارام ئېلىش، زەھەرلىنىش ئېغىر بولسا، ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىش كېرەك.

## 123. ئورىيا تەركىبىدىكى زىيانلىق ماددا زىرائەتلەرگە زىيان سالسا، قايسى خىل قوشۇمچە تەدبىرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ

ئورىيادىكى زىيانلىق ماددا زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزسە، زىياننىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن، قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانسا زىياننى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇت تەسىرىگە ئۇچرىغان ئېتىزدىكى مايسىلارنى تەكرار سۇغارغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. يەنە مايسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆرۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا بىرىكمە ئوغۇتنى قوشۇپ بەرسە، شال مايسىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇغداي ۋە كېۋەزدە ئورىيانىڭ زىيىنى كۆرۈلسە ئېتىزنى دەرھال سۇغىرىش ئارقىلىق زىيانلىق ماددىنى تۇپراققا چۆكتۈرۈپ، ئورىيانىڭ قويۇقلۇقىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

## 124. ساختا، ناچار، يالغان ئوغۇت ئىشلىتىپ، مايسا زىيانغا ئۇچرىسا قايسى تارماققا ئىنكاس قىلىش كېرەك

ساختا، ناچار، يالغان خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىپ، مايسا نابۇت بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئالدى بىلەن زىيانغا ئۇچرىغان نەق مەيداننى قوغداش كېرەك. بۇ دېلو تۇرغۇزۇشتا دەلىل-ئىسپات ئېلىشقا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. ئاندىن ئىشلەتكەن ساختا، ناچار، يالغان ئوغۇتتىن نۇسخا

ئېلىش ۋە شۇ مەھسۇلات قاچىلانغان قاپ (ئورو) نى تېپىش كېرەك. شۇڭا، مەھسۇلاتنىڭ بەلگىسىگە يېزىلغان مەزمۇننى تولۇق ساقلاش كېرەك. سېتىۋالغان خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ تالونلىرى، ساتقان ئورۇن، ئوغۇتنى ئىشلەتكەن مىقدارنى تولۇق ئىسپاتلاش، زىيانغا ئۇچرىغان كۆلەم ۋە زىيان ئومۇمىي چىقىمىنى تەييارلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ جايدىكى دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى ياكى يەرلىكتىكى سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىش كېرەك. بۇ ئورۇنلارغا ساقلىغان ئوغۇتنىڭ نۇسخىسى، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئىسپاتلىغان دەلىل-ئىسپات قاتار-لىقلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. قىسقىسى، ئىشلەتكەن ئوغۇتتىن مەسى-لە كۆرۈلسە، ھودۇقۇپ كەتمەي، نەق مەيداننى ياخشى قوغداپ، تە-لەپ-ئىنكاسنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق يارىتىش كېرەك.

## 125. سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارى-سىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «12315»نىڭ مەنىسى نېمە، مەجبۇرىيىتىچۇ

«12315» دۆلەتلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باش ئىدارىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىستېمالچىلارغا خىزمەت قىلىدىغان، ئەرز-شىكايەت قىلىدىغان مۇلازىمەت تېلېفونى بولۇپ، ئۇ «بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئوبراز يارىتىش، يۇقىرى ئۈنۈم قازىنىش»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئورنىتىلغان. بۇ تېلېفون پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى شەھەر-بازارلاردىكى ئىستېمالچىلار ئەرز-شىكايەت پاش قىلىش ئىشلىرىدىكى تور ۋە خىزمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇ يەنە «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن، قائىدە-نىزاملىرى ۋە سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيەسىنى چىقىش قىلىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسى مۇنداق: بىرىنچى، مال سېتىۋالغان، مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلغان، ئىستېمالچىلار زىيانغا ئۇچرىغاندا قىلغان ئەرزىنى قوبۇل قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىستېمالچىلار بىلەن تىجارەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تالاش-تارتىشنى مۇرەسسە قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە دەخلى قىلغان، ساختا، ناچار، يالغان تاۋارلارنى ساتقان ۋە باشقا ئىقتىسادىي جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، پاش قىلىنغان قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قوبۇل قىلىپ قاراپ چىقىدۇ؛ تۆتىنچى، دېھقانلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىدىغان ۋاستىلەرنى سېتىۋالغان، ئىشلەتكەن مەھسۇلات، مۇلازىمەتكە قارىتا پاش قىلغان ۋە نارازى بولغان ئەرزنى قوبۇل قىلىدۇ؛ بەشىنچى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەققىدىكى قانۇن، قائىدە-نىزام ۋە تۈزۈم ھەققىدە سورىغان سوئاللارغا مەسلىھەت بېرىدۇ.

## 126. دېھقان ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن-نىزاملار قايسىلار

«ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 54-ماددىسىدا «دېھقانلار سېتىۋالغان ھەم بىۋاستە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەتكەن ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا نىسبەتەن بۇ قانۇن تەتبىقلىنىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، دېھقان ئىستېماالچىلار تاۋار سېتىۋالسا ياكى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلسا «ئىستېماالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» بويىچە ھوقۇق-مەنپەئەتى قوغدىلىدۇ. بۇ ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك.بىرىنچى، ئىستېمالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دېھقان بولۇشى كېرەك. بۇ تۈر دېھقاننىڭ ئۆزىنى، ئائىلىسىنى، يەر ھۆددىگە ئېلىپ ئىگى-

لىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرنى، بىرلەشمە ئائىلىلەرنى ۋە يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى، سېتىۋېلىش، ئىشلىتىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا سېتىۋالغان، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلەتكەن ماتېرىياللار بەزى ۋاقىتتا بىردەك بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ئايرىلىدۇ. سېتىۋېلىش بىلەن ئىشلىتىش بىردەك بولمىغان ۋاقىتتا بۇ قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىستېمالنىڭ ئوبيېكتى بىۋاستە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، دېھقانلار يەنە «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى»، «توختام قانۇنى» قاتارلىق قانۇن-نىزاملار بويىچە ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىسا بولىدۇ.

## 127. ئۇنۇملۇك تالون دېگەن نېمە

تالون — مال ماڭدۇرغان ۋېكسېل مال ساتقۇچى بىلەن ئىككى تەرەپ ھېسابات قىلغان دەسلەپكى ئاساس بولۇپ، ئېلىنىشقا تېگىشلىك باج سوممىسىنى توغرا ھېسابلىغان مۇھىم ئىسپات ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتتە مىزدە ۋېكسېلنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە باج تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. باج تارماقلىرى ۋېكسېلنىڭ بېسىلىشى، ئېلىنىشى، باشقۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارغا قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئىشلىتىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىدۇ. ئۇنۇملۇك تالون مالىيە، باج تارماقلىرىنىڭ نازارىتىدە ئىشلەنگەن تالون بولۇپ، تاۋارنى سېتىپ چىقارغانلىقىنىڭ ئۇنۇملۇك ئىسپاتى ھېسابلىنىدۇ. مال ساتقۇچى ئورۇن تالونغا تامغا باسىدۇ، ساتقان ۋاقتى، ساتقان مەھسۇلات نامى، ئۆلچىمى، تىپى، سېتىلغان سومما ۋە سانى قاتارلىقلار يېزىلىدۇ.

# ئالتىنچى خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## 128. ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي تەلەپلىرى قايسىلار

ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، خام ئەشيا ۋە ماتېرىيالنى تەكشۈرۈش، ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار كىرگۈزگەن خام ئەشيا ۋە ماتېرىياللارنى سۈپەت جەھەتتىن تەكشۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. خام ئەشيا سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ، ئوزۇقلۇق مىقدارى ۋە تەسىرىنى ئېنىقلاش كارخانىلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشى ھەر بىر خام ئەشيا ۋە ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىنى ئانالىز قىلىپ نەتىجىسىنى ۋاقتىدا چىقىرىدۇ؛ ئىككىنچى، كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى مەھسۇلاتلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ، ھەر بىر مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى

كۆتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچى، تەييار مەھسۇلاتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىشتىكى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىدىكى بەلگىلىمىسى مۇنداق: «كارخانىلار زاۋۇتتىن چىقىرىدىغان بارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچەمدىكى تەلىپىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر بىر تۈركۈمدىكى زاۋۇتتىن چىقىرىدىغان مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت قوشۇمچە ئىسپاتنامىسى بولۇشى كېرەك.» شۇنىڭ ئۈچۈن كارخانىلار زاۋۇتتىن چىقىرىدىغان ھەر بىر مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

## 129. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى لابوراتورىيە خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىگە قارىتا قانداق تەلەپلەر بار

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردىكى لابوراتورىيە خادىملىرى كارخانىلار كىرگۈزگەن ماتېرىياللارنى، شۇنداقلا تەييارلاپ زاۋۇتتىن چىقىرىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلايدۇ. بۇ ماھىيەتتە پەۋقۇلئاددە زور مەسئۇلىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن لابوراتورىيە خادىملىرىدا تۆۋەندىكى سالاھىيەتلەر بولۇشى كېرەك:

1. ئوقۇش تارىخى بولۇش. لابوراتورىيە خادىملىرى ئادەتتىكى مەشغۇلات قىلغۇچىلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇلار بەلگىلىك دائىرىدە خىمىيە بىلىملىرى نەزەرىيەسى ئاساسىغا ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇلار مەھسۇلات ئۆلچىمىنى ئوقۇيالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. تۈرلۈك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى مۇستەقىل زىممىسىگە ئالالايدىغان، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭ

ئۈچۈن لابوراتورىيە خادىملىرى چوقۇم تولۇق ئۈتتۈرا مەكتەپتىن يۇ-قىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

2. كىنىشكا ئېلىپ ئىش ئورنىغا چىقىش. لابوراتورىيە خادىملىرى ئوقۇش تارىخىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سالاھىيەتنى ئېتىراپ قىلىدىغان، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان سالاھىيەت كىنىشكىسى ئالغان بولۇشى كېرەك. كىنىشكا ئېلىشتا چوقۇم كەسپىي نەزەرىيە بىلىملىرى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات بويىچە تەربىيەلىنىشكە قاتنىشقان بولۇشى كېرەك. ئۇلار تەربىيەلىنىش ئارقىلىق لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مۇستەقىل زىممىسىگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا كىنىشكىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

3. ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈش. خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرۈش بىر تۈرلۈك ئىنتايىن ئېغىر خىزمەت. شۇڭا، لابوراتورىيە خادىملىرىدا جاپانى يېڭىش روھى بولۇپلا قالماستىن، يەنە كۈچلۈك خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى بولۇشى كېرەك. خىزمەتكە تولۇق تەييارلىق قىلىشى، ئىش ئورنىنى قىزغىن سۆيۈشى ۋە ئىش ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

# 130. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابوراتورىيە بۆلۈمىنى باشقۇرۇشنىڭ نىشانى نېمە

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابوراتورىيە بۆلۈمىنى ئىلمىي باشقۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئومۇمىي مەبلەغدىن ئاز بىر قىسىم مەبلەغنى چىقىم قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك لابوراتورىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش — يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھەم

بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتىنى بەرپا قىلىدۇ. ئۇ شۇ تۈردىكى پەن تەتقىقات كۈچى ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، كارخانىلار مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق. لابوراتورىيە بۆلۈمىنى باشقۇرۇشنىڭ نىشانى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي فاكچېنىغا مۇلازىمەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ تۆۋەندىكى بەش تەرەپكە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى، لابوراتورىيە نەتىجىسىنى مالىيە، مال ۋە ئۇچۇر قاتارلىق ئامىللارغا ئورگانىك باغلاپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، كارخانا باشقۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇپ، لابوراتورىيە ئىشلىرىنىڭ پايدىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتتا قارىتا سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتىنى جانلىق يۈرگۈزۈپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى مۇقىم ئىلگىرى سۈرگۈزۈش كېرەك؛ ئۈچىنچى، داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار خىمىيەلىك ئانالىز قىلىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، لابوراتورىيە سەۋىيەسى ۋە خادىملار تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچى، لابوراتورىيە خادىمى، مالىيە، مالنىڭ رولىنى بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈمدە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز مەبلەغ سېلىپ، كۆپ ئۈنۈمنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ بەشىنچى، لابوراتورىيە قۇرۇلمىسى ۋە لابوراتورىيە خادىملىرىنى داۋاملىق سەرخىللاشتۇرۇش، داۋاملىق ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تېخنىكىلارنى ئالغا سىلجىتىش، كارخانىنىڭ تېخنىكىدا ئىلگىرىلىشىنى تەلەپكە يەتكۈزۈش، ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

## 131. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابوراتورىيە خادىملىرىغا قويۇلغان تەلەپلەر قايسىلار

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابوراتورىيە

خادىملىرى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ
خىزمەت سۈپىتى كارخانىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە بىۋاستە تە-
سىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا قارىتا چوقۇم بەلگىلىك كەسپىي
ساپا ھازىرلىشى، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغان بو-
لۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

1. ئۇلاردا خىزمەتنى سۆيىدىغان، ئۇنى باشقۇرالايدىغان،
قىلالايدىغان كەسپىي ساپا ۋە ئىدىيەۋى ساپا بولۇشى كېرەك.
ئۇلاردا قانۇن ئېڭى، سىياسەت ئېڭى ۋە ئۇنى ئاڭلىق ئىجرا قى-
لىش ئېڭى بولۇشى، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ئۆز مەن-
پەئەتىنى ئويلىمايدىغان ساداقەت بولۇشى كېرەك. سەمىمىي، ئېھتى-
ياتچان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، خىزمەتنى تىرىشىپ
ئىشلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

2. خىمىيەلىك تەركىبلەرنى تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش كەسپىنى
بىلىدىغان بولۇشى كېرەك. بەلگىلىك تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇش
ئىقتىدارى بولۇشى، ئاكتىپ ئامىللارنى بايقاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا
ماھىر بولۇشى، تەشكىلنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ، ئىتتىپاق ئۆتەلەي-
دىغان بولۇشى كېرەك. لابوراتورىيە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ
راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

3. لابوراتورىيە خىزمىتىدە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تېخنىكا ئۆلچەم-
لىرى بويىچە قىلىدىغان ۋە ئۇنى پىششىق بىلىدىغان بولۇشى كېرەك.
لابوراتورىيە ئۈسكۈنە-ئەسۋابلىرىنىڭ خىزمەت پىرىنسىپلىرىنى پىششىق
بىلىشى، قوغداش، ئاسراشنى بىلىشى ۋە كاشىلىلارنى بىر تەرەپ
قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

4. مۇناسىپ بىخەتەرلىك بىلىملىرىگە ئىگە بولۇشى، جىددىي، تۇ-
يۇقسىز يۈز بېرىدىغان ۋە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى تېزدىن بىر تەرەپ
قىلالايدىغان بولۇشى، لابوراتورىيە خىزمىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي
كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

5. سۈپەت باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىكى

بەلگىلىك بىلىملەرنى بىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يۈز بەرگەن لابوراتورىيە خىزمىتىگە مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ۋە ماسلاشتۇرالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىشى كېرەك.

6. پائال ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، كەسپىنى ھۆرمەتلەيدىغان روھنى ھازىرلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن. ① ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، جەسۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى تېخنىكىلارنى، يېڭى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش. ② ئىلغار باشقۇرۇش بىلىملىرىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ ھەم قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلاردا قوللىنىپ، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. لابوراتورىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئۆز خىزمىتىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت مۇھىتى يارىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇش كېرەك.

## 132. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى جايلاشتۇرۇشقا قانداق ئۆلچەم قويۇلىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيە قۇرۇلۇشى ئورنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە يىللىق مەھسۇلاتى 50 مىڭ توننا بولغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيە قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 ~80 كىۋادرات مېتىر، شارائىتى بار ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ لابوراتورىيە قۇرۇلۇش كۆلىمى 80 ~100 كىۋادرات مېتىر، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە يىللىق مەھسۇلاتى بىر مىليون تونندىن كۆپ بولغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيە قۇرۇلۇش كۆلىمى 100 كىۋادرات مېتىر بولسا

مۇۋاپىق بولىدۇ. قىسقىسى، قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى نورمال ئېلىپ بېرىش-بارالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، لابوراتورىيە تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، تارازا بىلەن پارلاندۇرۇش ئورنى ئايرىۋېتىلىشى؛ نۇسخا ئېلىشتىن بۇرۇنقى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇن بىلەن نۇسخىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئورنى ئايرىۋېتىلىشى؛ ئىشخانا بىلەن لابوراتورىيە ئورنى ئايرىۋېتىلىشى؛ سىناق قىلىش، ئانالىز قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن نۇسخىنى ساقلاش ئورنى ئايرىۋېتىلىشى، شۇ ئارقىلىق لابوراتورىيە ئىشلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش زىددىيىتى ھەل قىلىنىشى كېرەك.

خىمىيەۋى ئوغۇتنى لابوراتورىيە قىلىشتا ئادەتتە بىر چوڭ ئۆي، ئالتە كىچىك ئۆي ياكى ئىككى چوڭ ئۆي، 4 ~5 كىچىك ئۆي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شارائىتى ياخشى كارخانىلار بۇ ئۆلچەمنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## 133. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابوراتورىيە ئىشلىرى قايسى خىل ئاپپارات - ئۈسكۈنىلەردە تەكشۈرۈلىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيە ئىشلىرى، يېڭى سېتىۋالغان ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىنى ئاساس قىلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم تارماقلىرى ئاشۇ ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك دەپ بېكىتىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەتكەن ئاپارات - ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك بولغاندا، ئاندىن

ۋە مۇناسىپ ئۆلچەم بويىچە ئىشلەش تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئا-پارات - ئۈسكۈنىلەرنى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈرۈپ، باشتىن-ئاخىر نورمال ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنىڭ بىرىش ئىقتىدارىنى ساقلاش كېرەك. تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە تېگىشلىك ئاپارات - ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈشتە پىلان تۈزۈپ، ۋاقتىدا تەكشەپ تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېرەك.

بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت، كالتسىي سۇپېر فوسفات ئوغۇتىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلاردا لابوراتورىيە ئۈسكۈنە-ئەسۋابلىرىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈپ بېكىتىشتە ئۇنىڭ تۈر-خىلىغا، ئىقتىدارىغا قاراش كېرەك.

1. بىر خىل ئەينەكسىمان ئاپپارات بولۇپ، ئۇ مىقدار بوتۇلكىسى، ئۆزگەرتىش سۇيۇقلۇق نەيچىسى ۋە كىسلاتا ئىشقارىنى تېمىتىپ بېكىتىش نەيچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. توكتا قىزدۇرۇش-قۇرۇتۇش ئىشكاپى، مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈش غەلۋىرى، ھاۋاسىز بوشلۇقتا قۇرۇتۇش ئىشكاپى ۋە تۇراقلىق تېمپېراتۇرىدا تەۋرىتىش سۇ كۆلچىكى قازىنى، تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان يىگنە مىقدارلىق كۆيدۈرگۈچ ئەينەك قاتارلىقلارنى ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېرەك.

## 134. تەجرىبىخانىدا پاكىزلىقنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى قانداق بولىدۇ

تەجرىبىخانىنى ياخشى باشقۇرۇش تازىلىقنى ياخشى قىلىشتىن باشلىنىدۇ. «خىمىيەۋى ئۇسۇل ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە تەكشۈرگۈچى خادىم ئالدى بىلەن تەكشۈرۈشنى ئەمەس، پاكىز بولۇشنى» نى بىلىشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار. سۈپەتسىز تەجرىبىخانىدا تەجرىبە ئېلىپ بارسا، ئېنىقكى ئىشەنچلىك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بۇ ھەر خىل ئاپپاراتلارنىڭ ئاسانلا بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە خىمىيەۋى ئۇ-

سۇلدا تەكشۈرۈشنىڭ نىشانى مىكرو ئېلېمېنتلارنى ئانالىز قىلىش ساھەسىگە قەدەم قويدى. خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرۈش — لابوراتورىيە ئورنى پاكىزلىقىنىڭ تەجرىبە نەتىجىسىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى روشەن بولىدۇ.

1. چاڭ-توزاندىن ساقلىنىش. چاڭ-توزاننىڭ تەجرىبىخانىغا بولغان تەسىرى بەك ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن تەجرىبىخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىگە پەردە تارتىلىپ، چاڭ-توزاننىڭ تەسىرى ئازايتىلىدۇ. كۆرۈپ تەكشۈرگىلى بولمايدىغان توزۇندىلار يەنىلا دېرىزە پەردىلىرى ئارقىلىق تەجرىبىخانىغا كىرىدۇ. ھەتتا بەزى ئۇششاق- يىرىك توزانلارنى چەكلەشكە ئامال بولماي قالىدۇ. بەك ئۇششاق چاڭ-توزانلارنىڭ ئانالىز قىلىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدۇ.

2. كىر دېغىدىن ساقلىنىش. كىر دېغى چاڭ-توزانلاردىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ناچار ماددا. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شەكىللەنگەن غەيرىي نەرسىلەر ۋە مەشغۇلات قىلغۇچىلارنىڭ قولىدىن چىققان تەر قاتارلىقلار تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىغا چاپلىشىپ كىر دېغى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا چاڭ-توزان قوشۇلسا، مىكروبلارنى ئاۋۇتۇپ، تۈرلۈك تەجرىبە ئىشلىرىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل داغلارنىڭ بەزىلىرى چىرىتىشچان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، مەھسۇلاتلارنى ئانالىز قىلىش، سىناپ كۆرۈش نەتىجىلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەينەكلىك ئاپپاراتتا ئۇنىڭ تەسىرى كۆرۈلسە ئېرىش ئۆلچىمىگە تەسىر يېتىپلا قالماستىن، سانىنى خاتىرىلەشتە خاتالىق كۆرۈلىدۇ. ھەتتاكى ئاپپاراتنىڭ توك يولىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىنكاس ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەلۇم كىر داغلىرى ياكى كىر داغ مىكروبلىرى ئاپارات ئۇسكۇنىلەرنىڭ كۆپ خىل ئارتۇقچىلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، توك يوللىرى ۋە مۇناسىپ زاپچاسلىرى بۇزۇلۇشى، يۇرۇشتۇرغۇچى نەيچىنىڭ توسۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىمىيەۋى

ئۇسۇلدا تەكشۈرۈشكە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

3. «ئارتۇقچە پاكىز» لىقتىن ساقلىنىش. ئايرىم خىزمەتچىلەر پاكىز بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر خىل ماغزاپسىز ياكى «تۆۋەن ماغزاپ چىقىدىغان» سوپۇن سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىپ، لابوراتورىيە ئورنى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تازىلايدۇ. بىراق، بۇنداق سۇيۇقلۇق بىلەن تازىلىغاندا تالا توقۇلما ماددىلىرىغا قارىتا ئۇزۇل-كېسىل تازىلاش، سۈرتۈش ئېلىپ بارمايدۇ. نەتىجىدە قېپقالغان سوپۇن سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى قوشۇمچە تەركىبلەر خىمىيەۋى ئۇسۇلدا تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل سۇيۇقلۇق بىلەن تازىلاش ئېلىپ بارغاندا ياخشى، تولۇق تازىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

## 135. تارازا ئىشلىتىشنىڭ پرىنسىپلىرى قايسى

خىمىيەۋى ئوغۇتتىن نۇسخا ئېلىپ ئانالىز قىلىش جەريانىدا نۇسخا ئالغان خىمىيەۋى ئوغۇتنى ئۆلچەپ، سۈپەت دەرىجىسى بېكىتىلىدۇ. بۇ چاغدا تارازىنىڭ ئۆلچەش توغرىلىقى مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ توغرىلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈش خادىملىرى تارازا ئىشلىتىشنى تولۇق بىلىشى، ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە پرىنسىپلىرىنى ئىگىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. ئوخشاش بىر خىل تەجرىبىدە ئوخشاش تارازا ۋە تارازا تېشىنى ئىشلىتىش كېرەك.

2. نۇسخا ئالغان مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆلچەشنىڭ ئالدى-كەينىدە تارازىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش، تارازا پاكىز بولۇش، تارازا ئېچىگە دورىلار قويۇلغان بولسا، پاكىز تازىلاپ ئىشلىتىش، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن تازىلاپ ساقلاش، بۇزۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. تارازا كۆتۈرۈش كۈچى دائىرىسىدە مەھسۇلات نۇسخىسىنى ئۆلچەش، ئارتۇق بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۆلچەيدىغان مەھسۇلات نۇسخىسى قۇرۇق، پاكىز بولۇشى، ئۇنى قاچىلىغان ئۇسكۈنىلەرمۇ پاكىز، قۇرۇق بولۇشى كېرەك. پارلىنىشچان، چىرىشچان مەھسۇلات نۇسخىلىرىنى ئاغزى ھەم ئېتىلگەن نەرسىگە سېلىپ ئۆلچەش كېرەك.

4. زىيادە قىزىق، زىيادە سوغۇق نەرسىلەرنى تارازىغا قويماسلىق، ئېغىرلىقنى ئۆلچىمەسلىك كېرەك. ئۆلچەش زۆرۈر بولسا، شۇ خىل نەرسىلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تارازا تېمپېراتۇرىسى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك.

5. ئۆلچەيدىغان نەرسىلەرنى تارازا تاختىسىنىڭ مەركىزىگە قويۇش، ئۆلچەپ بولغان نەرسىلەرنى ئېلىشتىن ئاۋۋال تارازىنى توختىتىپ تۇرۇپ ئېلىش، تارازىنىڭ كۆرسەتكۈچ ئىستىرېلكىسىنى، توختىتىش كۇنۇپكىسىنى تەكشى قىلىپ قويۇش كېرەك.

6. ئۆلچەپ بولغان نۇسخا مەھسۇلاتنى تارازىدىن ۋاقتىدا ئېلىپ، نومۇر كۆرسەتكۈچنى 0 گە چۈشۈرۈش، كۇنۇپكىلىرىنى ئېتىپ، توك مەنبەسىدىن ئۈزۈۋېتىش، چاڭ-توزاننىڭ ئالدىنى ئېلىش قاپقىقىنى ئېتىش كېرەك.

7. تارازىنى باشقا جايغا يۆتكەشكە توغرا كەلسە، ئۆلچەش تاختىسى ۋە ئاجراپ تۇرىدىغان بۆلەكلىرىنى ئېلىۋېتىش كېرەك.

8. تارازىنى يۆتكەپ قۇراشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېنىقتىدارىنى ئۆلچەش كېرەك.

## 136. خىمىيەۋى رېئاگېنىت ئۆلچىمى قانچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇتنى لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا خادىملار ھامان رېئاگېنىت ۋە ئېرىتمىدىن ئايرىلالمايدۇ ۋە

خىمىيەۋى رېئاگېنتلاردىن ھەر خىل ئوخشىمىغان ئۆلچەمدىكى ئېرىتمىلەرنى تەييارلايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن لابوراتورىيە خادىملىرى ئالدى بىلەن خىمىيەلىك رېئاگېنتلارنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك. دائىم ئىشلىتىلىدىغان رېئاگېنتلار تۆۋەندىكى بىر نەچچە دەرىجىگە بۆلىنىدۇ:

1. ئۆلچەملىك رېئاگېنت. ئۇنىڭ ئۆلچەملىك مىقدارى ئادەتتە 99.95%~100.05% بولۇپ، مىقدار ئارقىلىق مەھسۇلات نۇسخىسى ئانالىز قىلىشتا ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنىدۇ. ئۇ نۇسخا مىقدارى ئېنىق بولغاندىن كېيىن تەييارلايدىغان ئېرىتمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. ئەلا دەرىجىلىك ساپ مەھسۇلات: يەنى ئۇ بىرىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئادەتتە كاپالەت رېئاگېنت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئېرىتمە ئارىلاشما تەركىبى تۆۋەن، ئاساسلىقى پەن تەتقىقاتى تۈرى ۋە ئورۇن بەلگىلەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

3. تەھلىل قىلىش دەرىجىسى ساپ: يەنى ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئاساسلىقى ئادەتتىكى پەن تەتقىقات ۋە مۇھىم ئورۇن، نۇسخا بەلگىلەش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

4. خىمىيەلىك ساپ مەھسۇلات: يەنى ئۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئاساسلىقى زاۋۇت، ئوقۇ-ئوقۇتۇش تەجرىبىخانىسى ھەمدە ئادەتتىكى مەھسۇلات نۇسخىلىرىنى ئانالىز قىلىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

5. تەجرىبە قىلىش تىپىدىكى رېئاگېنت: يەنى ئۇ تۆتىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ، ئاساسلىقى مەھسۇلات نۇسخىلىرىنى تەجرىبە قىلىش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

دۆلەت خىمىيەۋى رېئاگېنت ئۆلچىمى ۋە بەلگىسىنى ئېنىق بېكىتتى.

ئۇ 1.6 ـ جەدۋەلدە بېرىلدى.

**1.6 ـ جەدۋەل**

| دەرىجىسى | ساپلىقى بويىچە تۈرگە ئايرىلىشى | ۋاكالەت نومۇرى | ماركىسىنىڭ رەڭگى |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى | ئەلا دەرىجىلىك ساپ | GR | يېشىل |
| ئىككىنچى | ئانالىزلىق ساپ | AR | قىزىل |
| ئۈچىنچى | خىمىيەلىك ساپ | CP | كۆك |
| تۆتىنچى | تەجرىبە رېئاكتىپى | LR | قوڭۇر |

# 137. تەييارلانغان رېئاگېنىت ئېرىتمىسىنىڭ سۈپىتى نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ

لابوراتورىيەدە تەييارلانغان رېئاگېنىت سۇيۇقلۇقى ئېرىتمە سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى نۇرغۇن سەۋەبلەرگە باغلىق. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەب بار:

1. ئەينەك قۇتا بىلەن سۇنىڭ رېئاگېنىتقا بولغان رولى بىردە كۆپ، بىردە ئاز بولۇپ قالىدۇ-دە، ئېرىتمىنىڭ تەركىبىدىكى ناترىي، كالتسىي ۋە سىلىكاتلارنىڭ ئارىلاشمىسى مەلۇم ئىيون تەرىپىدىن سۈمۈرۈلگەن سۇيۇقلۇق بىلەن ئۈچرىشىپ، چىرىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى ئىيوننىڭ ئۆلچەم سۇيۇقلۇقىغا يەتكۈزىدىغان تەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. mg \mil (مىللىلىتىر\مىللىگرام) دىن تۆۋەن بولغان ئىيون ئېرىتمىسىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلىغىلى بولمايدۇ.

2. تەييارلانغان ئېرىتمىنى قاچىلىغاندا بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزى ھەم ئېتىلمىسە، ھاۋادىكى كاربون (Ⅳ) ئوكسىد، ئوكسىگېن، ئاممىياك ھەم كىسلاتا تۇمانلىرى كىرىپ، ئېرىتمىنىڭ سۈپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قى-

لىدۇ. مەسىلەن، ئاممىياك سۈيى ($NH_3$) كاربون (Ⅳ) ئوكسىد سۈمۈ- رۈپ، ئامميياك بىلەن كاربونات كىسلاتاسىنى ھاسىل قىلىدۇ. KI ئېرىتمە نۇرنى كۆرسە، ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىپ، ئاسان $I_2$نى ھاسىل قىلىپ، سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. (قەلەي خىلورىد) $SnCl_{12}$، (تۆمۈر سۇلفات) $FeSO_4$، (ناترىي سولفىت) $Na_2SO_3$ قاتارلىقلار ئاسان ئوك- سىدلىنىدۇ.

3. بەزى ئېرىتمىلەر يورۇقلۇقنى كۆرسە پارچىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاممونىي نىترات، سىمابلىق تۇز قاتارلىقلار. بەزى ئېرىتمىلەرنىڭ قويۇ- لۇش ۋاقتى نىسبەتەن ئۇزاق بولىدۇ ۋە ھىدرولىزلىنىدۇ. مەسىلەن، بىسمۇت تۇز، سۈرمە تۇز قاتارلىقلار. ناترىي سولفىت ($Na_2SO_3$)، يەنە مىكروبلارنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي سۈيۇقلىنىپ ئۆزگىرىپ ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ.

4. مەلۇم مىقداردا تەييارلىغان تېمىتىش ئىندىكاتور ئېرىتمىسىنىڭ قويۇلۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا يىغىلىپ قېلىپ، ئوكسىدلاش رېئاكسىيەسى يۈز بېرىپ، كۆرسەتمە نۇقتىسىنى ئېنىق بەلگىلىمەيدۇ. مەسىلەن، مىزوم قارىسى (T) فېنول ئاپپلىسن قاتارلىقلار.

5. ئېرىتمىنىڭ پارلىنىش گورۇپپىسىدىن ئاجرىلىپ چىققان ئېرىتمى- نىڭ قويۇقلۇقنى تۆۋەنلىتىپ، تەجرىبىدە غەيرىي نورماللىقنى پەيدا قىلىدۇ.

## 138. ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنى تەييارلاشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ توغرىلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەھسۇلاتنىڭ ساپلىقى ۋە مەھ-

سۇلات سۇپىتىنى تەكشۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنى تەييارلاشتا ئانالىز قىلىش، توغرا تەييارلاش مۇھىم خىزمەت. بۇنى تەييارلاشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. رېئاگېنىت ئېرىتمە ساپلىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئانالىز قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىشلەتكەن سۇنىڭ ساپلىقى ئۈچىنچى دەرىجىلىك سۇ سۈپەت تەلىپىگە يېتىشى كېرەك.

2. ئانالىز قىلىشتا ئىشلىتىدىغان تارازا، تېمىتىش ئىشپىرىسى، مىقدار بوتۇلكىسى ۋە ئۆتكۈزگۈچ نەيچىلەرنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە تەييار قىلىش كېرەك.

3. ئۆلچەم سۇيۇقلۇقىنىڭ قويۇقلۇقىنى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 20 سېلسىيە گرادۇس بولغان ئەھۋال ئاستىدا تەييارلاش، ئىشلەتكەن ۋاقىتتا قويۇقلۇقتا پەرق كېلىپ چىقسا، تەڭشەپ ئىشلىتىش كېرەك.

4. ئۆلچەملىك سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈنۈملۈك مۇددىتى ئىككى ئاي بولىدۇ.

5. ئۆلچەم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمىنى تەييارلىغاندا GB\T601-2002 لىق بېكىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە تەييارلاپ، تۆت پاراللېل، ئىككى سېلىشتۇرۇش قائىدىسىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. يەنى «بىر ئادەم تۆت پاراللېل قىياپەتنى، ئىككى ئادەم سەككىز قىياپەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ تۆت پاراللېل بەلگىلەش نەتىجىسىنىڭ پەرقىگە ئاساسەن، زىتلىق پەرقىنى تېپىپ، ئەڭ يۇقىرى پەرقى بىلەن قويۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىچە پەرقى ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق پەرقى (ئېرىتمە يۇقىرى پەرقى بىلەن قويۇقلۇقنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىنى سېلىشتۇرۇش) نى ئايرىش كېرەك. ئىككى ئادەم جەمئىي سەككىز پاراللېل

تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان يۇقىرى دەرىجىدىكى زىتلىق پەرقىنى قايتا ئايرىپ بېكىتىپ، ساپلىقى ۋە توغرىلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. زىتلىق پەرقى 0.81% تىن چوڭ بولماسلىقى كېرەك. ئىككى ئادەمنىڭ سەككىز قېتىم پاراللېل تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن ئوتتۇرىچە سانىنى چىقىرىپ، ئۇنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى قىلىش كېرەك.

## 139. ئۆلچەملىك رېئاگېنىت دېگەن نېمە، ئۇ قايسى شارائىتلارنى هازىرلىشى كېرەك

ئۆلچەملىك رېئاگېنىت بىر تۈرلۈك ماددا بولۇپ، ئۇ ئانالىز قىلىنىدىغان ئۆلچەملىك ئېرىتمىنىڭ تەركىبىدە بولىدۇ. تېمىتىپ ئانالىز قىلىش جەريانىدا چوقۇم مانا مۇشۇ ئۆلچەملىك ماددا ئىشلىتىلىشى كېرەك. ئېرىتمىدە ئۇنىڭ مىقدارى توغرا تەتبىقلانسا بىۋاسىتە ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، تېمىتىپ ئانالىز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتمە تەييارلاشقا بولىدۇ. ئۆلچەملىك رېئاگېنىت ئاساسىي تەركىب مىقدارى ئادەتتە 99.95~100.05%، ئارىلاشمىنىڭ دەرىجىسى ئەلا دەرىجىلىك ساپ ماددىدىن تۆۋەن ياكى ئەلا دەرىجىلىك ساپ ماددا بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ئۆلچەملىك رېئاگېنىت هازىرلاشقا تېگىشلىك شارائىتلار تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ: بىرىنچى، ساپلىقى يۇقىرى، ئارىلاشما ماددىنىڭ مىقدارى 10 مىڭدىن بىردىن تۆۋەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، هاسىل قىلىنىشى بىلەن خىمىيەۋىلىكى ئوخشاش بولىدۇ. تەركىبىدە كرىستال سۇ بولغان تەقدىردىمۇ خىمىيەۋى ئۇسۇل بىلەن تەييارلانغان ئېرىتمىگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئۇ خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، قۇرغاق بولغاندا ئاسان پارچىلانمايدۇ. ئۆلچەمگە يەتكەنلىرى نەملىكنى سۈ-

مۇرمەيدۇ. ئۇزاق مۇددەت ساقلىسمۇ سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ. تۆتىنچى، تولۇق ئۆلچەمگە يەتسە ئاسان ئېرىيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئېرىش دەرىجىسى ياخشى بولسا، ئۆلچەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## 140. لابوراتورىيەلىك ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ بەلگىسى نەچچىگە بۆلۈنىدۇ

لابوراتورىيە ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەش ئاپپارات-ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بەلگىسى مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، لاياقەتلىك بەلگىسى. يەنى يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. ئۇ لاياقەتلىك بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىشلىتىش بەلگىسى. يەنى سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارى بولۇپ، مەلۇم ئىقتىدارى كۈچىنى يوقاتسا، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئىشلىتىلىدىغان ئىقتىدارى يوقالمايدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىشلىتىشنى توختىتىش بەلگىسى. يەنى قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. بۇ ئۈسكۈنىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، ئاپپارات - ئۈسكۈنىلەرنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز بولغانلىقىنى، ئاپپارات - ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 141. ئۈنۈملۈك سان دېگەن نېمە، ئۇ قانداق بېكىتىلىدۇ

بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سانلىق ئاساس، ئەمەلىي ئۆلچەپ ئالدىن ئېرىشكەن سانىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىق سان ئۆلچەپ ئېرىشكەن نەتىجىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاپپاراتنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۆلچەپ ئېرىشكەن سانلىق نەتىجە ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر خانە سان گۇمانلىق دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئانالىز قىلىش تارازىسىدىن ئۆلچەپ ئېرىشكەن نۇسخىدىن 0.5000 گىرام ئالسا، ئۇ نۇسخا قىممىتىنىڭ 0.5000 گىرام ئىكەنلىكى-

نى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە ئۆلچەش خاتالىقىنىڭ 0.0002 ± گىرام ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر قىممىتى 0.05 گىرام قىلىپ خاتىرىلەنسە، بۇ نۇسخىنىڭ تارازىدا ئۆلچەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۆلچەشتىكى خاتالىق 0.02 ± گىرام بولىدۇ. شۇڭا، سانلىق مەلۇماتنىڭ مىقدارىنى خاتىرىلىگەندە ئۆز خاھىشى بويىچە ئاشۇرۇۋېتىشكە ياكى كېمەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى مىسالدا ئانالىز قىلىش تارازىسىدىن ئالغان مىقدار بوتۇلكىسىنى ئۆلچەپ ئېرىشكەن قىممەت 10.4320 گىرام بولغان، بۇ ئالتە خانىلىق ئاساسىيساننى بىلدۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر خانە سان گۇمانلىق، بۇنىڭ سەۋەبى ئانالىز قىلىش تارازىسى پەقەت 0.002 گىرامغىچە توغرا ئۆلچىيەلەيدۇ. يەنى تارازىغا سالىدىغان مىقدارنىڭ ئەمەلىي قىممىتى0.002 ±10.4320 گىرام بولىدىغانلىقىدا. ئۆلچەيدىغان ئاپپارات ـ ئۈسكۈنىلەر ھەر قانچە ئىنچىكە بولسىمۇ، ئوتتۇرىغا چىققان ئاساسىي سان ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر خانە توغرا چىقمايدۇ. ئالدىنقى خانىسى توغرا چىقىدۇ. بۇ مىساللاردىن مۇنۇلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: ئاساسىي سان ئاپپارات ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يەنى ئاساسىي سان ئۆلچىگەندە مىقدارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## 142. ئاساسىي ساننى توغرا قىلىشنىڭ پىرىنسىپلىرى قايسىلار

ئاساسىي ساننى پەقەت ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر خانا پارچە ساننى چىقىرىپ تاشلاپ، قالغان سانلارنى مۇقىملاشتۇرۇش پىرىنسىپلىرى بويىچە بېكىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇقىملاشتۇرۇش پىرىنسىپلىرى مۇنداق

بولىدۇ: 5 كە توشمىسا قالدۇرۇش، 5 كە توشسا پۈتۈنلەشتىن ئىبا-رەت. ئاندىن سانىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارىلىدۇ. تاق سان بولسا بىر-لەشتۈرۈلىدۇ. جۈپ سان بولسا بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن، مۇنداق: 7.0441→7.04.

## 143. سىستېما خاتالىقى دېگەن نېمە، تاسادىپىي خاتالىق دېگەنچۇ

سىستېما خاتالىقى ئادەتتە ئۆلچەشتىكى خاتالىقنى كۆرسىتىدۇ. ئانالىز قىلىش باسقۇچىدا مەشغۇلات قىلىپ باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا دائىم مەلۇم سەۋەبلىك كېلىپ چىقىپ، خاتالىق سادىر بولىدۇ. بۇ خىل خاتالىقنىڭ ئانالىز قىلىش نەتىجىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى بىر قەدەر مۇقىم بولىدۇ. بۇ خىل خاتالىقنىڭ چوڭ-كىچىك-لىكى پەرەز قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ ھەمدە ئامال بار ئۇنىڭ دەرى-جىسى كىچىكلىتىلىدۇ ياكى تەڭشەپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

تاسادىپىي خاتالىق بولسا، ئۆلچەشتىكى خاتالىق بولماستىن بەلگى-لەش جەريانىدا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كېلىپ چىققان خاتالىقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۆلچىگەن چاغدا مۇھىت ۋە تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرى، زىيادە نەملىك، ئەڭ كىچىك دائىرى-دىكى داۋالغۇش، ئاپپارات ئىقتىدارىدىكى ئەڭ كىچىك ئۆزگىرىش قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىنى توغرا چىقىرىشقا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تاسادىپىي خاتالىق تەتبىقلاش جەريانىدىكى بىر قاتار كىچىك ئامىللارغا سەل قاراش ۋە ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىغا، يۆنىلىشىگە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، مۇمكىن-چىلىكى بولمىغان ۋە تەڭشىگىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تاسادى-پىي خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

## 144. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، خام ئەشيا ۋە ماتېرىياللىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى؛ يەنە بىرى، تەييار بولغان مەھسۇلاتنى زاۋۇتتىن چىقىرىش ئالدىدىكى سۈپەتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى دوكلات. تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قېلىپى، مەزمۇنى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مەزمۇنلىرىنىڭ ئىخچام بولۇش - بولماسلىقىدىن، شۇ كارخانىنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش خىزمەتلىرىدە قائىدە بويىچە ئىش قىلغان - قىلمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى توغرىسىدا قانداق، قانچىلىك ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا، سۈپەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ يېزىلىش سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر تۆۋەندىكىدەك:

1. تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ قېلىپى. بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تەكشۈرگەندە، نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى تولىمۇ ئۆلچەمسىز بولىدۇ. دوكلاتنىڭ تەلەپتىكى قېلىپى، مەزمۇنى بىردەك ئەمەس. بەزى كارخانىلار ئۈسكۈنىلەرگە نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ سالسىمۇ، لېكىن دوكلاتنىڭ قېلىپى ۋە ئىشلىتىلگەن قەغەز قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن مەسىلە مەۋجۇت. قەغەز خىلمۇخىل بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كارخانىلار سۈپەت تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تەييارلاشتا چوقۇم بىر تۇتاش ۋە بىردەك قىلىش، تەلەپكە يەتكۈزۈش كېرەك.

2. دوكلاتتىكى ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا ① خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ نامى؛ ② مەھسۇلات ئۆلچىمى؛ ③ مەھسۇلات تەستىق نومۇرى؛ ④ مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئالغان ۋە تەكشۈرگەن ۋاقتى؛ ⑤ دوكلات نومۇرى؛ ⑥ مەھسۇلات ۋە مەھسۇلات يەككە تۈرىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى؛ ⑦ نۇسخىنىڭ ئاساسىي سانى؛ ⑧ دوكلاتنى تۈزگۈچى، تەكشۈرگۈچى ۋە تەستىقلىغۇچىنىڭ ئىمزاسى؛ ⑨ تەكشۈرگەن ۋاقىتتىكى مۇھىت ئەھۋالى قاتارلىقلار يېزىلىشى كېرەك.

3. تەكشۈرۈش ئىسپاتىنىڭ توغرىلىقى. دوكلاتتا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، بىكار قىلىنغان ئۆلچەمنى ئەمەس، بەلكى مەھسۇلاتنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆلچىمىنى ئىپادىلەش كېرەك.

## 145. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرگەندىكى ئەسلىي خاتىرىسىگە قارىتا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ

كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشىدىكى سۈپەتنى ئۆلچىگەنلىك ئەسلىي خاتىرىسى بولسا، تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەر تۈركۈم ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلەتكەن ماتېرىيال ۋە زاۋۇتتىن چىقارغان مەھسۇلاتنىڭ لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى خاتىرىلەش كېرەك. ئەسلىي خاتىرە مەزمۇنىنىڭ تولۇق بولغان-بولمىغانلىقى، سانلىق مەلۇماتنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقى، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، كارخانىلار لابوراتورىيەلىك خاتىرىسىنى بېكىتىلگەن قېلىپ ۋە تەلەپ بويىچە ئۆلچەملىك يېزىشى كېرەك.

1. ئەسلىي خاتىرىدىكى ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنى تولۇق بولۇشى كېرەك.

بۇنىڭدا، ① تەكشۈرگەن تۈر نامى؛ ② تەكشۈرۈش ئۇسۇلى؛ ③ تەكشۈرگەن نۇسخىنىڭ تەستىق نومۇرى؛ ④ نۇسخا ئالغان ۋە تەكشۈرگەن ۋاقىت؛ ⑤ نۇسخا نومۇرى؛ ⑥ تەكشۈرگەن سانلىق ئاساسلار خاتىرىسى؛ ⑦ ھېسابلاش قائىدىسى (فورمۇلاسى)؛ ⑧ ئانالىز قىلغان، تەكشۈرگەن ئادەمنىڭ ئىمزاسى بولۇشى كېرەك.

2. ئەسلىدىكى خاتىرە ئۆلچەملىك بولۇشى، بىرلىككە كەلگەن كارىبونلۇق قارا سىياھ بىلەن يېزىلىشى كېرەك. خەتنى ئېنىق، روشەن، ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرا يېزىشى، مەزمۇنى راست بولۇشى، خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەك. تۈزىتىشكە توغرا كەلسە، لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشتە قوللىنىلغان سان تۈزىتىش بەلگىلىمىسى بويىچە تۈزىتىلىشى ھەمدە تۈزىتىلگەن سان ئۈستىگە تامغا بېسىشى كېرەك.

## 146. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيە بۆلۈملىرى قانداق ئەھۋال ئاستىدا خىلور ئىيونىنى تەكشۈرىدۇ

2001 ـ BG 15063 (بىرىكمە خىمىيەۋى) ئوغۇتنىڭ دۆلەت ئۆلچىمىدە مۇنداق بەلگىلەندى: «بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىدا خىلور ئىيونىنىڭ مىقدارى فورما تەكشۈرۈش تۈرى قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى تۆۋەندىكى ئەھۋالدا خىلور ئىيونىنىڭ مىقدارىنى تەكشۈرۈشى كېرەك.

1. خىمىيەۋى ئوغۇتنى رەسمىي ئىشلەپچىقارغان ۋاقىتتا خام ئەشيا ۋە ماتېرىيال ئىشلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرسە.

2. رەسمىي ئىشلەپچىقىرىلغان خىمىيەۋى ئوغۇت بەلگىلىك مىقدارغا يەتكەندە

3. دۆلەتلىك سۈپەت نازارەتچىلىكى تارمىقى فورما تەكشۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويسا.»

## 147. ئورگانىك-ئانئورگانىك ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت تەركىبىدىكى قايسى كۆرسەتكۈچ فورما تەجرىبىسى قىلىنىدۇ، كارخانىلار تەكشۈرۈشكە بولمايدىغان تۈرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ

BG 18877-2002 ئورگانىك-ئانئورگانىك بىرىكمە ئوغۇت دۆلەت ئۆلچىمىدە مۇنداق بەلگىلەندى: «ئورگانىك-ئانئورگانىك بىرىكمە ئوغۇتنىڭ تەكشۈرۈش تۈرلىرىدە سازاڭ شەكىللىك مەددە تۇخۇمنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، چوڭ ئۈچەي زەمبۇرۇغ مىقدارى، فىلور ئىيونىنىڭ مىقدارى، ئاپپىلسىن ۋە بىرىكمە، كادمىي ۋە بىرىكمە، قوغۇشۇن ۋە بىرىكمە، خىروم ۋە بىرىكمە، سىماب ۋە بىرىكمە قاتارلىقلار فورما تەكشۈرۈش تۈرى قىلىندى.»

خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۆلچەمدە بېكىتىلگەن فورما تۈرنى كارخانىلار ئۆزلىرى تەكشۈرەلمەيدۇ. ئۆزى تەكشۈرەلمەيدىغان تۈرنى كارخانىلار بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي پرىنسىپلار ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، قانۇنلۇق تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئىگە ئاپپاراتقا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ ھەمدە رەسمىي يوسۇندا تەكشۈرۈش ھاۋالىنامىسى ئىمزالايدۇ، توختامنىڭ مەزمۇنى تەلەپتىكى مەزمۇن بىلەن ماس كەلگەن بولۇشى كېرەك. كارخانا تەكشۈرۈش تۈرنى خالىغان ئورۇنغا ھاۋالە قىلىپ تەكشۈرتمەسلىكى كېرەك.

## 148. ئورىيا ئوغۇتىدىكى بىئۇرېت (缩二尿) نىڭ مىقدارىنى بەلگىلەشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

BG 2440-2001 ئورىيانىڭ دۆلەت ئۆلچىمىدە مۇنداق بەلگىلەندى:

«يېزا ئېگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان ئورىيانىڭ بىرىنچى سورتى تەركىبىدىكى بىئۇرېت (缩二尿) نىڭ كۆرسەتكۈچى ئايرىم-ئايرىم %1.0، %0.9 بولىدۇ. ئىككى خىل ئوخشىمىغان دەرىجىلىك مەھسۇلاتتا بىئۇرېتنىڭ مىقدارى پەقەت %0.1 پەرقلىنىدۇ.» بۇ لابوراتورىيە خادىملىرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئانالىز قىلىش تېخنىكىسىغا ئىگە بولۇشنى، مەھسۇلاتتىكى بىئۇرېتنىڭ مىقدارىغا توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەكشۈرۈشتىكى خاتالىق %0.1 تىن يۇقىرى بولسا، مەھسۇلات سۈپىتىنى بېكىتىشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، لابوراتورىيە خادىملىرى خىزمەت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئانالىز قىلىشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپپاراتنىڭ مۇقىملىقى. خىزمەتلەردە بەزى لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى نورمال خىزمەت قىلالمايدىغان ئەھۋالدا ئۆلچەنگەن بىئۇرېت نىڭ نەتىجىسى مۇقىم بولمىسا، خاتالىق زور بولۇپ، تالاش-تارتىش پەيدا قىلسا، شۇ خىل ئۈسكۈنىلەرنى ئورىيانىڭ بىئۇرېت تەركىبىنى بەلگىلەشكە ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.

2. ئۆلچەم ئەگرى سىزىقىنى سىزىش. ئورىيانىڭ بىئۇرېت مىقدارىنى تەكشۈرۈشتە دۆلەت ئۆلچىمىدە نۇرغا ئايرىپ يورۇقلۇق كۈچىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئالدى بىلەن ئەگرى سىزىق سىزىش كېرەك. ئۆلچەملىك ئەگرى سىزىقتا باغلىنىشلىق كوئېففىتسېنتىنى تۆتكە، توققۇزغا يەتكۈزگەندە ئاندىن بىئۇرېتنىڭ مىقدارىنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ. بولمىسا ئۆلچەملىك ئەگرى سىزىقنى قايتا سىزىش كېرەك.

3. بىئۇرېتنىڭ ساپلىنىشى. بەزى لابوراتورىيە ئورۇنلىرى بىئۇرېت ئۆلچەم ماددا لازىملىق ساپلىنىشنى ئېنىق بىلمەيدۇ. دائىم سېتىۋالغان بىئۇرېت ئۆلچەم ماددىسىغا بىۋاستە ئېرىتمە تەڭشەپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى دائىم توغرا بولمايدۇ. سېتىۋالغۇچى ساتقۇچىدىن ساپلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى ئىگىلىشى كېرەك. بىر تەرەپ قىلىنمىغان مەھسۇلاتنى لابوراتورىيەلىك ساپلاشتۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلسا، ئاندىن تەجرىبىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

# 149. دىستىلەنگەن سۇدا تېمىتىش ئۇسۇلى بىلەن بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئومۇمىي ئازوت مىقدارىنى ئېنىقلاشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

1. ئازوت مىقدارىنى ئېنىقلاش ئەسۋابىنىڭ ئورنىتىلىشى. ئەينەكلىك ئۈسكۈنىلەر ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، دىستىلەنگەن سۇ قۇرۇلمىسىنى تۇتاشتۇرۇش ۋە قۇراشتۇرۇشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. سىلىقلاش ئېغىزىنى تۇتاشتۇرغاندا ئۇنىڭغا سىلىتسىي مېيىنى سۈركەپ ھىم ئېتىپ قويۇش، ھەر قايسى ئېغىزلارنىڭ بىر-بىرىنى مەھكەم قاماپ تۇرۇشىنىڭ مۇقىم بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، گاز ياكى سۇيۇقلۇق قاچمغۇدەك بولغاندا ئېغىزىنى رېزىنكە بىلەن ئوراش كېرەك.

2. ھىم ئېتىلگەنلىكىنى تەكشۈرۈش. دىستىلەنگەن سۇ قۇرۇلمىلىرى ھىم ئېتىۋېتىلگەن ئەھۋالدا ناترىي ھېدروكسىد ئېرىتمىسى قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا دىستىلەنگەن سۇ بوتۇلكىسىدا ئىسسىقلىق چىقىرىش رېئاكسىيىسى يۈز بېرىدۇ. قوش تۇتاشتۇرۇش شارچىسى بولسا بوتۇلكا ئىچىدىكى ئېرىتمە يۈزىدە بېسىم پەيدا قىلىپ، ئېرىتمىدە بۇژغۇن پەيدا قىلىدۇ. ئېرىتمە ئۆرلىگەندىن كېيىن، ئىششقارلىق ئېرىتمە قوشۇۋالمىغان ئەسلىدىكى مىقدارىغا قاراپ تۆۋەنلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال روشەن كۆرۈلسە، ئېغىزىنى ھىم ئېتىۋېتىشتە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بىزدىن ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

3. قوش تۇتاشتۇرۇش شارچىسىنى سۇيۇقلۇق يۈزىدە تەكشۈرۈش. ئۇنى دىستىلەش جەريانىدا ئۈسكۈنىدىكى قوش تۇتاشتۇرۇش شارچىسى سۇيۇقلۇق ئىچىدىن سۈمۈرۈش بوتۇلكىسىدىكى سۇيۇقلۇق يۈزىگە ئۆرلەپ چىقىشى كېرەك. قوش تۇتاشتۇرۇش شارچىسى سۇيۇقلۇق يۈز-

دىن ئۆرلەپ ئىككىنچى شارچىنىڭ 3 / 2 ئېگىزلىكىگە يەتكەندە، دىسىتىلەش ۋاقتى كەلگەن بولىدۇ-دە، دىستىلەش توختايدۇ. مۇبادا ئۇرغۇش ۋاقتى يېتىشمىسە، قوش تۇتاشتۇرۇش شارچىسى يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئېگىزلىككە ئۆرلەيدۇ. بۇ چاغدا توك ئوچىقىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ ئۇرغۇش ھالىتىدە داۋاملىق دىستىلەشنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. سۇمۇرۇش بوتۇلكىسىنىڭ يۇزىدە سۇ تامچىلاش ياكى بوتۇلكا ئىچىدە تۇمان پەيدا بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلسە، كوندېنساتسىيەلەشنىڭ يېتىشمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا كوندېنساتسىيەلەپ سوغۇق سۇدا چىقىرىش مىقدارىنى زورايتىپ، كوندېنساتسىيەلەش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## 150. خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلىشتا قايسى تەلەپلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك

كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات تۈرلىرىدە ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرەلمەيدىغان تۈر بولسا، بىرىكمە ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تەكشۈرۈش چارىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سالاھىيىتى بار تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا تەكشۈرۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن، ئورگانىك-ئانئورگانىك بىرىكمە ئوغۇتلارنىڭ تەركىبىدىكى كۆپ خىل مېتال ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى تەكشۈرۈشتە، چوڭ تىپلىق ئاپپارات-ئۈسكۈنە بىلەن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈش شارائىتىنى ھازىرلىمىغان كارخانىلار مەھسۇلاتنى سالاھىيەت ئىقتىدارى ئۆلچەمگە يېتىدىغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا تەكشۈرۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. كارخانىلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئى-

چىدىكى قايسى تۇرلەر ئۆزى تەكشۇرەلەيدىغان تۇر، قايسى تۇرلەر ھاۋا-لە قىلىپ تەكشۇرتسە بولىدىغان تۇر ئىكەنلىكىنى ئايرىش كېرەك. ئـاي-رىم كارخانىلار بۇنى ئېنىق بىلمەي، كۆپ چىقىم تارتىسمۇ ئۇنۇمى كۆ-رۈلمەيدۇ. شۇڭا، تەكشۇرتۇشنى ھاۋالە قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان كارخانىلار تۆۋەنـدىكى ئۈچ تـەلەپنى ئـادا قىلىـشى كېرەك: بـىرىنچـى، ھاۋالە قىلىدىغان ئورۇننىڭ تەلىپى. كارخانىنىڭ لابوراتورىيە ئۆلچەملىـ-رى ئىچىدە ئۆزى تەكشۇرەلمەيدىغان تۇرلەرنى سالاھىيىتى ۋە ئىقتىدارى بار باشقا تەكشۇرۇش تارماقلىرىغا ھاۋالـە قىلىـدۇ. شۇنىڭ بـىلەن بىـر ۋاقىتتا ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان تەرەپنىڭ سالاھىيەت ئىقتىدارىنى بېكىـ-تىش، سالاھىيەت كىنىشكىسىنى تەكشۇرۇش ۋە تەكشۇرۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، تەكشۇرتۇش مەزمۇنى تەلىپـى: كارخانا ھاۋالـە قىلغـان تەكشۇرتـۇش تۇرى، تەكشـۇرتۇش مۇددىتـى، دوكلات سانى، تەكشۇرۇش ئۆلچىمى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى كېلىشىمگە ئېنىق يېزىشى كېرەك. ئالاھىدە تەرەپلەرنى ھاۋالە كېلىشىمنامىسىدە ئې-نىق يېزىپ، ئىككى تەرەپ ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىشى كېرەك. ئۈچىـنـ-چى، ماتېرىيال ساقلاشتىكى تەلىپى. كارخانا ھاۋالە قىلغان تۇرنىڭ كې-لىشىمى، ھاۋالە قىلىنغان تەرەپنىڭ سالاھىيەت ئىقتىدارىنىڭ بېكـىـ-تىلىشى قاتارلىق ماتېرىياللارنى ياخشى ساقلاش، يوقىتىۋەتمەسلىك كېرەك.

## 151. مەھسۇلات فورمال تەجرىبىسى دېگەن نېمە

فورمال تەجرىبىسى ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان مـەھسۇلاتقا قارىتا، مەھسۇلات قۇرۇلما ئىقتىدارىنىڭ ئۆلچەملىك بولغان-بولمىغانلىـ-قىنى ئېنىقلاپ ھۆكۈم قىلىدىغان باھالاش تەجرىبىسىنى كـۆرسىتىـدۇ. لايىھە بويىچە شەكلى مۇقىملىشىپ بولغان خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسـۇلا-

تىغا قارىتا، فورمات تەجرىبىسى ئادەتتە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەھسۇلات لايىھەسى، قۇرۇلمىسى، ماتېرىيال ۋە ھۈنەر-سەنئىتىدىكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلار مەھسۇلات ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا مۇناسىۋەتلىك تۈرلەرگە قارىتا قايتا تەجرىبە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بىراق فورمال تەجرىبىسىدە بارلىق تۈرلەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەنلىكتىن، قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بەزىدە ئايرىم تۈرلەر ئۈستىدە قەرەللىك تەجرىبە ئېلىپ بېرىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. قەرەللىك تەجرىبە — مۇقىم كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىنكى مەھسۇلاتقا قارىتا بەلگىلىك مۆھلەتتە مەھسۇلات تۈرى سۈپىتىنىڭ تەلىپىگە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان تەجرىبىنى كۆرسىتىدۇ. قەرەللىك تەجرىبىنىڭ تۈرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، فورمال تەجرىبە تۈرلىرى ئىچىدىن تاللاپ تەكشۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ. مەسىلەن، 2002 - BG 18877 ئورگانىك-ئانئورگانىك بىرىكمە ئوغۇت تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئىچىدىن سازاڭ، مەددە تۇخۇمىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، چوڭ ئۈچەي زەمبۇرۇغ سانى، خىلور ئىيونىنىڭ مىقدارى، ئارسېن ۋە بىرىكمە قوغۇشۇن، بىرىكمە خىروم، بىرىكمە سىماب ۋە بىرىكمە قاتارلىقلار بولسا فورمال تەجرىبىسى تۈرلىرى قىلىپ بېكىتىلىدۇ.

# يەتتىنچى، ئوغۇتنىڭ سۇپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى بىلنۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

## 152. ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش دېگەن نېمە، تەكشۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىش دېگەن نېمە

ئۆلچەمگە گۇۋاھلىق بېرىش دېگىنىمىز — دۆلەتنىمىز تۈزگەن ئومۇميىلىق چىقىش قىلىنغان قانۇن-بەلگىلىمىلەردىن بېكىتىلگەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەجرىبىخانىلار مەجبۇرىي باھالاپ چىقىرىدىغان نەتىجە، سان-سىپىرلارنى چىقىرىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە مەسۇلات سۇپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈپ-ئۆلچەپ نەتىجە چىقىرىدۇ. مانا بۇ نەتىجە توغرا، ھەقىقىي بولۇشى كېرەك. ئۇ چوقۇم مىزانغا يەتكۈزۈش، قانۇنىي سالاھىيەتكە ئېرىشىپ، دۆلەت ئۆلچىمگە تەتبىقلىغاندىمۇ بىردەك، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. تەكشۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىش بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ سۈپەت باشقۇرۇش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە تەسىس قىلغان ياكى مەھسۇلات سۇپىتىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىغا ھوقۇق بېرىپ، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ خىزمەت دائىرىسىنى بېكىتىپ، تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ھازىرلىتىپ، شۇ ئارقىلىق مەجبۇرىي باشقۇرۇش-تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى بەرگەن ۋاستىلىك خىزمەت نەتىجىسىنى بەرپا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

جەمئىيەتنى توغرا سان-سىپىر بىلەن تەمىنلەيدىغان، مەھسۇلات سۇپىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل ئاپپارات بولسۇن، تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

ئۆلچەم مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەكشۈرۈشنى ئېتىراپ قىلغان ھوقۇق بېرىش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشى كېرەك. بۇ دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تەلەپ.

## 153. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۆلچەملىك ۋاكالەت نومۇرى ۋە ئادەتتىكى نومۇرى قانداق ئىپادىلىنىدۇ

1. دۆلەت ئۆلچىمىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى ۋە ئادەتتىكى نومۇرى:

① دۆلەت ئۆلچىمىدىكى ۋاكالەت نومۇر ۋە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئۆلچىمىدە قوللىنىلىدىغان ۋاكالەت نومۇرى «GB»؛ تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئۆلچىمىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: «T\GB». ② دۆلەت ئۆلچىمىدىكى نومۇرى. بۇ دۆلەت ئۆلچىمىدىكى ۋاكالەت نومۇرى، دۆلەت ئۆلچىمى تارقاتقان تەرتىپ نومۇرى ۋە دۆلەت ئۆلچىمى بويىچە تارقاتقان يىل نومۇرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى:




تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى:



2. كەسپىي ساھە ئۆلچىمىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى ۋە ئادەتتىكى نومۇرى. گوۋۇيۇەن ئۆلچەملەشتۈرۈشنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىدىن 28 نى بەلگىلەپ، ھەر قايسى كەسپىي ساھە ئۆلچىمىدىكى ۋاكالەت نومۇرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاساس سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە خىمىيە سانائىتى كەسپىنىڭ HG قىلىپ بېكىتىلدى. كەسپىي ساھەنىڭ ئۆلچەملىك ۋاكالەت نومۇرى، ئۆلچەملىك تەرتىپ نومۇرى ۋە ئۆلچەملىك يىل نومۇرىدىن تەشكىل تاپتى. دۆلەت ئۆلچىمىدىكى نومۇرى بىلەن بولغان پەرقى ۋاكالەت نومۇردا ئىپادىلىنىدۇ.

خىمىيە سانائىتى كەسپىنىڭ ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى:




3. يەرلىك ئۆلچەمنىڭ ۋاكالەت نومۇرى ۋە ئادەتتىكى نومۇرى. مەجبۇرى خاراكتېردىكى يەرلىك ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى قاتارلىقلار خەنزۇ تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇشى «DB»غا، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايون، پەرق ۋاكالەت نومۇرىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى سانغا يانتۇ سىزىق سىزىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يەنى «T» قوشۇلسا تونۇشتۇرۇش خاراكتېردىكى يەرلىكنىڭ ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى بولىدۇ. مەسىلەن، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ مەجبۇرىي خاراكتېردىكى يەرلىك ئۆلچىمى DB22 \ T. يەرلىك ئۆلچەم نومۇرى يەرلىك ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى، يەرلىك ئۆلچەم تەرتىپ نومۇرى ۋە يىل نومۇرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ.

4. كارخانا ئۆلچىمىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى بىلەن ئادەتتىكى نومۇرى. كارخانا ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى «Q». مەلۇم كارخانىنىڭ كارخانا ئۆلچىمىدىكى ۋاكالەت نومۇرى كارخانا ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى Q غا

يانتۇ سىزىق سىزىلىپ، كارخانىنىڭ ۋاكالەت نومۇرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. يەنى،

كارخانا ئۆلچىمىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى:




كارخانىنىڭ ۋاكالەت نومۇرىنى خەنزۇ تىلىدىكى تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى ئەرەب رەقىمى بويىچە ۋە ياكى ئىككىسىنى تەڭ ئىشلىتىپ شەكىللەندۈرسە بولىدۇ. كارخانا ئۆلچىمىنىڭ نومۇرى شۇ كارخانىنىڭ كارخانا ئۆلچىمىدىكى ۋاكالەت نومۇرى، تەرتىپ نومۇرى ۋە يىل نومۇرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. يەنى،

كارخانا ئۆلچىمىنىڭ ۋاكالەت نومۇرى:




## 154. ئوغۇت سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈشتە قايسى شەرت-شارائىت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشى كېرەك

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 29 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈشكە لايىق كېلىدىغان شەرت ـ شارائىت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ توغرا بولۇشى، ئادىللىقى ۋە ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئاپپارات-

لىرى قانات يايدۇرغان تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەرت-شارائىت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشى كېرەك.»

1. تەكشۈرۈش شەرت-شارائىتى. مۇھىت شەرت-شارائىتى ئاپپارات-ئۈسكۈنە، خادىملار ساپاسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇن-نىزام، دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسپىي ئۆلچەم، تەكشۈرۈش نىزامىغا ئۇيغۇن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ① مۇھىت شەرت-شارائىتى: تەكشۈرۈلىدىغان خىزمەت مۇھىتىدىكى تېمپېراتۇرا، نەملىك، ئېلېكترو ماگنىت كاشىلىسى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ تەۋرىنىشى، ئاۋاز ۋە چاڭ-توزان قاتارلىقلار تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ سىرت بىلەن بولغان كاشىلا ۋە بۇلغىشى دۆلەتنىڭ مۇھىت قوغداش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ② ئاپپارات-ئۈسكۈنىلەردىن تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، سىرتقى كۆرۈنۈشنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى، ئۆلچەملىك تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىسى، ئۆلچەملىك ماددىي بۇيۇم نۇسخىسى، ئىقتىدارنى سىنايدىغان تەجرىبە ئۈسكۈنىسى ۋە بىر قاتار قۇرۇلملار بولۇشى كېرەك. ③ خادىملار ساپاسى. تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى خادىملارغا قويۇلىدىغان تەلەپنى كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرىدىغان خادىملار تەكشۈرۈپ-باھالاشتىن ئۆتكەن لاياقەتلىك خادىم بولۇشى ھەمدە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغان سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. بۇ خادىملار يەنە كەسپكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام، تەرتىپ، ئۆلچەم ۋە مۇناسىپ كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ④ باشقۇرۇش تۈزۈمى. ئۇ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشى، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يەكۈننى توغرا، ئادىل چىقىرالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۈنۈملۈك، زۆرۈر بولغان تەدبىر ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلالايدىغان

بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. ئىقتىدارى. ئىقتىدارىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى، تەكشۈرۈلىدىغان مەھسۇلات تۈرى، سۈپىتىنىڭ قاپلاش ئىقتىدارى. ئۇ قاپلاش دائىرىسى كەڭ، تۈر ئۆلچەمدىكى تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات تەلىپىنى تولۇق قاندۇرالايدىغان بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، خىزمەت مىقدارى بولۇپ، ئۇ بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى دېگەن مۆھلەتتە ئورۇنلاشنى كۆرسىتىدۇ.

## 155. سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنىڭ رولى ۋە مەقسىتى نېمە

1. ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنىڭ رولى. ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش — لابوراتورىيە خىزمىتىدە سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق لابوراتورىيە خىزمىتىنىڭ ئىقتىدارىنى بېكىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ لابوراتورىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەڭشەش ۋە تەكشۈرۈش سەۋىيەسىنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىقتىدارغا قارىتا ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ۋە بېكىتىشنى ئىسپاتلاش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش پىلانىغا قاتناشقاندا لابوراتورىيەگە باھا بېرىپ تەمىنلىگەن سان ـ سىپىرلار ئىشەنچلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي رولى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلىنىدۇ: ① لابوراتورىيە شۇغۇللانغان تەڭشەش. بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان ـ ھازىرلىمىغانلىقىغا باھا بېرىدۇ. بۇ لابوراتورىيەنىڭ ئۆزى، لابوراتورىيەنىڭ خېرىدارلىرى، شۇنداقلا ئېتىراپ قىلىنىغان ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ئاپپاراتلار ئېلىپ بارغان باھا بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئىقتىدارىدىكى سىرتقى تەدبىرلەر تولۇقلىغان لابوراتورىيەنىڭ ئىچىدىكى سۈپىتىنى

كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ③ بۇ پائالىيەتلەر مۇتەخەسسىسلەر-نىڭ لابوراتورىيە نەق مەيدانىغا بېرىپ باھالاپ تەكشۈرۈش ۋاستىسى بولۇپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنى ئېتىراپ قىلىشنى ياكى قانۇندا بەل-گىلەنگەن باھالاش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ④ خې-رىدارلارنىڭ لابوراتورىيە ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچى، لابوراتورىيەدە داۋاملىق ئىشەنچلىك سان-سىيپىرلار بىلەن تەمىنلەپ بېرىدىغان-بېرەل-مەيدىغانلىقى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

2. ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشنىڭ مەقسىتى. لابوراتورىيەنىڭ ئىقتىدارىغا قارىتا ئۇنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسپاتلاشنى كۆرسىتى-دۇ. بۇنىڭ مەقسىتى تۆۋەندىكىدەك: ① لابوراتورىيە بۆلۈمىنىڭ مە-لۇم بېكىتىلگەن ئالاھىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نازارەت قىلىشنى داۋاملىق كۈزىتىش ئىقتىدارى بېكىتىلىدۇ؛ ② لابوراتورىيەدىكى مەسىلىنى پەرق ئېتىش ھەمدە مۇناسىپ قوشۇمچە قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈش ئارقىلىق ئاي-رىم خادىملارنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇ-شىغا چېتىلىپ قالىدۇ؛ ③ يېڭى تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئۇسۇلى-نىڭ ئۈنۈمدارلىقى ۋە سېلىشتۇرۇشچانلىقى ھەمدە بۇ ئۇسۇللارغا قارىتا مۇناسىپ كۈزىتىش ئېلىپ بېرىشى بېكىتىلىدۇ؛ ④ لابوراتو-رىيە خېرىدارلىرىنىڭ ئىشەنچى ئاشۇرۇلىدۇ؛ ⑤ لابوراتورىيە ئارى-سىدىكى پەرق ئايرىلىدۇ؛ ⑥ مەلۇم ئۇسۇلنىڭ ئىقتىدار ئالاھىدىلىكى بېكىتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە ھەمكارلىق تەجرىبىسى دېيىلىدۇ.

## 156. نېمە ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت سۈپىتى بەك مۇھىم بولىدۇ

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەر تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەھسۇلات ئىقتىدارى ۋە سۈ-پىتىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمۇ بارغانسېرى زورايدى. بىر تەرەپتىن

كارخانىلار جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدى-
غان مەھسۇلاتلارنى داۋاملىق يېڭىلاپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىشلەشكە
ئېھتىياجلىق بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ۋە ئائىلىلەر لاياقەت-
لىك، سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك بولغان سان-سىپىرلارنى ئىسپاتلاپ
كۆرسىتىدىغان ئېھتىياجنى يۈكلىدى. نۆۋەتتە لابوراتورىيەلىك تەكشۈ-
رۈلگەندىن كېيىن چىقىرىلغان سان-سىپىرلار جەمئىيەتتىكى ھەر قاي-
سى تەرەپلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىدىمۇ-يوق؟
لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشلەر بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشالىدىمۇ-يوق؟
كەسكىن رىقابەتتە بازاردا پۇت تىرەپ تۇرالىدىمۇ-يوق؟ بۇنىڭدىن كې-
يىن مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىدىمۇ-يوق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە دۇچ
كەلدى. لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈش سۈپىتىگە ئەھمىيەت
بېرىش، تەكشۈرۈشتىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ تۈزەتمىسە، خىز-
مەت سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، رىقابەتتە يېڭىلىپ قالىدۇ، بازاردا
شاللىنىپ كېتىدۇ. لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشتە سۈپەتكە ئەھمىيەت
بەرگەن ۋە كۆرسەتمە بويىچە تەكشۈرۈش توغرا، ھەقىقىي سان-سى-
پىرلارنى دەلىللەپ چىقىرالايدىغان بولغاندىلا، بارلىق خېرىدارلارنى يېڭىپ
ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ. ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئى-
شەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 157. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەك-شۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت سۈپىتىنى ئۆس-تۈرۈشكە قويۇلىدىغان تەلەپلەر قايسىلار

نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قى-
لىش ئۈچۈن، خىمىيەۋى ئۇغۇت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى خىزمەت
تەرتىپىنى ئىخچاملىشى، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشنى ياخ-

شى ئىشلىشى كېرەك:

1. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئۆزى چىقارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشى، ھەر قانداق ئادەم، ھەر قانداق تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقارماسلىقى، بۇزماسلىقى كېرەك.

2. نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشتە قارىسىغا نۇسخا تەكشۈرمەسلىكى كېرەك. تەكشۈرۈش خادىملىرى مەسئۇل بولۇپ، تەكشۈرگەن مەھسۇلاتقا قارىتا ئىشلەپچىقارغۇچى تەرەپ رەت قىلماسلىقى كېرەك. تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇسخىنى ئېلىش تەرتىپىنى قاتتىق كونترول قىلىشى، ئانالىز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان نۇسخىلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك.

3. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەكشۈرۈش مەيدانىغا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كىرىشىگە يول قويماسلىقى كېرەك.

4. نۇسخا ئېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىدىكى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان خىزمەتچىلەر مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ بىلەن شۇ قېتىملىق نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولسا، ھەر قانداق بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئالاقە قىلىشنى چەكلىشى كېرەك. مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپكە مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چىقىرىپ بېرىشتىن بۇرۇن، تەكشۈرگۈچى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپكە ئاشكارىلاپ قويماسلىقى كېرەك.

5. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك.

6. نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئورۇنداپ بولۇش كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولالماسلىق

مۇمكىنچىلىكى كۆرۈلسە، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋەزىپىنى ئورۇنداش مۇددىتىدىن 10 كۈن بۇرۇن ۋەزىپە چۈشۈرگەن ئورۇنغا تەكشۈرۈش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىش ئىلتىماسى سۇنۇشى كېرەك.

## 158. مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرىغا قويۇلغان تەلەپلەر قايسى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يەرلىك ئۆلچىمىدە «مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى خىزمەت ئۆلچىمى» دېگەن قىسمىدا مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشنى زىممىسىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرى:

1. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى مۇناسىپ تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىشى كېرەك. تەكشۈرۈش دائىرىسى ئىچىدىكى مەھسۇلاتقا قارىتا تىجارەتچىلەرگە نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان ۋەدىنى بەرمەسلىكى، تىجارەتچىلەرنى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ھەقلىق مۇلازىمەت كېلىشىمىگە ئىمزا قويدۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

2. تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەت نازارەتچىلىكى ئورگىنى ياكى ھوقۇق بېرىلگەن ئورگاننىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغان بولۇشى ھەمدە مۇناسىپ سالاھىيەتكە ئېرىشكەن بولۇشى، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش كەسپىگە ئائىت كەسىپ ۋە كەسپىي ئاساسى بىلىملەرنى ھازىرلىشى، تەكشۈرۈش ئۇسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۆچەيتىشى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇنۇملۈك ئۆلچەم، تېخنىكا تەلىپى، تەرتىپ باسقۇچ بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. مەھسۇلاتقا توغرا ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك. بۇنىڭدىن

سىرت تەكشۈرۈش خادىملىرى زۆرۈر بولغان قانۇن-نىزام بىلىملىرىنى ئىگىلىشى كېرەك.

## 159. خىمىيەۋى ئوغۇت سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشتىكى ئاساسلار قايسى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يەرلىك ئۆلچىمىدە «مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى خىزمەت ئۆلچىمى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشتىكى ئاساسلار تۆۋەندىكىدەك:

1. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى دۆلەت ئۆلچىمى، كەسپىي ساھە ئۆلچىمى، يەرلىك ئۆلچەمنى ئەنگە ئالدۇرۇپ، كارخانا ئۆلچىمى قىلىش ئاساسى.

2. كارخانىلارنىڭ تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى، كەسپىي ساھە ئۆلچىمى، يەرلىك ئۆلچەمنى روشەن قوللانغانلىق ئاساسى.

3. مەھسۇلات بەلگىسى، چۈشەندۈرۈشى، سېتىش توختىمى، ئېلان-تەشۋىقات مەزمۇنى، ئەمەلىي نۇسخا قاتارلىقلار ئېپادىلەپ بەرگەن سۈپەت ئەھۋالىغا ئوچۇق-ئاشكارا كېپىل بولۇش ئاساسى.

4. مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت ئەھۋالىغا ئۇنىۋېرسال ھۆكۈم قىلىش ئاساسى ئېنىق بولمىغان ۋاقىتتا، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ يەنى تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىش ئاساسى. تەكشۈرۈش تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى ئۆلكىلىك (ئاپتونوم رايونلۇق) سۈپەتنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ. مەھسۇلات بەلگىسى ئۆلچەمگە يەتمىگەن بولسا، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا

مۇستەقىل تۇر تۇرغۇزۇپ چۇشەندۇرىدۇ. بەلگىسى ئىخچام ئىپادىلەنمە-گەن بولسا، بۇ سەۋەب بىلەن مەھسۇلاتنى لاياقەتسىز دەپ قاراشقا بول-مايدۇ. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئۆلچەمدە بەلگىنىڭ ئېنىق ئىپادىلە-نىشىگە مەجبۇرىي تەلەپ قويۇلسا، تەكشۈرۈش تەپسىلىي پىرىنسىپلىرى-نى تۈزۈپ، مەجبۇرلاش تەلىپىنى ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىش-نى بەلگىلىسە بولىدۇ.

5. كارخانىلاردا ئۆلچەملىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇ-لىدۇ. مەھسۇلات تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ نۇسخا ئېلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال، نۇسخىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنداق قىلمىسا بۇ مەھسۇلات ئۆلچەمسىز دەپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۆلچەمسىز مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلچەمسىز نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ.

## 160. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش جەريانىدا نۇسخا ئېلىشنىڭ تەلىپى قانداق بولىدۇ

خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى خىزمەت سۈپىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ. خىزمەت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكى تەلەپلەر بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك:

1. نۇسخا ئالىدىغان خادىملارنىڭساپاسى يۇقىرى، خىزمەت ئىستىلى دۇرۇس، ئەستايىدىل ۋە كەسپىي قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇشى، تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسى بولۇشى، مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىشقا پىششىق بولۇشى كېرەك. ئارىلاپ تەكشۈرىدىغان مەھسۇلاتنى ئىككىدىن ئارتۇق

تەكشۈرگۈچى تەكشۈرۈشى كېرەك.

2. نۇسخا ئېلىش ئۇسۇلى ۋە سانىغا قويۇلىدىغان تەلەپ. نۇسخا ئالىدىغان خادىملار مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىش بەلگىلىمىسى، ئۇسۇلىغا ئاساسەن نۇسخا ئېلىش مىقدارىنى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىشى كېرەك. بەلگىلەنگەن نۇسخا ئېلىش مىقدارىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. نۇسخا ئېلىش سايمانلىرىنى ئالدىن تەييارلاش، نۇسخا سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

3. نۇسخا ئېلىش ئىنتىزامىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر. ① نۇسخا ئالىدىغان خادىملار ھەر قانداق شەكىلدە ئىشتىن بۇرۇن مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈلگۈچى تەرەپكە ئاشكارىلاپ قويماسلىقى كېرەك. ② نۇسخا ئالىدىغان مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىگۈچى تەرەپكە نۇسخا ئالغۇچى خادىم كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى، نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ③ ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئىككىدىن ئارتۇق تەكشۈرگۈچى خادىم بولىدۇ. ④ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ باشقا تارماقلار ياكى ئاپپاراتلارغا نۇسخا ئېلىشنى ھاۋالە قىلسا بولمايدۇ. ⑤ نۇسخا ئېلىش ئاخىرلاشقاندا، نۇسخا ئالغان خادىم نۇسخىنى ۋاقتىدا خىزمەت ئورنىغا تاپشۇرۇپ ئامبارغا كىرگۈزۈپ تىزىملىتىدۇ، نۇسخىنى يېنىدا ساقلاشقا بولمايدۇ.

4. نۇسخا ئېلىش تالونىنى تولدۇرۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپ: نۇسخا ئالغان خادىملار نۇسخا ئالغان مەيداندا نۇسخا ئالماقچى بولغان مەھسۇلاتنىڭ بەلگىسىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، خاتىرىلەپ، مەھسۇلاتقا قارىتا يېزىلغان مەزمۇننى نۇسخا ئېلىش تالونىغا ئەينەن، مۇكەممەل، ئوچۇق ۋە توغرا يېزىشى كېرەك. بەلگىدىكى مەزمۇن ئېنىق بولمىسا، نۇسخا ئالغان نەق مەيداندا مەھسۇلاتنى تەكشۈرتكۈچى تەرەپتىن سوراپ ئېنىقلىشى كېرەك. نۇسخا ئېلىش تالونىغا نۇسخا ئالغان خادىم بىلەن مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلىدىغان تەرەپ ئېتىراپ قىلىپ ئىمزا قويۇپ تامغا بېسىشى كېرەك.

## 161. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلات سۇپىتىگە نازارەت قىلىش-ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە قاندلق ئەھۋالدا نۇسخا ئېلىنمايدۇ

ھۆكۈمەت يولغا قويغان مەھسۇلات سۇپىتىگە نازارەت قىلىش-ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئادەتتە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، مەھسۇلات سۇپىتىگە نازارەت قىلىش-ئارىلاپ تەكشۈرۈش؛ يەنە بىرى، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۇپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۇپىتى قانۇنى» ۋە جياڭسۇ ئۆلكىسى يەرلىك ئۆلچەمدىكى «مەھسۇلات سۇپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ئۆلچىمى» نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىر قانچە ئەھۋالدا نۇسخا ئېلىشقا بولمايدۇ: مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلىدىغان تەرەپ تەكشۈرگۈچى تەرەپ چىقارغان نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش ئۇقتۇرۇشىغا كىرگۈزمىگەن مەھسۇلاتنىڭ سۇپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشتە نۇسخا ئېلىنمايدۇ. مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ تېخى لاياقەتلىك بولمىغان مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىشقا بولمايدۇ. مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ئېكسپورت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە دەلىل-ئىسپات بار، ئەمما ئەنگە ئالدۇرماي كىنىشكا ئېلىشقا تەييارلانغان مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىشقا بولمايدۇ. مەھسۇلات يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار تەرىپىدىن نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ بولغان ۋە لاياقەتلىك بولغىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشقان مەھسۇلات ۋە نۇسخا ئالىدىغان خادىملارنىڭ تەكشۈرۈش كىنىشكىسى يوق بولغان مەھسۇلاتتىن نۇسخا ئېلىشقا بولمايدۇ.

## 162. مەھسۇلات سۇپىتىگە نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىدە نۇسخا ساقلاشنىڭ تەلىپى نېمە

مەھسۇلات سۇپىتىگە نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تەك-

شۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرگەن نۇسخىلارنى ساقلاشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بىرىنچى، تەكشۈرۈلىدىغان مەھسۇلات نۇسخىسىنى ساقلاش. مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈلگۈچى تەرەپ باشقىچە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانغا قەدەر نۇسخىنى تولۇق ياخشى ساقلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، تەكشۈرۈپ بولغان نۇسخىنى ساقلاش. تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش جەريانىدىكى سەرپىيات ياكى باشقا بەلگىلىمە بولغانلىرىدىن سىرت، مەھسۇلات تەكشۈرىدىغان تەرەپ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە نۇسخىنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇقتۇرۇشى ياكى مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈلىدىغان تەرەپنىڭ پىكرى بويىچە تەكشۈرۈلگەن نۇسخىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈلىدىغان تەرەپ بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە نۇسخىنى ئېلىپ كەتمىسە، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىسا، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئۇقتۇرۇش تارقىتىدۇ ھەمدە تارقاتقان كۈندىن باشلاپ ئىككى ئاي ئىچىدە نۇسخىنى ئېلىپ كەتمىسە، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشقا بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان ياكى نازارەت قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىدىغان مەھسۇلاتقا قارىتا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلاردىن كۆرسەتمە ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

تەكشۈرۈش دوكلاتى — سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈنى، شۇنداقلا لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش سۈپىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولۇشى، ئىستېمالچىلار ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇنداقلا تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ ئوبرازى ۋە ئابرۇيىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. خىزمەت ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش دوكلاتىدا تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك:

1. دوكلاتنىڭ قېلىپى ۋە سۆز ئىشلىتىشى. تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ

قبلپى ۋە سۆز ئىشلىتىشنى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لىك تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئورگىنى بېكىتكەن ئۆلچەم بەلگىلىمىلىرى بويىچە قىلىش كېرەك. تەكشۈرۈلگەن سان- سېپىرلارنىڭ ئىپادىلىنىشى مۇئامىلىدارلار ئاسان چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى تەكشۈرۈش خىزمىتى دوكلاتىنىڭ قېلىپىنى مەخسۇس لايىھەلەپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئۆلچەملەشتۈرۈش كېرەك.

2. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئۇچۇرلارنى ئومۇميۈزلۈك گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر قانچە تەرەپ گەۋدىلىنىشى كېرەك. ① تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ماۋزۇسى ۋە لابوراتورىيە نامى، ئادرېسى، ھاۋالە قىلغان تەرەپنىڭ نامى، ئادرېسى؛ ② قوللانغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يېزىق شەكلى ۋە بەلگىسى، باشقىچە ئۇسۇل قوللانغانلىرىنىڭ سەۋەبى ئېنىق چۈشەندۈرۈلۈشى؛ ③ تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ بىردىنبىر خاسلىققا ئىگە بەلگىسى (مەسىلەن تەرتىپ نومۇرى) ۋە ھەر بىر بەت، ئومۇمىي بەت سانى خاتىرىگە تولۇق يېزىلىشى؛ ④ تەستىقلاتماي تۇرۇپ، تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ باياناتىنى كۆپەيتىۋالماسلىقى؛ ⑤ تەكشۈرگەن نۇسخىنىڭ سۈپىتى ۋە ھالىتى؛ ⑥ تەكشۈرگەن نۇسخىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى ۋە تەكشۈرگەن ۋاقتى؛ ⑦ ھەر بىر دوكلاتتا ھوقۇق بەرگۈچى، ئىمزا قويغۇچىنىڭ سىپلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەرگەندە قويغان ئىمزاسى، شۇنداقلا ئىمزا قويۇپ تارقاتقان ۋاقتى بولۇشى كېرەك.

3. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يەنە ھەر قايسى تەرەپلەر زىممىسىگە ئالغان تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېنىق يېزىلىشى، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك.

4. لابوراتورىيەدە تەكشۈرۈلگەن ھەر بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆلچەمدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئېنىق، توغرا، روشەن ۋە ئەينەن يېزىشى، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تولۇق قوللىنىشى كېرەك.

# 163. «0» نىڭ ئۇنۇملۇك سان تەركىبىدە قانداق رولى بار

«0» نىڭ ئۇنۇملۇك سان تەركىبىدە ئىككى خىل رولى بار. بىر خىلى، ساننىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر خىلى ئۇنۇملۇك سان بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. تارازىدا ماددىلارنى ئانالىز قىلغاندا تۆۋەندىكى سان-سىپىرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**1-7 جەدۋەل. ئانالىز قىلىش تارازىسىدىكى ماددىنىڭ ماسسىسى**

| | ماسسىسى (m/g) | ئۇنۇملۇك خانە سانى |
|---|---|---|
| ئۆلچەش بوتۇلكىسى | 20.1430 | ئالتە خانە |
| كومپلېكس ئوغۇت | 2.1045 | بەش خانە |
| كالتسىي سۇپېر فوسفات | 0.2104 | تۆت خانە |
| ئۆلچەش قەغىزى | 0.0120 | ئۈچ خانە |

يۇقىرىدىكى سان-سىپىرلاردا «0» نىڭ ئوينىغان رولى ئوخشاش ئەمەس.

1. 20.1430 تەركىبىدىكى ئىككى «0» ئۇنۇملۇك سان رولىنى ئوينىغان. شۇڭا، ئالتە خانىلىق ئۇنۇملۇك سان بولالىغان.

2. 2.1045 تەركىبىدە «0» ئۇنۇملۇك سان رولىنى ئوينىغان. شۇڭا، ئۇ بەش خانىلىق ئۇنۇملۇك سان بولالىغان.

3. 0.2104 تەركىبىدە كىچىك بىر ساننىڭ ئالدىدىكى «0» ئورۇن بەلگىلەش رولىنى ئوينىغان. ئۇ ئۇنۇملۇك سان بولالمايدۇ. ئەكسىچە ساننىڭ تەركىبىدىكى «0» ئۇنۇملۇك سان رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تۆت خانىلىق ئۇنۇملۇك سانى بار.

4. 0.0120 تەركىبىدە «1» نىڭ ئالدىدىكى ئىككى «0» ئورۇن بەلگىلەشكە قوللىنىلغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىردىكى «0» ئۇنۇملۇك سان رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈچ خانىلىق ئۇنۇملۇك سانى بار.

سان ئوتتۇرىسىدىكى «0» ۋە ساننىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدىكى «0» ئۈنۈملۈك سان رولىنى ئوينايدۇ. ئەكسىچە ساننىڭ ئالدىدىكى بارلىق «0» ئورۇن بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. «0» بىلەن ئاخىرلاشقان ھەم توغرا، ھەم پۈتۈن سان بولۇپ، ئۈنۈملۈك ساننىڭ خانا سانىنى بېكىتىش رولىنى ئوينىمايدۇ. مەسىلەن، 4500، بۇ ساننىڭ نەچچە خانىلىق ئۈنۈملۈك سانى بارلىقىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال ئىككى خانا ياكى ئۈچ خانىلىق، يەنە ئېھتىمال تۆت خانىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا ئەمەلىي ئۈنۈملۈك ساننىڭ خانا سانىغا ئاساسەن يېزىش كېرەك. يەنى

ئىككى خانىلىق ئۈنۈملۈك سان $4.5\times10^3$

ئۈچ خانىلىق ئۈنۈملۈك سان $4.05\times10^3$

تۆت خانىلىق ئۈنۈملۈك سان $4.500\times10^3$

شۇڭا، بەك چوڭ ياكى بەك كىچىك سان دائىم ئونىنىڭ كۆپ مېتىرى ($10^3$) بويىچە ئىپادىلەش كېرەك. ئۈنۈملۈك سان بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنى يازغان ۋاقىتتا ئادەتتە پەقەت بىر خانىلىق گۇمانلىق سان قالدۇرۇلۇپ، ئاشقان سان سانىنى تۆزەپ بېرىش پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## 164. تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى خاتالىقنىڭ تۈرى ۋە مەنبەسى قايسىلار

تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى خاتالىق ئادەتتە سىستېما خاتالىقى، تاسادىپىي خاتالىق ۋە سەۋەنلىك خاتالىقى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. سىستېما خاتالىقى. بەلگىلىك شارائىتتا، مەلۇم تۇراقلىق ياكى بېكىتىلگەن ئۆلچەم بويىچە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتالىق بولۇپ، ئۇنىڭ بېكىتىش نەتىجىسىگە بولغان تەسىرى نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ. ئوخشاش بىر مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللان-

غان شارائىتتا كۆپ قېتىملىق بەلگىلەشتە چوڭ-كىچىكلىكى مەلۇم ئۆلچەمگە يەتكەندە تەكرار پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بولىدۇ. سىستېما خاتالىقى ئۇسۇلنىڭ توغرا-خاتالىقىنى بەلگىلەيدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇسۇلنىڭ ئېنچىكىلىكىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىستېما خاتالىقىنى بەلگىلىگەنلىك بەلگىلەش خاتالىقى دېگىلى بولىدۇ. رولى قانۇنىيەت ئۆلچىمى بويىچە تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلسا، خاتالىقنى ئازايتقىلى ياكى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

2. تاسادىپىي خاتالىق. ئۇ تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تاسادىپىي داۋالغۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خاتالىق بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى ئاساسىي ھالەتنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىگە بىنائەن بولىدۇ. ئوخشاش بىر نۇسخىنى ئوخشاش شارائىتتا تەكرار بەلگىلەشتە، مەشغۇلات قىلغۇچى بەك پىششىق بولسىمۇ، يەنىلا ئوخشاش نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ، مانا بۇ تاسادىپىي خاتالىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى، بەزىدە ئۇنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ. ئامال قىلىپ ئۇنى ئازايتىشقا بولىدۇ، يوقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. سىستېما خاتالىقى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىنىڭ ئېنچىكىلىكىنى بېكىتىدۇ. سىستېما خاتالىقى ۋە سەۋەنلىك خاتالىقنى يوقىتىۋېتىشنىڭ ئۆزى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىنىڭ ئېنچىكىلىكى ۋە توغرىلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3. سەۋەنلىك خاتالىقى. مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بىپەرۋالىقى، مەشغۇلات قىلىشنىڭ توغرا بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئانالىز قىلىش نەتىجىسى ئىشەنچسىز چىقىپ قالىدۇ-دە، ئەمەلىيەتتە خاتالىق ئەمەس سەۋەنلىك كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، سانىنى خاتا كۆرۈپ، خاتا ئوقۇش، ھېسابلاشنى توغرا قىلالماسلىق ۋە نۇسخىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى قاتارلىقلار. ئادەتتە بۇنداق سەۋەنلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەگەر يەنىلا سەۋەنلىك سېزىلسە، سەۋەنلىك بىلەن چىقىرىلغان بەلگىلەش نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا ئوتتۇرىچە نەتىجىسنى قايتا ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

## 165. تەكشۈرۈشنىڭ توغرىلىقى ۋە ئىنچىكىلىكىنىڭ مەنىسى نېمە

تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ توغرىلىقى بەلگىلەنگەن نەتىجىسى بىلەن ئەمەلىي نەتىجىنى ئۆزئارا ماس كەلتۈرگەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. ئېرىشكەن نەتىجە بىلەن ئەمەلىي نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نەتىجە خاتالىقى بولىدۇ. شۇڭا، خاتالىق قانچە ئازايتىلسا توغرىلىقى شۇنچە ياخشى بولغان بولىدۇ. خاتالىق قانچە زورايسا توغرىلىقمۇ شۇنچە ناچار بولىدۇ.

ئىنچىكىلىك ئوخشاش شارائىتتا تەكرار ئېرىشكەن نەتىجە ئۆزئارا ماس كەلگەن نىسبەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىنچىكىلىكنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى خاتالىقنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى خاتالىق بىر گۇرۇپپا قىلىپ بېكىتىلگەن بىر قېتىم ئېرىشكەن نەتىجە بىلەن ئوتتۇرىچە نەتىجە ئارىسىدىكى پەرق بولغان نەتىجىنى كۆرسىتىدۇ. خاتالىق قانچە ئازايتىلسا، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

## 166. سېلىشتۇرما تەجرىبە دېگەن نېمە، مەقسىتىچۇ

سېلىشتۇرما تەجرىبە ئۆزى بىلگەن نەتىجىدىكى سىناق قىلىنغان ئەۋرىشكە بىلەن ئۆلچەيدىغان سىناق قىلىش ئەۋرىشكىسىنى تەجرىبە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەۋرىشكىنى ئانالىز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مىقدارى ئوخشاپ كەتكەن لاياقەتلىك ئۆلچەملىك ماددىنى ئانالىز قىلىپ، ئىككىسىدە ئاساسىي رولى ياكى ئاساسىي رولىغا سەل قارالغانلىقنى ئېنىقلاپ قىلغان چاغدا، ئۆلچەملىك ماددىنىڭ ئەمەلىي بەلگىلىگەن نەتىجە گۇۋاھنامىسىگە ئاساسەن، ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ بېكىتىلمەسلىكىگە مۇۋاپىق كەلگەن-كەلمىگەنلىكى ئارقىلىق ئەۋرىشكىنى ئانالىز قىلىپ، ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ بېرەلەمدۇ-يوق؟ دېگەننى بېكىتىدۇ. سېلىشتۇرما تەجرىبىنى ئىشەنچلىك بولغان باشقا

خىلدىكى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارسىمۇ، ئوخشىمىغان خا-دىم، ئوخشىمىغان لابوراتورىيە ئىشلىرى بويىچە ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ. سېلىشتۇرما تەجرىبە كۆپ هاللاردا ئانالىز قىلىش جەريانىدىكى سىستې-ما خاتالىقىنى تەكشۈرۈشكە تەتبىقلىنىدۇ.

## 167. لابوراتورىيە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئىشلەت-كەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئۆلچەملىك ماددا ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا، لاياقەتلىك كىنىشكىسى بار ماددىلارنى ئۇنىۇملۇك مەزگىلى ئىچىدە ئىش-لىتىش كېرەك. قوشۇمچە كىنىشكىسى بار ئۆلچەملىك ماددا مەلۇم بىر ياكى كۆپ خىل خۇسۇسىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەش تەرتىپىنى بېكىتىش رولىنى ئوينايدۇ. خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكى ماد-دىنى ئۆلچەش بىرلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. خۇسۇسىيەت ئالاھى-دىلىكى تولۇق ماددىنىڭ نۇسخىسىغا نىسبەتەن ۋاكالىتەن تەكشۈ-رۈش ئارقىلىق قىممىتى بېكىتىلىدۇ. لاياقەتلىك ماددا تەكشۈرۈش ئاپپارات-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئېنىقلاش سېزىمچانلىقى روشەن، بەلگە يې-زىقلىرى ياخشى توغرىلانغان بولۇشى، تەكشۈرۈش بېكىتىش ھالىتىنىڭ نورمال بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

## 168. ئۆلچەم ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش بېكىتىش دەۋرى دېگەن نېمە، مەنبە خاراكتېرلىك (性源溯) دېگەنچۇ

تەكشۈرۈپ بېكىتىش دەۋرى ئۆلچەم ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە يېقىن ئارىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرۈپ بېكىتىش دەۋرىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشى ئۆلچەم ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى،

ئىشلەتكەن ۋاقىتتىكى مۇھىت ۋە قايتا-قايتا ئىشلىتىش قېتىم سانى قا-
تارلىق ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئادەتتە ئۆلچەم ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەك-
شۈرۈپ بېكىتىش بەلگىلىمىسىدە دەۋرىيلىك ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

مەنبە خاراكتېرلىك (性源溯) نىڭ ھەر قانداق بىر ئۆلچەش نەتى-
جىسى ۋە ئۆلچەمنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىش رولى بار بولۇپ، ئۇ
بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، تېخى رەسمىي بېكىتىلمىگەن، ئۇدا سېلىشتۇرۇ-
لىدىغان ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بارلىق ئوخشاش مىقدار-
دىكى نەتىجىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەش ئارقىلىق
تەكشۈرگەن مەنبەسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئالغا سۈرىدۇ.

## 169. خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ نۇسخىسىنى تەكشۈرۈشتە نېمە ئۈچۈن بوشلۇق تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ

بوشلۇق تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش نەتىجىسى ۋە تارقاقلاشتۇرۇش
دەرىجىسىنى ئانالىز قىلىپ، نەتىجىنى ئىنچىكە ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىنىڭ
دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، شۇ بىر ياكى بىر قانچە تۈرنىڭ ئومۇمىي ھال-
تىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بوشلۇق تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش-
نىڭ نەتىجىسى ۋە قېتىم سانى لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش سەۋىيە-
سىنى ئەكس ئەتتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، لابوراتورىيە ئىش-
لىرىدىكى خىمىيەلىك رېئاكتىپنىڭ ساپلىقى، ئەينەك قاچىنىڭ پاكىزلى-
قى، ئانالىز قىلىش ئاپپاراتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ۋە ئاپپاراتنىڭ نور-
مال ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا
تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ سەۋىيەسى ۋە تەجرىبىسى قاتارلىقلارنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ئانالىز قىلىش خىزمىتىدە نۇسخا ئېلىش،
نۇسخىنى يەتكۈزۈش، ساقلاش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە بەلگىلەش قاتار-
لىقلارنى كونترول قىلىپ، لابوراتورىيە بۇلغىنىشىنىڭ پەيدا بولۇش خا-
تالىقىنى ئوڭشايدۇ.

## 170. بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇتنى بەلگىلەش جەريانىدا 4- نومۇرلۇق ئەينەكلىك تېگىلچە قانداق يۇيۇلىدۇ

بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفورلۇق پېنتوكسىد (五氧化二磷)، كالىي ئوكسىد قاتارلىقلارغا دائىم 4-نو- مۇرلۇق ئەينەكلىك تېگىلچە ئىشلىتىش زۆرۈر بولىدۇ. تەكشۈرۈش خا- دىملىرىنىڭ ئەينەكلىك تېگىلچىنى يۇيۇش ئۇسۇلى توغرا بولۇشى، يۇ- غاندا پاكىز يۇيۇشى كېرەك. ئۇ پاكىز بولمىسا تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، تەكشۈرۈش خادىملىرى تەكشۈرىدىغان تۈرنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ، تېگىلچىنى ئوخشاشمىغان يۇيۇش ئۇسۇلىدا يۇسىمۇ بولىدۇ. يېڭىدىن سېتىۋالغان ئەينەكلىك تېگىلچىنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال سۇيۇق تۇز كىسلاتاسى ئېرىتمىسىگە بىر مەزگىل چىلاپ قويۇش ياكى قايناق سۇغا سېلىپ دىستىللەش ئارقىلىق پاكىز قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، فوسفور تەركىبلىك تېگىلچىنى يۇ- يۇشتا، تېگىلچىنى 1+1 لىق ئاممىياك سۇيىدە يۇيۇپ، تۇرۇبا سۇيىدە پاكىز چايقاش، دىستىللەنگەن سۇدا فىلتېر بىلەن پاكىزلاپ ئىشلىتىش كېرەك. كالىي خىلور تەركىبلىك تېگىلچىنى يۇيۇشتا، تېگىلچىنى ئا- تېستونغا تاكى تولۇق ئېرىگۈچە چىلاپ قويۇپ، ئاندىن تۇرۇبا سۇيىدە يۇيۇش كېرەك. ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال يەنىلا دىستىللەنگەن سۇدا فىلتىر بىلەن پاكىز تازىلاش كېرەك.

## 171. بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئازوتنىڭ ھالىتى قانداق بولىدۇ

بەزى تەكشۈرۈش خادىملىرى بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبى- دىكى ئازوتنىڭ ھالىتىنى ئېنىق بىلمىگەنلىكتىن، ئازوتنىڭ ئومۇمىي

مىقدارىنى تەكشۈرگەندە، قايسى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئەۋرىشكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ. بىراق تەكشۈرۈش خادىملىرى چوقۇم بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئازوتنىڭ ئومۇمىي شەكلى ۋە ھالىتىنى بىلىشى كېرەك. ئۇنىڭ ھالىتى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئاممونىي ھالەتتىكى ئازوت (铵态氮): ئاممونىي تۇزلىرى، مەسىلەن، ئاممونىي خىلورىد، ئاممونىي سۇلفات، ئاممونىي ھېدرو كاربونات، ئاممونىي نىترات ۋە ئاممونىي فوسفىت، ئاممونىي فوسفاتلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

2. نىترات ھالەتتىكى ئازوت (硝态氮): ئاممونىي نىترات، كالىي نىتراتتىن تەركىب تاپىدۇ.

3. ئامىدلىق ئازوت (酰氨态氮): ئاساسلىقى ئورىيادىن تەركىب تاپىدۇ.

4. سىيانامىدلىق ئازوت (氰氨态氮): ئاساسلىقى ئازوتلۇق ھاكتىن تەركىب تاپىدۇ. بىراق ئۇ ھازىر بەك ئاز ئىشلىتىلىدۇ

5. ئورگانىك ئازوت: ئاساسلىقى ئورگانىك ماددىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بىراق مىقدارى بەك ئاز بولىدۇ. تەركىبىدە ئورگانىك ماددا بار دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ھايۋانلار چىقارغان ماددىلار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى، ئوت-چۆپ كۆلى (چىرىندى كىسلاتا) قاتارلىق ئورگانىك خام ئەشيا ۋە ماددىلار قوشۇلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. بىرىكمە خىمىيەۋى ئوغۇت تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىنىڭ مىقدارى 7% تىن كۆپ بولسا، ئورگانىك-ئانئورگانىك بىرىكمە ئوغۇت ئۆلچىمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئومۇمىي ئازوت مىقدارى 1999 - BG \T 17761 دەپ بېكىتىلىپ پايدىلانسا بولىدۇ.

## 172. ئېلېكترونلۇق تارازا ئورنىتىش مەيدانى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتە قانداق تەلەپلەر بار

ئېلېكترونلۇق تارازىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ

ئەقتىدارى مۇقىم، سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولۇپ، باشقۇرۇش ئاسان. ئۇ-
نىڭ مۇقىملىق ۋە توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئورنىتىش
مەيدانى بىلەن ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىردەك مۇقىم بولۇش تەلىپى تەكىت-
لىنىدۇ. ئۇنى ئورنىتىدىغان جاينىڭ تېمپېراتۇرىسى 20℃ ± 2℃،
نىسپىي نەملىك 45 ~ 60% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. تارازا تاختىسى
بەكمۇ مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇ تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ۋە تەۋرەشنى
ئازايتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشىگە قارشى بولۇپ،
ئىسسىق سۇ ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىقلارنى يېقىن ئەتراپقا ئورنىتىشقا
بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ماگنىتلىق ئۈسكۈنىلەرگە يېقىن جايغا
قويماسلىق، چاڭ-توزان ۋە چىرىتىش خۇسۇسىيىتى بار گازلاردىن
يىراق قىلىش كېرەك.

ئېلېكترونلۇق تارازىنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش
كېرەك:

بىرىنچى، ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تارازىنىڭ گورىزونتال تەڭپۇڭلۇقىنى
تەكشۈرۈپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىشقا كىرىشتۈ-
رۈشتىن ئاۋۋال توك مەنبەسىگە 30 مىنۇت ئۇلاپ قويۇش كېرەك؛
ئۈچىنچى، تارازىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى تەلەپ بويىچە قىزىتىش،
تۆنجى قېتىم ئىشلەتكەندە تارازىنى ناھايىتى ياخشى توغرىلاش كېرەك.
تارازىنى بىر جايدىن باشقا بىر جايغا يۆتكىگەندە بىر مەزگىل ئىشلەت-
كەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن توغرىلاش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى تارا-
زىنى پات-پات توغرىلاپ تۇرۇش كېرەك. توغرىلاش تەرتىپىنى چۈ-
شەندۈرۈشى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىچكى قۇرۇلمىسىنى توغ-
رىلايدىغان تارازا تېشى ياكى سىرتقى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تارازا
تېشى ئارقىلىق توغرىلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ تۆتىنچى، ئۆلچەش، كۆر-
سىتىش ئېكرانىنى تولۇق ئېچىۋېتىش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، كۆرسى-
تىش ئىسترېلكىسى نۆلگە چۈشكەندىن كېيىن، مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان
ماددىلارنى تارازا تاختىسىغا قويۇپ، شامالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشكىنى
ئېتىۋېتىش كېرەك. كۆرسىتىش تۇراقلاشقاندىن كېيىن مىقدارىغا ھۆ-

كۆم قىلىش كېرەك؛ بەشىنچى، تارازىنى نېيترال سوپۇن سۇيۇقلۇقىغا چىلانغان يۇمشاق لاتا بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇش، ئورگانىك ئېرىتمە، خىمىيەۋى تالالىق لاتىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. نۇسخا تاختىسىنىمۇ پاكىز يۇيۇپ، تولۇق قۇرۇغاندىن كېيىن، تارازىغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

## 173. مەھسۇلات تەكشۈرتكۈچى تەرەپنىڭ نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نارازىلىق پىكرى بولسا، قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» ۋە جىياڭسۇ ئۆلكىسى يەرلىك ئۆلچەملىرىدە «مەھسۇلات تەكشۈرتكۈچى تەرەپنىڭ نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىتا نارازىلىق پىكرى بولسا، بىر تەرەپ قىلىش بەلگىلەندى. بىر تەرەپ قىلىش تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

1. مەھسۇلات تەكشۈرتكۈچى تەرەپنىڭ نارازىلىق پىكرى بولسا، نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى دەرىجىلىك نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش ئورگىنىغا قايتا تەكشۈرۈش ئىلتىماسى سۇنسا بولىدۇ ھەم ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان 15 كۈن ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلىپ جاۋاب بېرىدۇ. قايتا تەكشۈرۈش قارار قىلىنسا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈپ، نەتىجىسىنى يۇقىرىغا يوللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلغان تەرەپكە يەتكۈزىدۇ.

2. كىنىشكا بېجىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نارازىلىق پىكرى بولغاندا مەھسۇلات تەكشۈرتكۈچى تەرەپ نۇسخا ئېلىپ، كىنىشكا بېجىر-

گەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش تارمىقىدىن قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

3. ھاۋالە قىلغۇچى تەرەپنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە نارازىلىق پىكرى بارلىقىنى ھاۋالە قىلسا، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىغا نارازىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ھاۋالە قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۈچىنچى تەرەپنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە يەنىلا نارازىلىق پىكرى بولسا، تەلىپىنى ھاۋالە قىلغۇچىغا مەلۇم قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە ھاۋالە قىلغۇچى تەرەپلەرنىڭ نارازىلىق پىكرى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يازغان ماتېرىيالنى تاپشۇرۇۋېلىپ 15 كۈن ئىچىدە نارازىلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى تەرەپكە جاۋاب بېرىدۇ.

# سەككىزىنچى خىمىيەۋى ئوغۇتقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن بىلىملىرىدىن سوئال-جاۋابلار

## 174. مەھسۇلات سۈپىتى مەسئۇلىيىتى دېگەن نېمە، قانۇنىي مەسئۇلىيەتچۇ

مەھسۇلات سۈپىتى مەسئۇلىيىتى، مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچى «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن مەھسۇلات سۈپىتىدىكى مەجبۇرىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھەق-تەلەپ مەسئۇلىيىتى، مەمۇرىي مەسئۇلىيەت ۋە جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

قانۇنىي مەسئۇلىيەت، قانۇنغا ئائىت مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمىغان بولسا، قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قانۇنىي جاۋابكارلىق ئالامەتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل بولىدۇ:

1. قانۇنىي جاۋابكارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىپ، يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنىي جاۋابكارلىق پەقەت قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلغان ئالاقىدار كىشىگە تەتبىقلىنىدۇ.

2. قانۇنىي جاۋابكارلىق جازالاشنى مەقسەت قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ-لىق قىلغانلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ. جازالاش قانۇنى ئۆلچەمنىڭ تەلپى، قانۇنسىزلىقنى جازالاش ياخشى يولغا قويۇلسا، كىشىلەرنىڭ ساغلام پائالىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويغىلى بولىدۇ.

3. قانۇنىي جاۋابكارلىق دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ مەخسۇس ئورگىنى ۋە دۆلەت ھوقۇق بەرگەن ئاپپارات تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەيدۇ، قانۇنسىزلىققا جازا ئىجرا قىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلغان كىشى قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. قانۇننىڭ مەجبۇرلاش كۈچى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ھوقۇقى ئارقىلىق نامايان قىلىنىدۇ.

## 175. مەمۇرىي جاۋابكارلىق دېگەن نېمە

مەمۇرىي جاۋابكارلىق — مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى ياكى يەككە تىجارەتچىلەر قانۇن-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، كوللېكتىپ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلمىسا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تارمىقى شۇ خىل قانۇنسىز-لىققا بېرىلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي جاۋابكارلىق قانۇنىي مەسئۇلىيەتنىڭ بىر خىل ئاساسلىق شەكلى. قانۇن بويىچە مەمۇرىي جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش باشقۇرۇش ۋە ماكرولۇق تەڭشەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى دۆ-لەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقنى ۋاستە قىلىپ مەمۇرىي جەھەتتىن جازالىسا بولىدۇ. مەمۇرىي قانۇن قانۇن-نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىقتىسادىي، ئىج-تىمائىي تەرتىپنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم رولى بار.

## 176. مەمۇرىي جاۋابكارلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى قايسىلار

مەمۇرىي جاۋابكارلىق باشقا جاۋابكارلىققا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار:

1. مەمۇرىي جاۋابكارلىق بىر خىل قانۇنىي جاۋابكارلىق. مەمۇرىي جاۋابكارلىق تەلەپ قىلىپ ياكى كېلىشىۋېلىپ شەكىللىنىدىغان بولماستىن، بەلكى قانۇنغا تەتبىقلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان، يۈرگۈزۈلىدىغان جاۋابكارلىق. ئۇ ھەق-تەلەپ جاۋابكارلىقى، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى بىلەن ئوخشاش جاۋابكارلىق.

2. مەمۇرىي جاۋابكارلىق بىر خىل مەمۇرىي قانۇن مۇناسىۋىتى بىلەن شەكىللىنىدىغان جاۋابكارلىق. كونكرېت ئېيتقاندا مەمۇرىي جاۋابكارلىق دۆلەتنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇشىدا مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە خاس تەتبىقلىنىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك ھەق-تەلەپ جاۋابكارلىقى، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىدىن پەرقلىنىدۇ.

3. مەمۇرىي جاۋابكارلىق مۇستەقىللىققا ئىگە جاۋابكارلىق. ئوخشاشمىغان قانۇنىي جاۋابكارلىقنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ. شۇنداقلا ئۈستىگە ئېلىش جەھەتتىكى شەرتىنى باشقا قانۇنىي جاۋابكارلىقنىڭ ئورنىغا قويۇشقا، باشقا قانۇنىي جاۋابكارلىقنى مەمۇرىي جاۋابكارلىقنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. مەمۇرىي جاۋابكارلىقنى ئىنتىزام مەسئۇلىيەتىگە ئوخشاش ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ.

## 177. قانۇنىي جازا دېگەن نېمە

قانۇنىي جازا دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەخسۇس ئورۇن قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت قىلغۇچىغا بېرىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ. بۇ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان جازا بولۇپ ھېساب-

لىنىدۇ. قانۇنىي جەھەتتىن جازالاش دۆلەتنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش تارمىقى يۈرگۈزىدىغان بىر خىل ھوقۇق. قانۇنىي جازا بىلەن قانۇنىي جاۋابكارلىق ئارىسىدا پەرق بار، زىچ ئالاقىمۇ بار. قانۇنىي جازا بىلەن قانۇنىي جاۋابكارلىقنىڭ ھەر ئىككىسى قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەتلەرنى جازالاشنى ئاساس قىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەت بولمىسا، ئۇ ھالدا قانۇنىي جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. قانۇن بويىچە جازالاشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك جاۋابكارلىق تەتبىقلانمىسا، قانۇنىي جازا بېرىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى يوق بولۇپلا قالماستىن، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن-نىزاملىرى ۋە تۈزۈملىرىدە ئىش-ھەرىكەت ئۆلچىمى تەرتىپى ئېنىق بەلگىلەنگەندىن باشقا، قانۇنغا خىلاپ ئىش--ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرى ۋە خاراكتېرىمۇ ئېنىق بېكىتىلگەن. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ھەق-تەلەپ جاۋابكارلىقى، مەمۇرىي جاۋابكارلىق ۋە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قانۇندا بۇلارنىڭ تۈرى ھەمدە مۇناسىپ ئۆلچەم تەدبىرلىرى تەسىس قىلىنغان.

## 178. جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى دېگەن نېمە

جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىق ئىقتىدارى بار بولغان، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە جىنايى قىلمىش شەكىللەندۈرگەن، قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار بويىچە جازالىنىدىغان ھەرىكەتلەرنى يۈرگۈزىدىغان ئەدلىيە ۋاستىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان ھەر قانداق كىشى، ھەرىكەت ۋە قىلمىشلارنى جازالايدۇ. «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىققان جىنايى ئىشلار قانۇنىغا مۇناسىۋەتلىك تولۇقلىما خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ «جىنايى

ئىشلار قانۇنى» غا خىلاپلىق قىلغان جاۋابكارلىقى بارلارنى، يەنى جىنايەت سادىر قىلىپ، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارنى قانۇندىكى ئۆلچەم، تەرتىپ بويىچە جازالاشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ رېجىمغا ئېلىش، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش، مۇددەتلىك، مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆلۈم جازاسى قاتارلىق بەش خىل جازا ئۆلچىمىنى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا جەرىمانە قويۇش، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل يانداش جازانىمۇ يۈرگۈزىدۇ.

## 179. مەمۇرىي جەھەتتىن جازالاش دېگەن نېمە

مەمۇرىي جەھەتتىن جازالاش ـ ئالاھىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ قانۇن-نىزام ۋە قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغان، لېكىن جىنايى ئىشلار بويىچە جازا بېرىشكە توشمىغان ئادەم، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلارغا يولغا قويغان. مەمۇرىي «مەمۇرىي جازا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، مەمۇرىي جازانى يولغا قويۇشقا ھوقۇقلۇق تارماق مەمۇرىي جەھەتتىن جازالايدىغان ئورۇنلار بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ خىل تارماقلار قانۇن، مەمۇرىي قانۇن، يەرلىك قائىدە - تۈزۈم، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن جازالاش ھوقۇقى بولمايدۇ.

## 180. مەمۇرىي جازا بېرىش دېگەن نېمە، جازا بېرىشنىڭ شەكلى نەچچە خىل

مەمۇرىي جەھەتتىن جازا بېرىش دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە باشقا تارماق، ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى قاراشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە قانۇنغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلغانلارغا جازا بېرىشنى يولغا قويىدىغان بىر خىل جازا شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

مەمۇرىي جازا بېرىش سەككىز خىل بولىدۇ. يەنى ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش، خىزمەتتىنى بىكار قىلىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ۋە ئىشتىن ھەيدەش.

1. دۆلەت ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى، مال-مۈلكىنى بەلگىلىك زىيانغا ئۇچراتقان، بىراق داۋاملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە بولىدىغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ.

2. ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى زور زىيانغا ئۇچرىتىپ، ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىسە بولمايدىغانلارغا خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ياكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلىدۇ. ۋەزىپىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىلىدىغان ياكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلايدىغانلارغا دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ.

3. قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، قايتا-قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ياكى چۈشكۈنلىشىپ ئۆزگەرگەن، قۇتقۇزۇشقا بولمايدىغان، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرىدا داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە ماس كەلمەيدىغانلارغا ئىشتىن ھەيدەش جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم خادىملاردىن پۇشايمان قىلىپ، ئۆزگىرىش پۇرسىتى تەلەپ قىلغانلارغا يەڭگىل بىر تەرەپ قىلىش، ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ.

## 181. مەھسۇلات جاۋابكارلىقى ئەرزىنىڭ ۋاقىت چېكى چۈشەنچىسى دېگەن نېمە

ۋاقىت چېكى ئالاقىدار كىشىلەر خەلق سوت مەھكىمىسى ياكى كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرىغا ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان ئەرزى ياكى كېسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەقدارلىق ھەققىدىكى ئەرز-شىكايىتىنى كۆرسىتىدۇ. مانا شۇ ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ۋاقتى

ئىچىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. سوروك ۋاقتى ئىچىدە خەلق سوت مەھ-
كىمىسى ياكى كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرى دەۋاگەر تەلەپ قىلغان يوللۇق
تەلەپ ۋە ھوقۇقنى قوغدايدۇ. سوروك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، دەۋاگەر-
نىڭ قوغداش تەلەپ قىلىنغان ھوقۇقى قوغدالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا دەۋاگەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن،
دۆلەت سوروك ۋاقتىدىن روشەن ئۆتۈپ كەتمىگەن دېلو ياكى دەۋا-
گەر تەمىنلىگەن ئىسپاتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوروك ۋاقتى ئېشىپ كې-
تىش سەۋەبىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. بۇ چاغدا خەلق سوت مەھكىمىسى
ۋە كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرى دەۋاگەرنىڭ ئەرزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
ھوقۇق بەرسە، كېسىم قىلىش ئاپپاراتلىرىمۇ ھوقۇق بەرسە بولىدۇ.

## 182. مەھسۇلات سۈپىتى توغرىسىدىكى ھەق-تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى قايسىلار

«مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا مەھسۇلات سۈپىتى توغرىسىدىكى ھەق-تەلەپ دېلولىرى سادىر بولغاندا، دەۋالاشقۇچىلارنى كېلىشتۇرۇپ قويۇش ياكى مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. بۇنى دەۋالاشقۇچىلار خالىمىسا ياكى كېلىشتۈرۈش، مۇرەسسە قىلىش نەتىجىلىك بولمىسا، دەۋالاشقۇچىلار توختام تۈزگەندە پۈتۈشكىنى بويىچە كېسىم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ھەر قايسى تەرەپتە كېسىم كېلىشىمى شەكىللەنمىسە ياكى كېسىم قىلىش نەتىجىلىك بولمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ.

## 183. مەھسۇلات سۈپىتى توغرىسىدىكى ھەق-تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ تەرتىپلىرى قايسىلار

1. ئىلتىماس قىلىش. كېسىم ئاپپاراتلىرى دەۋاگەرنىڭ توختامدا پۈ-
تۈشكىنى بويىچە يازغان ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىدۇ. يازغان ئىلتىماسى-

غا دەۋا شەكىللەندۈرگەن تەرەپلەرنىڭ نامى، ئادرېسى، ئىلتىماس قىلىش سەۋەبى ۋە قانداق كېسىم چىقىرىش ھەققىدىكى تەلىپى يېزىلىدۇ. كېسىم ئاپپاراتلىرى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ كېسىم چىقىرىدۇ.

2. كېسىم چىقىرىش ئاپپاراتلىرى دەلىل ئىسپات ئالىدۇ ۋە دەلىللەيدۇ. شۇ ئارقىلىق تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويىدۇ.

## 184. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ھەققىدىكى كېسىم چىقىرىش پىرىنسىپى قايسى

مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ كېسىم چىقىرىش پائالىيىتى تۆۋەندىكى پىرىنسىپلارغا رىئايە قىلىدۇ:

1. دەلىل - ئىسپات ۋە پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت بولسۇن ياكى باشقا تۈردىكى مەھسۇلات، دەتالاش بولسۇن، تۈرلۈك ماجىرالارنى ھەل قىلىشتا مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك مەسىلىلەر كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، كېسىم قىلىشنىڭ جەريانى قىيىن، تېخنىكىلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پاكىتنى ئېنىق ئېلىپ، سان-سىپىرلارنى توغرا ئىگىلەپ، ئوبيېكتىپ ۋە سۈبيېكتىپ سەۋەبلەرنى ئېنىق ئايرىش ھەمدە ئۇنى قانۇن- نىزاملارغا توغرا تەتبىقلاپ ئەقىلگە مۇۋاپىق، قايىل قىلارلىق كېسىم قىلىش كېرەك.

2. ئادىل، باراۋەر بولۇش كېرەك. خىمىيەۋى ئوغۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىدىن شەكىللەنگەن ھەق-تەلەپ دېلولىرىنى ھەل قىلىش جەريانىدا دەۋالاشقان تەرەپلەر باراۋەرلىككە ئىگە گەۋدە بولۇشى كېرەك. تەرەپلەر قانۇنغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە تەڭ-باراۋەر ئورۇنغا ۋە ھوقۇق مەجبۇرىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. دەۋالاشقۇچىلار مەيلى كارخانا،

پۇقرالار بولسۇن ۋە ياكى مۇناسىۋەتلىك كوللېكتىپلار بولسۇن، ئوخشاش هوقۇقىقا ئىگە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بوي سۇنۇش بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، كېسىم ئاپپاراتلىرى تەكشۈرۈش، ماتېرىيال كۆرۈش ۋە دەسلەپكى ئىسپات ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دەلىل-ئىسپاتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىش ۋە مال-مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دەۋاگەرنىڭ يوللۇق تەلىپىگە ئاساسەن تەرەپلەرنىڭ هوقۇقىنى قوغداشتا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ.

3. قاراپ چىقىش تەرتىپىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. هەق-تەلەپ دېلولىرىغا قاراپ چىقىشتا ئاۋۋال دەۋالاشقۇچىلارغا كېسىم قىلىش بويىچە سوت ئېچىش ۋاقتى ۋە ئورنىنى ئۇقتۇرىدىغان ئۇقتۇرۇشنى قولغا يەتكۈزىدۇ. كېسىم قىلىش بويىچە ئېچىلغان سوتتىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ بايانى ۋە مۇنازىرىسىگە ئاساسەن، سوتتا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى قاتناشتۇرىدۇ. شۇ جەرياندا دەۋالاشقۇچىنىڭ ئەرزىگە قارىتا قايتا مۇرەسسە قىلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4. ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ كېسىم قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: كېسىم بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋە بىرلا قېتىم هۆكۈم چىقىرىلىدىغان خاراكتېرگە ئىگە. كېسىم نەتىجىسىگە قايىل بولمىغان تەرەپ يەنە بىر قېتىم كېسىم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلسا قوبۇل قىلىنمايدۇ. كېسىم نەتىجىسى قانۇن بويىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئىجراغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق ئىجرا قىلدۇرسا ۋە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرسا بولىدۇ.

## 185. ساغلاملىق ۋە بىخەتەرلىككە زىيان سالىدىغان مەهسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقانلارغا قارىتا «مەهسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا قانداق جازا بېرىش بەلگىلىمىلىرى بار

«مەهسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 49- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخە-

تەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ناھايىتى مۇھىم. دۆلەت ئۆلچىمى ۋە كەسپىي ساھە ئۆلچىمىگە ماس كەلمىگەن مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغان، ساتقان قىلمىشلارغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلاتلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلات (سېتىپ بولغان ياكى ساتمىغان مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىممىتىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قانۇنسىز ئېرىشكەن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ؛ جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

## 186. مەھسۇلاتقا ئارىلاشما، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرغان ۋە راست قىلىپ كۆرگۈزۈۋەتكەن مەھسۇلاتنى جازالاشتا «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا قانداق بەلگىلىمە بار

«مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 50- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: مەھسۇلاتقا ئارىلاشما، ساختا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرسا، ساختىنى راست ياكى لاياقەتسىز مەھسۇلاتنى لاياقەتلىك مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، بۇ خىل قىلمىش توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلاتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلات باھاسىنىڭ 50% ىدىن يۇقىرى، ئۈچ ھەسسە جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قانۇنسىز ئېرىشكەن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ؛ جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

## 187. ساختا مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارغان ئورۇننى جازالاشتا «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» دا قانداق بەلگىلىمە بار

«مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 53 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ساختا مەھسۇلاتنى ياسىغان ئورۇن، باشقىلارنىڭ زاۋۇت نامى، ئادرېسىنى يالغاندىن ياسىغان ياكى ئىشلىتىشكە ئۇرۇنغان، ئىپتىراپ قىلىنغان بەلگىنى يالغاندىن ياسىغان ياكى ئىشلىتىشكە ئۇرۇنغان ئورۇنلارغا قارىتا قانۇنغا خىلاپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلاتنى تۇزىتىش، مۇسادىرە قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ھەمدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان، ساتقان مەھسۇلات ئومۇمىي باھاسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قانۇنسىز ئېرىشكەن مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسى بىكار قىلىنىدۇ.

## 188. تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى بىكار قىلىش مەمۇرىي جازاسىغا قايسى ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ

«مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» نىڭ 70 ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى بىكار قىلىش مەمۇرىي جازاسىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بەلگىلەيدۇ. مەزكۇر قانۇننىڭ 49 ـ ماددىسىدىن 57 ـ ماددىسىغىچە، 60 ـ ماددىسىدىن 63 ـ ماددىسىغىچە بولغان مەزمۇنلىرىدا مەھسۇلات سۈپىتى نازارەتچىلىكى تارماقلىرى ياكى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى گۇۋۇيۈەن بەلگىلىگەن خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە مەمۇرىي جازا يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى بېكىتىلگەن. قانۇن، مەمۇرىي قانۇن ـ نىزاملار بويىچە

مەمۇرىي جازا بېرىش ھوقۇقى بولغان ئورگانلار قانۇندا ئايرىم بەلگە-لەنگەن، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ.

## 189. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا قانداق جازالىنىدۇ

ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بار تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنا-مىسىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلسا تۆۋەندىكىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

1. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەقلىد قىلىپ ياسىغان ياكى ساختا ئىسپات چىقارغان بولسا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سانائەت مەھ-سۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ 56- ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، كىنىشكا تارقىتىلغان مەھ-سۇلاتنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان تەكشۈرۈش ئاپپارات-لىرى تەكشۈرۈش يەكۈنىنى ئويدۇرۇپ چىقارسا ياكى يالغاندىن ئىسپات چىقارسا، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى تۈزىتىشنى بۇي-رۇيدۇ، ئورۇنغا 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. بىۋاسىتە مەسئۇل بولغۇچى ۋە باشقا مەسئۇل بولغان خادىملارغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەر-مانە قويۇلىدۇ. قانۇنسىز ئېرىشكەن تاپاۋىتى بولسا مۇسادىرە قىلىنىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ تەكشۈرۈش سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ. جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

2. تەكشۈرۈلىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجا-زەتنامىسىنىڭ مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلاتقا مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇ-

چىلار ياكى شۇ نام بىلەن تونۇشتۇرغان ياكى ياساشقا، سېتىشقا نازارەت قىلسا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ 57 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى، تەكشۈرۈش خادىملىرى تەكشۈرۈلىدىغان مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ياكى تەكشۈرۈلىدىغان مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلاتنى تونۇشتۇرۇش، ياكى ئۇستىدە تۇرۇپ ياستىش، سېتىش پائالىيىتىنى قىلغان بولسا، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئاساسلىق باشقۇرۇش تارماقلىرى 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ. قانۇنسىز تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولسا تەكشۈرۈش سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ.

3. تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ كارخانىلارنى قەستەن تەگقىسلىقتا قالدۇرغانلار «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ 58 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش خادىملىرى تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىلارنى تەگقىسلىقتا قالدۇرسا، سىياسەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. تۈزىتىشنى رەت قىلغانلارنىڭ تەكشۈرۈش سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ.

## 190. تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قايسى قىلمىشلىرى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى

تۆۋەندىكى قىلمىشلار ئېچىدىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىغا قارىتا جىنايى جاۋابكارلىق بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. بىرىنچى، تەكشۈرۈش نە- تىجىسىنى ئۆيدۇرۇپ چىقارسا؛ ئىككىنچى، يالغان ئىسپات بېرىپ بەرگەن بولسا؛ ئۈچىنچى، كارخانىنىڭ سودا مەخپىيەتلىكىنى ئاش- كارىلىغان بولسا.

## 191. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈش خادىملىرى مۇناسى- ۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلسا قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باش- قۇرۇش نىزامى» نىڭ 108- ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: تەكشۈ- رۈش خادىمىدا تۆۋەندىكى قىلمىشنىڭ بىرى سادىر بولسا، دۆلەتلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەكلىپ بېرىپ، مەملىكەت- لىك ئىجازەتنامە ئىشخانىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈش خادىملىق سالاھى- يىتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنى ئاساسلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا مەمۇرىي جەھەتتىن جازالاشقا يوللاپ بېرىدۇ. جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈ- رۈشتە قىلىدۇ.

بىرىنچى، تەكشۈرۈش خادىملىرى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپ- لىرىنىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلىپ، كارخانىلارنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرغان بولسا، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىت- تا تەكشۈرۈلگەن كارخانىلارغا ئالاقىدار گۇۋاھنامە كىنىشكىسىنى كۆر- سەتمىگەن بولسا؛ ئىككىنچى، تەكشۈرۈش خادىملىرى كارخانىلارغا نىسبەتەن نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كارخانىلارنى تەڭ- قىسلىقتا قويۇپ، مال-مۈلكىنى ئالغان، قوبۇل قىلغان، باشقا نامۇۋاپىق

مەنپەئەتنى كۆزلىگەن بولسا؛ ئۈچىنچى، ساختا ماتېرىيال يوللاش قاتار-لىق نامۇۋاپىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئې-رىشكەن بولسا؛ تۆتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازىتىدە ھەقلىق مەسلىھەت بەرگەن بولسا؛ بەشىنچى، دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغان قىلمىشلار بولسا.

## 192. كارخانىلار ئىزچىللاشتۇرىدىغان ئۆلچەملىك پىرىنسىپلار قايسى

كارخانىلار ئىزچىللاشتۇرىدىغان ئۆلچەملىك پىرىنسىپلاردىن تۆۋەن-دىكىلەر بار:

1. دۆلەت ئۆلچىمى، كەسپىي ساھە ئۆلچىمى ۋە يەرلىك ئۆلچەمدىكى مەجبۇرىي خاراكتېردىكى ئۆلچەمنى كارخانىلار قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك؛ مەجبۇرىي خاراكتېرلىك ئۆلچەمگە ماس كەلمىگەن مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش كېرەك.

2. دۆلەت كارخانىلارنىڭ تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئۆلچەمنى ئىشلىتىشىگە مەدەت بېرىدۇ. بىراق تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئۆلچەم-نى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

3. ئەنگە ئالدۇرغان كارخانا مەھسۇلات ئۆلچىمى ۋە باشقا ئۆلچەمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

4. خەلقئارا ئۆلچەم ۋە چەت ئەلنىڭ ئىلغار ئۆلچىمىنى پائال ئىشلىتىش كېرەك. دۆلەت ئۆلچىمى، كەسپىي ساھە ئۆلچىمى بولمىغان مەھسۇلات-نىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ناچار بولغان ئەھۋالدا، دۆلەت ئۆلچىمىدىن يۇ-قىرى بولغان كارخانا ئۆلچىمىنى بېكىتىش كېرەك. بۇنداق قىلىش خەلقئارا بازارغا كىرىپ، دۆلەت ۋە كارخانا ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پايدا يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش.

5. ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېخنىكا تەلىپىنى دۆلەتنىڭ بەلگى-لىمىسىنى ئاساس قىلىپ ئىجرا قىلىش كېرەك. كارخانىلار توختامدا

بەلگىلەنگەن تەلەپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللىشى كېرەك.

6. ئۆلچەمنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش كې- رەك. ئۆلچەمدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەم مەزمۇنى بويىچە كىرگۈزۈپ ئىش- لىتىلىدىغان ئۆلچەم، تېخنىكا تەلىپى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ، يۈرۈش- لەشتۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئاساسىي ئۆلچىمى، تەكشۈرۈش پىرىنسىپلىرى قاتارلىقلارنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.

## 193. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇر قويۇش بەلگىسى قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ

سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ بەلگى- سى، رولى ئاساسلىقى ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. بىرىنچى، بۇ مەھسۇلات سانائەت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن؛ ئىك- كىنچى، بۇ مەھسۇلاتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىشتا تەكشۈرۈلگەنلىكى؛ ئۈ- چىنچى، كارخانىلار بۇ مەھسۇلاتنىڭ مۇھىم سانائەت مەھسۇلات سۈپە- تىنىڭ بىخەتەرلىك تەلىپىنى بىلدۈرگەنلىكى، بۇ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئىجازەتنامە بەلگىسىنى پەرق ئېتىش ۋە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشقا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇشنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلى- مىلىرىگە ئاساسەن ئىجازەتنامىنىڭ نومۇرى خەنزۇ تىلىنىڭ تاۋۇشلارنى قوشۇپ يېزىشى بويىچە XK غا ئەرەبچە 10 خانىلىق سانىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىجازەتنامە نومۇرى تەشكىللىنىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە XK ئىجازەتكە ۋەكىللىك XKxx - xxx - xxxxx قىلىدۇ. ئالدىدىكى ئىككى خانا xx كەسىپكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسى- لەن، ئارىلاشتۇرۇلغان ئوغۇت، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ كەسىپ نومۇرى 13. xxxxx :كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

# توققۇزىنچى ئوغۇت مەھسۇلاتىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچىمى

## 194. ئاممونىي سۇلفات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB 535 ـ 1995.

2. ئاممونىي سۇلفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (1.9 ـ جەدۋەل).

**1.9 ـ جەدۋەل. ئاممونىي سۇلفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| سىرتقى كۆرۈنۈشى | | ئاق كىرىستال، كۆرۈنگۈدەك مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق | كۆرۈنگۈدەك مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق | كۆرۈنگۈدەك مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق |
| ئازوت مىقدارى % | $\leq$ | 21.0 | 21.0 | 20.5 |
| سۇ تەركىبى | $\geq$ | 0.2 | 0.3 | 1.0 |
| فوسفات كىسلاتا ئىيونى | $\leq$ | 0.03 | 0.05 | 0.20 |

## 195. ئورىيا

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى GB 2440 ـ 2001.

2. ئورىيانىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان تېخنىكا كۆرسەتكۈچى (2.9 ـ جەدۋەل).

2.9 - جەدۋەل

<table>
<tr><th rowspan="2" colspan="2">تۈرلەر</th><th rowspan="2">بەلگە</th><th colspan="3">كۆرسەتكۈچلىرى</th></tr>
<tr><th>ئەلا دەرىجىلىك</th><th>1 - دەرىجىلىك</th><th>لاياقەتلىك</th></tr>
<tr><td colspan="2">سىرتقى كۆرۈنۈشى</td><td></td><td colspan="3">ئاق ياكى سۇس رەڭلىك كىرىستال</td></tr>
<tr><td colspan="2">ئازوت مىقدارى (%)</td><td>≤</td><td>46.4</td><td>46.2</td><td>46.0</td></tr>
<tr><td colspan="2">بىئورېت تەركىبى</td><td>≥</td><td>0.9</td><td>1.0</td><td>1.5</td></tr>
<tr><td colspan="2">سۇ تەركىبى</td><td>≥</td><td>0.4</td><td>0.5</td><td>1.0</td></tr>
<tr><td colspan="2">مىتىل ئۇرۇكسانىك كىسلاتا</td><td>≥</td><td>0.6</td><td>0.6</td><td>0.6</td></tr>
<tr><td rowspan="4">دانچىنىڭ چوڭلۇقى (دىيامېتىر) مىللىمېتىر</td><td>2.80~ 0.85 ،(%)</td><td>≤</td><td rowspan="4">93</td><td rowspan="4">90</td><td rowspan="4">90</td></tr>
<tr><td>3.35~ 1.18 ،(%)</td><td>≤</td></tr>
<tr><td>4.75~ 2.00 ،(%)</td><td>≤</td></tr>
<tr><td>8.00~ 4.00 ،(%)</td><td>≤</td></tr>
</table>

ئىزاھات: ① ئەگەر ئۇرىيا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىدە فورمالىن قوشۇلمىسا، مىتىل ئۇرۇكسانىك كىسلاتانىڭ مىقدارىنى ئۆلچىمىسمۇ بولىدۇ. ② كۆرسەتكۈچتىكى دانچىنىڭ چوڭلۇقى يۇقىرىقى تۆت تۈرنىڭ بىرسىگە ماس كەلسىلا بولىدۇ، قېپىغا ئېنىق ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك.

## 196. ئاممونىي نىترات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: BG2945 - 89.

2. كىرىستال ھالەتتىكى ئاممونىي نىتراتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىشتىكى تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (3.9 - جەدۋەل).

**3.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 34.6 | | |
| ئەركىن سۇ تەركىبى | ≥ | 0.7 | 0.3 | 0.3 |
| كىسلاتالىق دەرىجىسى | | مېتىل ئۇرانژى ئىندىكاتورى قىزارمايدۇ | | |

ئىزاھات: ئەركىن سۇ تەركىبىدە زاۋۇتتىن چىققاندىكى تەكشۈرگىنى ئاساس قىلىنىدۇ.

3. دانچە ھالەتتىكى ئاممونىي نىتراتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىش-تىكى تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (4.9 ـ جەدۋەل).

**4.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| سىرتقى كۆرۈنۈشى | | كۆرۈنگۈدەك مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق | | |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 34.4 | 34.0 | |
| ئەركىن سۇ تەركىبى | ≥ | 0.6 | 1.0 | 1.5 |
| 10% لىك ئاممونىي نىترات ئېرىتمىسىنىڭ PH قىممىتى | ≤ | 5.0 | 4.0 | |
| مونەكلىششتىن ساقلى-غۇچى ماددىلار (%) | | 0.2～ 0.5 | – | |
| ھەر دانچىنىڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى | ≥ | 5 | 5 | 5 |
| دانچە چوڭلۇقى 2.8～ 1.0 | ≤ | 85 | 85 | 85 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| لىق mm) دانچىنىڭ (%) | | | | |
| چېچىلاڭغۇلىقى (%) | ≤ | 80 | 80 | – |

ئىزاھات: ① ئەركىن سۇ تەركىبىدە زاۋۇتتىن چىققاندىكى تەكشۈرگىنى ئا-ساس قىلىنىدۇ. ② يىغىندىن چىققان مونەكلىششتىن ساقلىغۇچى ماددىلارنى قوشۇشقا بولىدۇ، بىراق بۇ ماددىلار دۆلەتلىك ئۇغۇت ۋە تۇپراق تەڭشىگۈچنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تېخنىكىسى كومىتېتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك.

## 197. ئاممونىي خىلور

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB2946 − 92.

2. ئاممونىي خىلورنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (5.9 ـ جەدۋەل).

**5.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 25.4 | 25.0 | 25.0 |
| سۇ تەركىبى | ≥ | 0.5 | 0.7 | 1.0 |
| ناترىي تۇزى مىقدارى | ≥ | 0.8 | 1.0 | 1.4 |
| دانچە چوڭلۇقى 1.0～2.8mm) لىق دانچىنىڭ (%) | ≤ | 75 | – | – |
| چېچىلاڭغۇلىقى (%) | ≤ | 75 | – | – |

ئىزاھات: ① سۇ تەركىبىدە زاۋۇتتىن چىققاندا تەكشۈرۈلگىنى ئاساس قىلىنىدۇ. كىرىستال شەكىللىك مەھسۇلاتلارغا مونەكلىششتىن ساقلىغۇچ قوشۇلۇشى كېرەك. ② كىرىستال شەكىللىك مەھسۇلاتلارنىڭ دانچە چوڭلۇقى ۋە چېچىلاڭغۇلىقىغا چەك قويۇلمايدۇ. ③ چېچىلاڭغۇلىقى نازارەت قىلىپ، نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرىدىغان تۈر بولۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تەكشۈرۈلىدۇ ۋە زاۋۇتتىن چىققاندىكى تەكشۈرۈش ئاساس بولىدۇ، بىراق ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلار چوقۇم ھەر بىر تۈركۈم مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## 198. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاممونىي ھىدرو كاربونات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB3559 - 2001.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: ئاق رەڭلىك ياكى سۇس رەڭلىك كىرىستال.

3. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاممونىي ھىدرو كاربوناتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (6.9 - جەدۋەل).

**6.9 - جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | ئاممونىي ھىدرو كاربونات | | | قۇرۇق ئاممونىي ھىدرو كاربونات |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 - دەرىجىلىك | لاياقەتلىك | |
| ئازوت (%) | ≤ | 17.2 | 17.1 | 16.8 | 17.5 |
| سۇ تەركىبى | ≥ | 3.0 | 3.5 | 5.0 | 0.5 |

ئىزاھات: ئەلا دەرىجىلىك ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلاتقا چوقۇم خۇرۇچ قوشۇلۇشى كېرەك.

## 199. دانچە ھالەتتىكى كالتسىي دىفوسفات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: HG2219 - 91.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: كۈل رەڭلىك دانچە.

3. دانچە ھالەتتىكى كالتسىي دىفوسفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (7.9 ـ جەدۋەل).

**7.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| ئومۇمىي فوسفور (V) ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 47.0 | 44.0 | 40.0 |
| ئۈنۈملۈك فوسفور (V) ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 46.0 | 42.0 | 38.0 |
| كىسلاتا ئىيون مىقدارى (%) | ≥ | 4.5 | 5.0 | 5.0 |
| ئەركىن سۇ مىقدارى (%) | ≥ | 3.5 | 4.0 | 5.0 |
| دانچە چوڭلۇقى (%)(1 ~ 4mm) | ≤ | 90 | 90 | 85 |
| ھەر دانچىنىڭ بېسىمغا قارشى تۇرۇش كۈچى | ≤ | 12 | 10 | 8 |

## 200. كالتسىي ـ ماگنىي ـ فوسفورلۇق ئوغۇت

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: HG2557 − 94.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: چار رەڭلىك، سۇر يېشىل رەڭلىك ياكى قارامتۇل كۈل رەڭ تالقان.

3. كالتسىي ـ ماگنىي ـ فوسفورلۇق ئوغۇتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (8.9 ـ جەدۋەل)

**8.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| ئۈنۈملۈك فوسفور (V) ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 18.0 | 15.0 | 12. |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 0.5 | 0.5 | 0.5 |
| ئىشقار تەركىبى (%) | ≤ | 45.0 | | |
| ئېرىشچان كىرېمنىي تەركىبى (%) | ≤ | 20.0 | | |
| ئۈنۈملۈك ماگنىي تەركىبى (%) | ≤ | 12.0 | | |
| ئىنچىكىلىكى (%) | ≤ | | 80 | |

ئىزاھات: ئەگەر خېرىدار تەلەپ قىلمىسا، ئىشلەپچىقارغان زاۋۇت ئەلا دەرىجىلىك مەھسۇلاتتىكى ئىشقار تەركىبى، ئېرىشچان كىرېمنىي تەركىبى ۋە ئۈنۈملۈك ماگنىي تەركىبىنى تەكشۈرمىسىمۇ بولىدۇ.

## 201. كالتسىي ـ ماگنىي ـ فوسفور ـ كالىيلىق ئوغۇت

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: HG2598 ـ 94.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: كالتسىي ـ ماگنىي ـ فوسفور ـ كالىيلىق

ئوغۇت چار رەڭلىك، سۇر يېشىل رەڭلىك ياكى قارامتۇل كۆل رەڭ تالقان ھالەتتە بولىدۇ.

3. كالتسىي - ماگنىي - فوسفور - كالىيلىق ئوغۇتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (9.9 - جەدۋەل).

**9.9 - جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | |
|---|---|---|---|
| | | 1 - دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى (%) | ≤ | 15.0 | 13.0 |
| ئۈنۈملۈك كالىي مىقدارى (%) | ≤ | 2.0 | 1 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 0.5 | 0.5 |
| ئىنچىكىلىكى (%) | ≤ | 8 | 80 |

## 202. كالتسىي سۇپېر فوسفات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: HG2740 - 95.
2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: رەڭلىك بوش ھالەتتىكى ماددا.
3. كالتسىي سۇپېر فوسفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (10.9 - جەدۋەل).

**10.9 - جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 - دەرىجىلىك | لاياقەتلىك | |
| | | | | I | II |
| ئۈنۈملۈك فوسفور (V) ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 18.0 | 16.0 | 14.0 | 12.0 |
| فوسفات كىسلاتا ئىيونى (%) | ≥ | 5.0 | 5.5 | 5.5 | 5.5 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 12.0 | 14.0 | 14.0 | 15.0 |

## 203. كالىي خىلور

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB6549 - 1996.
2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: ئاق ياكى قىزغۇچ كىرىستال.
3. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان كالىي خىلورنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (11.9 - جەدۋەل).

11.9 - جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1- دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| كالىي ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 60 | 57 | 54 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 6 | 6 | 6 |

ئىزاھات: سۇ تەركىبىدىن باشقىسى قۇرۇق ئاساستا ھېسابلىنىدۇ.

## 204. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان كالىي سۇلفات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: ZGB21006 - 89.
2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: ئاق رەڭلىك ياكى رەڭلىك كىرىستال ۋە ياكى دانچە.
3. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان كالىي سۇلفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (12.9 - جەدۋەل).

12.9 - جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1- دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| كالىي ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 50.0 | 45.0 | 33.0 |
| خىلور مىقدارى (%) | ≥ | 1.5 | 2.5 | – |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 1.0 | 3.0 | 5.0 |
| سۇلفات كىسلاتا ئىيونى (%) | ≥ | 0.5 | 3.0 | – |
| ئىشقارلىق دەرىجىسى (%) | ≥ | – | – | 1.0 |

ئىزاھات: لاياقەتلىك مەھسۇلات دېگەندە پەقەت زەمچىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ ئىسسىقلىقتا پارچىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان كالىي سۇلفات يېرىك تۇزىنى كۆرسىتىدۇ.

## 205. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دانچە ھالەتتىكى، خورۇچنى قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلىدا ئىشلەنگەن دانچە ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد ۋە ئاممونىي دىفوسفات، تالقان ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد

1. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دانچە ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد ۋە ئاممونىي دىفوسفات.

(1) ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: BG10205 - 2001.

(2) سىرتقى كۆرۈنۈشى: دانچە ھالەتتە بولۇپ، مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق.

(3) ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن دانچە ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد ۋە ئاممونىي دىفوسفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (13.9 ـ جەدۋەل).

**13.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | ئاممونىي فوسفىد | | | ئاممونىي دىفوسفات | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا 12~52~0 | 1ـ دەرىجە 11~49~0 | لاياقەتلىك 10~46~0 | ئەلا 18~46~0 | 1ـ دەرىجە 15~42~0 | لاياقەتلىك 13~38~0 |
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى (%) | ≤ | 64.0 | 60.0 | 56.0 | 64.0 | 57.0 | 51.0 |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 11.0 | 10.0 | 9.0 | 17.0 | 14.0 | 12.0 |
| ئۈنۈملۈك فوسفور (%) | ≤ | 51.0 | 48.0 | 45.0 | 45.0 | 41.0 | 37.0 |
| ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى (%) | ≤ | 90 | 85 | 80 | 90 | 85 | 80 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 2.0 | 2.0 | 2.5 | 2.0 | 2.0 | 2.5 |
| دانچە چوڭلۇقى (%)(1~ 4mm) | ≤ | 90 | 80 | 80 | 90 | 80 | 80 |

2. خۇرۇچنى قويۇلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەنگەن دانچە ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد ۋە ئاممونىي دىفوسفات.

(1) ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: BG10205-2001.

(2) سىرتقى كۆرۈنۈشى: دانچە ھالەتتە بولۇپ، مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق.

(3) خۇرۇچنى قويۇلدۇرۇش ئۇسۇلىدا ئىشلەنگەن دانچە ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد ۋە ئاممونىي دىفوسفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (14.9 ـ جەدۋەل).

**14.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | ئاممونىي فوسفىد | | | ئاممونىي دىفوسفات | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا 11~ 47~ 0 | 1ـ دەرىجە 11~ 44~ 0 | لاياقەتلىك 10~ 42~ 0 | 1ـ دەرىجە 15~ 42~ 0 | لاياقەتلىك 13~ 38~ 0 |
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى (%) | ≤ | 58.0 | 5.0 | 52.0 | 57.0 | 51.0 |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 10.0 | 10.0 | 9.0 | 14.0 | 12.0 |
| ئۈنۈملۈك فوسفور (%) | ≤ | 46.0 | 43.0 | 41.0 | 41.0 | 37.0 |
| ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى (%) | ≤ | 80 | 75 | 70 | 75 | 70 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 2.0 | 2.0 | 2.5 | 2.0 | 2.5 |
| دانچە چوڭلۇقى (%)(1~ 4mm) | ≤ | 90 | 80 | 80 | 80 | 80 |

3. تالقان ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىد

(1) ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB10205 - 2001.

(2) سىرتقى كۆرۈنۈشى: تالقان ھالەتتە بولۇپ، كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە مونەكلىششۇالمىغان، مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق.

(3) تالقان ھالەتتىكى ئاممونىي فوسفىدنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (15.9 - جەدۋەل).

**15.9 - جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | I | | II | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا<br>9~ 49~ 0 | 1- دەرىجە<br>8~ 47~ 0 | ئەلا<br>11~ 47~ 0 | 1- دەرىجە<br>11~ 44~ 0 | لاياقەتلىك<br>10~ 42~ 0 |
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى (%) | ≤ | 58.0 | 55.0 | 58.0 | 55.0 | 52.0 |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 8.0 | 7.0 | 10.0 | 10.0 | 9.0 |
| ئۈنۈملۈك فوسفور (%) | ≤ | 48.0 | 46.0 | 46.0 | 43.0 | 41.0 |
| ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى (%) | ≤ | 90 | 85 | 80 | 75 | 70 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 4.0 | 5.0 | 3.0 | 4.0 | 5.0 |

## 206. فوسفور نىترات ئوغۇتى

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB/T10510 - 1998.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: ئاچ كۈل رەڭ ياكى سۇت رەڭلىك دانچە.

3. فوسفور نىترات ئوغۇتىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچ-

لىرى (16.9 ـ جەدۋەل).

**16.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئەلا دەرىجىلىك | 1 ـ دەرىجە | لاياقەتلىك |
| ئومۇمىي ئازوت مىقدارى (%) | ≤ | 27.0 | 26.0 | 25.0 |
| ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى (%) | ≤ | 13.5 | 11.0 | 10.0 |
| ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى (%) | ≤ | 70 | 55 | 40 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 0.6 | 1.0 | 1.2 |
| دانچە چوڭلۇقى (%) (1~ 4mm) | ≤ | 95 | 85 | 80 |
| ھەر بىر دانچىنىڭ بېسىمغا قارشى تۇرۇش كۈچى | ≤ | 50 | 40 | 30 |

## 207. كالىي دىھىدرو فوسفات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: HG2321 – 92.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: ئاق رەڭلىك كىرىستال ياكى تالقان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان كالىي دىھىدروفوسفات سەل رەڭلىك بولسىمۇ بولىدۇ.

3. كالىي دىھىدروفوسفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (17.9 ـ جەدۋەل).

17.9 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | |
|---|---|---|---|
| | | 1 ـ دەرىجىلىك | لاياقەتلىك |
| كالىي دىھىدروفوسفات مىقدارى (%) | ≤ | 96.0 | 92.0 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 4.0 | 5.0 |
| pH قىممىتى | | 4.7～4.3 | |
| كالىي ئوكسىد مىقدارى (%) | ≤ | 33.2 | 31.8 |

# 208. كومپلېكس ئوغۇت (بىرىكمە ئوغۇت)

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB15063 － 2001.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: دانچە شەكىللىك، ئۇزۇنچاق ياكى ياپىلاق بولۇپ، مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق.

3. كومپلېكس ئوغۇت (بىرىكمە ئوغۇت) نىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (18.9 ـ جەدۋەل).

17.9 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | يۇقىرى قويۇقلۇق | ئوتتۇرا قويۇقلۇق | تۆۋەن قويۇقلۇق |
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى (%) | ≤ | 4.0 | 30.0 | 25.0 |
| ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى (%) | ≤ | 70 | 50 | 40 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 2.0 | 2.5 | 5.0 |
| دانچە چوڭلۇقى (1.0～4.75mm ياكى (3.35～5.60mm)(%) | ≤ | 90 | 90 | 80 |
| خىلور ئىيونى (%) | ≥ | | 3.0 | |

ئىزاھات: ① مەھسۇلات تەركىبىدىكى ھەرقانداق بىر ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ تەركىبى 4.0% تىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ كۆرسىتىلگەن ئۆلچەم بىلەن بولغان مۇتلەق پەرقى 1.5% تىن يۇقىرى بولسا بولمايدۇ. ② كالتسىي - ماگنىي - فوسفورلۇق ئوغۇت قاتارلىق لىمون كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلغان فوسفورلۇق ئوغۇتلار ۋە قېپىغا «لىمون كىسلاتاسىدا ئېرىيدىغان فوسفور» دەپ بەلگە سېلىنغانلىرىغا نىسبەتەن ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى دېگەن كۆرسەتكۈچكە چەك قويىمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئازوت، كالىي، ئىككى ئېلېمېنتلىق كالىيلىق ئوغۇت بولسىمۇ ئېرىشچان فوسفورنىڭ ئۈنۈملۈك فوسفوردىكى نىسبىتى دېگەن كۆرسەتكۈچكە چەك قويىمىسىمۇ بولىدۇ. ③ ئەگەر مەھسۇلاتتىكى خىلور ئىيونىنىڭ مىقدارى 3% تىن يۇقىرى بولسا ھەم قېپىغا «خىلورلۇق» دەپ ئەسكەرتىلگەن بولسا، بۇ تۈرنى تەكشۈرمىسىمۇ بولىدۇ. قېپىغا «خىلورلۇق» دەپ ئەسكەرتىلمىگەنلىرىنىڭ خىلور ئىيونىنىڭ مىقدارىنى چوقۇم تەكشۈرۈش كېرەك.

## 209. ئورگانىك - ئانىيورگانىك ئارىلاشما ئوغۇت

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB18877 − 2002.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: دانچە ياكى ئۇزۇنچاق بولۇپ مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق.

3. ئورگانىك - ئانىيورگانىك ئارىلاشما ئوغۇتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (19.9 - جەدۋەل).

19.9 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچى |
|---|---|---|
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق مىقدارى (%) | $\leq$ | 15.0 |
| سۇ تەركىبى (%) | $\geq$ | 10.0 |
| ئورگانىك ماددىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\leq$ | 20 |
| دانچە چوڭلۇقى (4.75 ~1.0 ياكى 5.60 ~ 3.35)(%) | $\leq$ | 70 |
| pH قىممىتى | | 8.0~ 5.5 |
| مەددە قۇرت تۇخۇمىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى (%) | $\leq$ | 95 |
| چوڭ ئۈچەي باكتېرىيەسى ئىندېكسى | $\leq$ | $10^{-1}$ |
| خىلور ئىيونىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\geq$ | 3.0 |
| ئارسېن ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\geq$ | 0.0050 |
| كادمىي ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\geq$ | 0.0010 |
| قوغۇشۇن ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\geq$ | 0.0150 |
| خىروم ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\geq$ | 0.0500 |
| سىماب ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ ماسسا نىسبىتى (%) | $\geq$ | 0.0005 |

ئىزاھات: ① مەھسۇلات تەركىبىدىكى ھەرقانداق بىر ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ تەركىبى 2.0% تىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئوزۇقلۇق ماددىنىڭ كۆرستىلگەن ئۆلچەم بىلەن بولغان مۇتلەق پەرقى 1.0% تىن يۇقىرى بولسا بولمايدۇ. ② ئەگەر مەھسۇلاتتىكى خىلور ئىيونىنىڭ مىقدارى 3% تىن يۇقىرى بولسا ھەم قېپىغا «خىلورلۇق»دەپ ئەسكەرتىلگەن بولسا، بۇ تۈرنى تەكشۈرمىسىمۇ بولىدۇ.

# 210. ئامموننىي كىسلاتالىق يوپۇرماق ئوغۇتى

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB/T17419—1998.

2. ئامموننىي كىسلاتالىق يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (20.9 ـ جەدۋەل).

**20.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئېچىتقۇنى | خىمىيەلىك ئېرىتكىنى |
| ئامموننىي كىسلاتا مىقدارى (%) | | ≤ | 8.0 | 10.0 |
| مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار مىقدارى (%) | | ≤ | 2.0 | |
| سۇدا ئېرىمەيدىغان ماددا (%) | | ≥ | 5.0 | |
| pH قىممىتى | | | 3.5 ~ 8.0 | |
| زىيانلىق ئېلېمېنتلار | ئارسېن (%) | ≥ | 0.002 | |
| | كادمىي (%) | ≥ | 0.002 | |
| | قوغۇشۇن (%) | ≥ | 0.01 | |

ئىزاھات: ① ئامموننىي كىسلاتا مىكرو ئورگانىزمدا ئېچىتقۇنى ۋە خىمىيەلىك ھالدا سۇدا ئېرىتكىنى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، مەھسۇلاتنىڭ تۈرى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە ئاساسەن ئايرىلىدۇ. ② مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار مولىبدېن، بور، مانگان، سىنك، مىس، تۆمۈر قاتارلىق ئالتە خىل ماددا ئىچىدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماددا تەركىبى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مىقدارى 0.2% تىن ئاز بولسا ھېسابلانمايدۇ.

# 211. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلىق يوپۇرماق ئوغۇتى

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: GB/T17420—1998.

2. مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلىق يوپۇرماق ئوغۇتىنىڭ تېخنىكىلىق

كۆرسەتكۈچلىرى (21.9 ـ جەدۋەل).

**21.9** ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | |
|---|---|---|---|
| | | قاتتىق | سۇيۇق |
| مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار مىقدارى (%) | ≤ | 10.0 | |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 5.0 | – |
| سۇدا ئېرىمەيدىغان ماددا (%) | ≥ | 5.0 | |
| pH قىممىتى | | 5.0～8.0 | ≥3.0 |
| زىيانلىق ئېلېمېنتلار: ئارسېن (%) | ≥ | 0.002 | |
| زىيانلىق ئېلېمېنتلار: كادمىي (%) | ≥ | 0.002 | |
| زىيانلىق ئېلېمېنتلار: قوغۇشۇن (%) | ≥ | 0.01 | |

ئىزاھات: مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار مولىبدېن، بور، مانگان، سىنىك، مىس، تۆمۈر قاتارلىق ئالتە خىل ماددا ئىچىدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماددا تەركىبى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، مىقدارى 0.2% تىن ئاز بولسا ھېسابلانمايدۇ.

## 212. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سىنىك سۇلفات

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: HG3277—2000.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: ئاق ياكى سەل سېرىق تالقان ياكى كرىستال.

3. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سىنىك سۇلفاتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (22.9 ـ جەدۋەل).

22.9 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | كۆرسەتكۈچلىرى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | $ZnSO_4 \cdot H_2O$ | | | $ZnSO_4 \cdot 7H_2O$ | | |
| | | ئەلا دەرىجە | 1 ـ دەرىجە | لاياقەتلىك | ئەلا دەرىجە | 1 ـ دەرىجە | لاياقەتلىك |
| سىنك مىقدارى (%) | ≤ | 35.3 | 33.8 | 32.3 | 22.0 | 21.0 | 20.0 |
| فوسفات ئىيونى مىقدارى (%) | ≥ | 0.1 | 0.2 | 0.3 | 0.1 | 0.2 | 0.3 |
| قوغۇشۇن مىقدارى (%) | ≥ | 0.002 | 0.005 | 0.010 | 0.002 | 0.005 | 0.010 |
| كادمىي مىقدارى (%) | ≥ | 0.002 | 0.003 | 0.005 | 0.002 | 0.002 | 0.003 |
| ئارسېن مىقدارى (%) | ≥ | 0.002 | 0.005 | 0.010 | 0.002 | 0.005 | 0.007 |

# 213. ناترىيلىق چىرىندى كىسلاتاسى

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: ZBG21005-87.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: قارا رەڭلىك دانچە ياكى تالقان.

3. ناترىيلىق چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (23.9 ـ جەدۋەل).

**23.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | بەلگە | 1 ـ دەرىجىلىك | 2 ـ دەرىجىلىك | 3 ـ دەرىجىلىك |
|---|---|---|---|---|
| چىرىندى كىسلاتا مىقدارى (%) | ≤ | 70 | 55 | 40 |
| سۇ تەركىبى (%) | ≥ | 10 | 15 | 15 |
| pH قىممىتى | | 9.5~ 8.0 | 11.0~ 9.0 | 11.0~ 9.0 |
| كۆيگەن قالدۇقى (%) | ≥ | 20 | 30 | 40 |
| سۇدا ئېرىمەيدىغان ماددا (%) | ≥ | 10 | 20 | 25 |

# 214. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: NY227-94.

2. مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (24.9 ـ جەدۋەل).

24.9 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | بەلگە | سۇيۇقلۇق | قاتتىق | دانچە |
|---|---|---|---|---|
| سىرتقى كۆرۈنىشى | | سىپسىق ياكى باشقىچە پۇرىقى يوق | قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك ياكى قوڭۇر رەڭلىك تالقان، نەم ۋە بوش | قوڭۇر رەڭلىك دانچە |
| ئۈنۈملۈك تىرىك باكتېرىيە سانى (يۈز مىليون /ml) | | | | |
| يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيەسى ئوغۇتى | | | | |
| ئاستا ئۆسىدىغان يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيەسى | $\le$ | 1 | 1 | 1 |
| تېز ئۆسىدىغان يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيەسى | $\le$ | 10 | 2 | 1 |
| ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيە ئوغۇتى | $\le$ | 5 | 1 | 1 |
| سىلىكاتلىق باكتېرىيە ئوغۇتى | $\le$ | 10 | 2 | 1 |
| فوسفور باكتېرىيە ئوغۇتى | | | | |
| ئورگانىك فوسفور باكتېرىيەسى | $\le$ | 5 | 1 | 1 |
| ئانئورگانىك فوسفور باكتېرىيەسى | $\le$ | 15 | 3 | 2 |
| مۇرەككەپ مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇت | $\le$ | 10 | 2 | 1 |
| سۇ تەركىبى (%) | | – | 30~ 20 | 10 |
| دانچە ئىنچىكىلىكى (mm) | | | 0.18 | 2.5~4.5 |
| ئورگانىك ماددا (%) | $\le$ | | 20 | 25 |
| pH قىممىتى | | 5.5~ 7.0 | 6.0~ 7.5 | 6.0~ 7.5 |
| ئارىلاشما باكتېرىيە (%) | $\ge$ | 5 | 15 | 20 |
| ئۈنۈملۈك مۇددىتى | | 6 ئايدىن تۆۋەن بولسا بولمايدۇ | | |

ئىزاھات: مەھسۇلاتتا كۆرسىتىلگەن ئۈنۈملۈك ۋاقتى ئىچىدە ئۈنۈملۈك تىرىك باكتېرىيە سانى كۆرسەتكۈچ تەلپىگە يېتىشى كېرەك، زاۋۇتتىن چىققاندىكى ئۈنۈملۈك تىرىك باكتېرىيە سانى چوقۇم كۆرسەتكۈچتىن 30% تىن يۇقىرى دەرىجىدە كۆپ بولۇشى كېرەك.

3. تەييار بولغان مىكرو ئورگانىزملىق ئوغۇتنىڭ زىيانسىزلاندۇرۇش كۆرسەتكۈچلىرى (25.9 ـ جەدۋەل).

**25.9 ـ جەدۋەل**

| № | پارامېتىرى | بىرلىكى | ئۆلچەم چېكى |
|---|---|---|---|
| 1 | مەددە قۇرت تۇخۇمىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى | (%) | 100~ 95 |
| 2 | چوڭ ئۈچەي باكتېرىيەسى ئىندېكسى | | $10^{-1}$ |
| 3 | سىماب ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى | mg/kg | 5≥ |
| 4 | كادمىي ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى | mg/kg | 3≥ |
| 5 | خىروم ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى | mg/kg | 10≥ |
| 6 | ئارسېن ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى | mg/kg | 30≥ |
| 7 | قوغۇشۇن ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرى | mg/kg | 60≥ |

## 215. ئورگانىك ئوغۇت

1. ئۆلچەم ۋاكالەت نومۇرى: NY525–2002.

2. سىرتقى كۆرۈنۈشى: قوڭۇر رەڭلىك ياكى قارا قوڭۇر رەڭلىك دانچە ياكى تالقان بولۇپ، مېخانىكىلىق ئەخلەت يوق، سېسىق پۇرىقى يوق.

3. ئورگانىك ئوغۇتنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىرى (26.9 ـ جەدۋەل).

**26.9 ـ جەدۋەل**

| تۈرلەر | كۆرسەتكۈچى |
|---|---|
| ئورگانىك ماددا مىقدارى (%) | 30≤ |
| ئومۇمىي ئوزۇقلۇق تەركىبى (%) | 4.0≤ |
| سۇ تەركىبى (%) | 20≥ |
| pH قىممىتى | 5.5~ 8.0 |

策　　划：莫合台江·喀热
组　　稿：依不拉音·色满
阿不来提·居吗　土普热克
责任编辑：热依汗·那斯尔
责任校对：努里曼·卡德尔
封面设计：海米旦·塞达力木

**化肥使用方法**（维吾尔文）

多力坤·艾克木　编

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐市隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　8.375印张　插页2
2011年1月第1版　2011年1月第1次印刷
印数：1—3000册
ISBN 978-7-5466-0646-0(民文)　定价：26.00元




ISBN 978-7-5466-0646-0
9 787546 606460 >
定价：26.00元